# TANGRITAG



ئىمىن ئەھمىدى بىلەن
ئوسمانجان ساۋۇت ماقالىلىرى

2000.4

天尔塔格

# تەڭرىتاغ

ISSN 1004-1745



## ...ي قىسمىنى ئېچىش»تىكى ئەزىمەتلەر

سۇلايمان ئابدۇللا 1974 - يىلى 7 - ئايدا قىسمدىن چېكىنىپ، مەلۇم بىر ئۆلكە - باغ ... خىزمەتكە چۈشتى. ئۇ، بۇ ئادەمنى ئىش ئورنىنى تېزدىن سىڭدۈرۈپ، كەسپىي خىزمەتلەرنى ... ئىگىلىۋالدى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بېجىرىدىغان قىلدى. كېيىن تەشكىل ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ... نەتىجىلىرىگە ئاساسەن بەش يىل خىزمەت ... يولىدى. 1995 - يىلى 10 - ئايدا ... ئىلىي(؟) شەھەرلىك ئالاقىلىق ئىدارىسى پارتكوم سېكرېتارلىقى ... ئىدارىنىڭ ... باشلىقلىقىغا ئۆستۈردى.

خىزمەتتىكى 20 يىللىق قىسقىچە مۇساپە ... كېچىلەرگەن سۇلايمان ئابدۇللا بۇ ... يىل ... بولغاندىن كېيىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ... ئىشەنچلىك ... بىرلىك ... قىلدى. ئىدارە ... كۆپ ... ئىشلەش ... ئارقىلىق ... ئىشلىرىنى ... بولدى.

ئۇ خىزمەتتىكى ... ھەر ... ۋە ... ئاق ... خىزمەتچى ... مەلۇم ... ئالدى ... خىزمەتتىكى ... ئاشۇرۇلدى.

1998 - يىلى 7 - ئايدا تەشكىل ئۇنى مەركىزىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ... قىسمى ... پارتكومىنىڭ ... ئۇيۇشمىسىغا، ... قىلىپ ... قويۇلدى.

سۇلايمان ئابدۇللا ... كېيىن مەركىزىنىڭ ... قىسمىنى ئېچىش ... ئاتلىنىپ ... خىزمەتچىلەرنى ... قىلىپ، ... باشلاپ ... تىرىشىۋاتىدۇ.

باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا
قانۇن مەسلىھەتچىمىز: ئابلىمىت رەھىم

2000.4

دەۋىر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

تەھرىر ھەيئەتلەر:

ئازات سۇلتان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەخمەت ئىمىن، ئەكبەر ئېلى، ئىمىن ئەھمىدى، بوغدا ئابدۇللا، مۇرات مەتنىياز، مۇختار مەخسۇت، مۇھەممەت پولات، غوپۇر نۇر، ھاجى قۇتلۇق قادىرى، ئوسمانجان ساۋۇت

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

E-mail:tangri@mail.wlxj.cn

# مۇندەرىجە

## چولپان

جاپالىق دۇنياۋى رېكورت مۇساپىسى ( ئەدەبىي ئاخبارات)...... ئەركىن نۇر، ئىمىرھەسەن ماخمۇت (4)

## گېزلىنىش، سىناق، يېگىلىق

دۇمن جىيۇن، ئەخمەتجان تۇرۇپ، ئابدۇرېشىت سۇلايمان، ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم، ھۆرىيەت مۇھەممەت، نۇرشات مەمتىلى، ئېزىز نامان ............................................ (66)

## ھېكايىلەر

ياتلىق بولۇش ............................................ ئابلەت قۇربان (76)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر
مۇھەررىرلەر: ئەكبەر سالىھ
سەنەۋەر ئۆمەر
ئالىم خالىدىن
ئىمىرھەسەن مەخمۇت
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت
گۈزەل - سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ
تارقىتىش خادىمى: ئىمىرھەسەن ماخمۇت

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال) ئومۇمىي 81 - سان

## ماگنا ئەسىر كۆرسەتكەن كىتابلار

مەن ئوقۇغان كىتابلار ............................................ ئوسمانجان ساۋۇت (81)

## ماقالىلەر

قۇملۇقتىكى پەلسەپە ۋە بوستانلىقتىكى شېئىر ............................ ئىمىن ئەھمىدى (92)
ئادەمدىن خۇداغىچە ........................................ ئىبراھىم ھەققۇلۇف (98)

## مەخپىي خاتىرىلەر

تۇنجى مۇھەببەت زەربىسى ................................................ ئايپەرى (73)

ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
(782 - خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65—1012/1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 - 52
پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن

# جاپالىق دۇنياۋى رېكورد مۇساپىسى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئەركىن نۇر، ئىمىرھەسەن ماخمۇت




## مۇقەددىمە ئورنىدا

ئىنسانىيەت بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ، كىشىلەر بارلىق مۇمكىنسىزلىكلەرگە ۋە ئۆز ئىقتىدارىغا جەڭ ئېلان قىلىپ كەلدى. دۇنيا جىننىس رېكورتى مۇشۇ خىل جەڭ ئېلان قىلىش ۋە «مۇمكىنسىزلىك» لەرنىڭ خاتىرىسى.

«دۇنيادىكى ئەڭ» بويىچە جىننىس رېكورتى ۋە مۆجىزىلىرى يارىتىشقا بارلىق مىللەتلەرنىڭ، بارلىق خەلقلەرنىڭ قاتنىشىش مەجبۇرىيىتى بار. ھالبۇكى، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان تەبىئەت بىلەن قەيسىرانە ئېلىشىپ كەلگەن، بەدىنى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە نىسبەتەن قۇۋۋەتلىك ۋە خېلىلا سۈپەتلىك بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارىسىدىن دۇنيا جىننىس رېكورتى مۆجىزىسىنى ياراتقان بىر كىشىنىڭ چىقماسلىقى، نومۇسلۇق بىر ئىش ئىدى. 1997 - يىلى ئادىل ھوشۇر كانادالىق كوچرائىن ياراتقان جىننىس رېكورتىنى نەچچە قاتلاپ بۇزۇپ تاشلاش ئارقىلىق تۇنجى قېتىم بۇ نومۇسنى يۇدى. شۇندىن كېيىن ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ، جۈرئەت ئۇبۇلقاسىم يەككە موتسىكلىت بىلەن 2000 - يىللىق تۇنجى دۇنيا جىننىس رېكورتىنى يارىتىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قورقۇمسىز، باتۇر، جەسۇرلۇقىنى يەنە بىر قېتىم جاھانغا تونۇتتى.

جىننىس رېكورتى تارىخىدا، دۇنيا بويىچە «ئەڭ چوڭ ئاياغ» ياكى «ئەڭ كىچىك ئاياغ»، «يىغقان ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ تۈرى ئەڭ كۆپ»، «ئەڭ جىق تۇغقان ئايال» دېگەندەك ئادەتتىكى، ئانچە قىممىتى، ئەھمىيىتى بولمىغان تۈردىكى رېكورتلار تالاي ئۇچرايدۇ. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن مۇشۇ ئىككىلا ئەزىمەت جىننىس رېكورتى قامۇسىدىن ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، بىراق، پۈتكۈل قامۇستا ئادەمنى ھاڭ - تاڭ

قالدۇرۇپ، سۆيۈندۈرىدىغان، قىيىنلىق دەرىجىسى بۇنىڭدەك زور بولغان، بۇنىڭدەك تەۋەككۇل تۈسىنى ئالغان، ئادەمنىڭ ھاياجىنىنى قوزغاپ ئادەمگە بىر خىل قەيسەرلىك تۇيغۇسى بېغىشلىيالايدىغانلىرى كەمدىن - كەم تېپىلىدۇ.

جۇرئەت ئوبۇلقاسىم ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، ئۆزىنىڭ شەخسىي خىراجىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق شەخسلەرنىڭ سەمىمىي يار - يۆلىكى ئاستىدا، قىسقىسى، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ قىلىنغان «تەۋەككۇل» چىلىك مېۋىسى بىلەن خۇددى ئۆز يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالغان دانكودەك بۇ مېۋىنى دۆلەتكە - جۇڭگونىڭ ئاۋمېنىنى قايتۇرۇۋېلىش تويى ۋە دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىدىن ئىبارەت قۇتلۇق قوش تويىغا سوۋغا قىلدى.

بىراق، ئۇنىڭ جېنىنىس رېكورتى يارىتىش جەريانىدا نېمە كۈنلەرنى كۆرگەنلىكىنى ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدۇ... بىز تۆۋەندە، ئۇنىڭ قازانغان نەتىجىسىنى ۋە شۇ نەتىجە ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان، نۇرغۇن كىشىلەرگە قاراڭغۇ بولغان ئەسلى رېئاللىقنى كىتابخانلار ھوزۇرىغا پەردازسىز، توقۇلمىسىز ھالدا ئەينەن سۇنماقچىمىز.

## ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى پىيادە ئايلانغان ئادەم

جۇرئەتنىڭ دادىسى ئوبۇلقاسىم ئاكا قەشقەرنىڭ پەيزاۋات ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ھەمدە قەشقەر شەھىرىدە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنىدى.

ئوبۇلقاسىم ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇدى، ئوبۇلقاسىم سىنىپ بويىچە ئەڭ ياخشى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىندى.

يېڭىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوبۇلقاسىمنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقى يۇقىرى بولغاچقا ئۆز كەسپىگە بېرىلىپ ئىشلىدى. بىراق بۇنداق جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى، ئارقا - ئارقىدىن «سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە ھەرىكىتى»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قاتارلىق سىياسىي ھەرىكەتلەر باشلاندى. مەكتەپتە بۇرۇنقى ئىلمىي كەيپىيات ئورنىغا ھەدەپ چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىش، بىر - بىرىنى تارتىپ چىقىرىش، بىر - بىرى بىلەن زىددىيەتلىشىش، ئاخىرىدا بولماي كۈرەش قىلىشىش ۋەزىيىتى ئالماشتى. ئۇ يىللاردا پۈتكۈل ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ھاۋاسى بۇزۇلغان بولۇپ، دېھقانلار تېرىلغۇ قىلمايتتى، زاۋۇتلار ئىشلىمەيتتى، ھەممە خەق كۈرەش قىلىمىز دەپ كوچىغا چىقىۋېلىشقان، ھەتتا ئەر - خوتۇن ئىككى ئادەمنىڭ كۆزقارىشى ئوخشاش بولماي قالسىمۇ بىر - بىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، ئازارلىشىپ قېلىشىدىغان ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئوبۇلقاسىم «مەكتەپتە باشقىلار بىلەن كۈرەش قىلىمىز دەپ كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بۇنداق يۈرگەندىن كۆرە مەملىكەتنى ئايلىنىپ، ماۋزېدۇڭ بارغان ئىنقىلابىي جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كەلمەيمىزمۇ» دەپ ئويلىدى - دە، بىر نەچچە خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە مەكتەپتىن چىقىپ ئىچكىرىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇلار ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، ئاران دېگەندە داۋانچىڭغا يېتىپ باردى. تۆمۈريول ئىشچىلىرى «بۇ ئارىلىق چۆل، ئىچكىرىگە بېرىپ لەنجۇدىن ياكى شىئەندىن باشلاپ پىيادە ماڭساڭلارمۇ بولىدۇ» دەپ پويىزغا سېلىپ قويدى. ئۇلار شىئەندىن پىيادە يولغا چىقىپ، ئاز - ئازدىن مېڭىپ، توپتوغرا ئۈچ ئاي بولغاندا ماۋجۇشىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئۈلگۈرۈپ، ماۋزېدۇڭ ئەينى يىللىرى كۈزلۈك ھوسۇل قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قالغان قوشۇننى باشلاپ جىڭگاڭشەنگە چىققان تاغ يوللىرىنى بويلاپ جىڭگاڭشەن تېغىغا چىقتى. يول بويىدا ماۋزېدۇڭنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى، شاۋشەنگە بېرىپ ئۇ يەرلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئوبۇلقاسىم يولغا چىقىش ئالدىدا، «ئىچكىرىدە تاماقتىن قانچىلىك قىينىلىپ كېتەرمەن» دېگەنلەرنى ئويلىغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. مۇسۇلمانچە ئاشخانىلار يوقنىڭ ئورنىدا كەمدىن - كەم تېپىلاتتى. شۇڭا ئۇ ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقى ۋە ئوزۇقلىنىشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى بىلەن ياڭاق سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ مېغى بىلەن بەدىنىدىكى ماي ماددىسىنى تولۇقلاپ ماڭدى. ئۇلار بەزى كېچىسى يېپىنىدىغان يوتقان بولمىغاچقا سوغۇقتىن توڭلاپ ئۆلۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ بىر - بىرى بىلەن يېپىنچا ئورنىدىكى شال ياخلىدا ھارغىچە چېلىشاتتى، بۇنىڭ بىلەن تەرلەپ - پىشىپ ئىسسىپ قالاتتى... بەزىدە ئۇلار كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇسا ۋاقتىدا قۇرۇمايتتى، سوغۇق دەستىدىن چىداپ بولالماي ئىچكىرىنىڭ ئاچچىق لازىسىنى بولۇشىغا يېيىش بىلەن بەدەنلىرىنى سۇنئىي ئۇسۇلدا قىزدۇرۇپ سوغۇقتىن ئانچە - مۇنچە بولسىمۇ مۇداپىئەلىنەتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە، بۇنى جۇرئەتنىڭ ئاپىسى پاتىگۈل ھەدە ئوغلىغا سۆزلەپ بېرىپ يۈردى. دادىسىدىكى تىرىشچانلىق روھى جۇرئەتكىمۇ تەسىر قىلماي، ئۇنىڭغىمۇ سىڭمەي قالمىدى.

ئوبۇلقاسىم ئاكا خىزمەتكە چىقىپ تاكى 1980 - يىلىغىچە مائاشى 80 يۈەندىن ئاشمىدى، ئايالى پاتىگۈل ھەدىمۇ 53 يۈەن مائاش ئېلىپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇلار تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا ئىدى. مۇشۇ مائاشقا بەش جان قاراشلىق بولغاچقا

ئوبۇلقاسىم ئاكا بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈش بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كېچە - كېچىلەپ ماتېماتىكىغا ئائىت ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىش ياكى تەرجىمە قىلىش بىلەن ئۆتەتتى. گەرچە، ئوبۇلقاسىم ئاكىغا شۇ يىللاردا بېرىلىدىغان قەلەم ھەققى ھەر مىڭ خېتىگە ئاران بەش يۈەندىن توغرا كەلسىمۇ، ھەرھالدا ئۇلار شۇنچىلىك قەلەم ھەققى كەلگىنىدىنمۇ رازى ئىدى. چۈنكى مائاشىنىڭ يەتمىگەن يېرىگە مۇشۇ قەلەم ھەققى كۆپ يېتىك بولاتتى.

ئوبۇلقاسىم ئاكا ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى. ئۇنىڭ ئېھتىماللىق نەزەرىيىسىگە ئائىت «ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە گورۇپپىلاش» (ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قوشۇمچە ئوقۇشلۇقى)، ئالىي مەكتەپ «ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى» ؛ «ستاتىستىكا» ؛ «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە ماتېماتىكا تېرمىنلار لۇغىتى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ۋە ئالتە مىليون خەتتىن كۆپرەك «ماتېماتىكا قوللانمىسى»، «ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى ۋە ماتېماتىكا ستاتىستىكىسى» قاتارلىق 20 نەچچە پارچە تەرجىمە كىتابى نەشر قىلىندى. شۇڭا بۇ ئەجرى ئۈچۈن ئۇ 1999 - يىلى جۇڭگو ئالىملىرى قامۇسىدىن ئورۇن ئالدى...

## خاسىيەتلىك نورۇزدا تۇغۇلغان بوۋاق

جۈرئەت 1971 - يىل 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، خاسىيەتلىك نورۇز بايرىمىدا دۇنياغا كۆز ئاچتى.

شۇ ئاي - شۇ كۈنلەردە، ئوبۇلقاسىم ئاكا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن پۈتۈن مەكتەپتىكى باشقا ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاشلا سانجىغا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىشقا چۈشۈرۈلگەنىدى. ئۇ كۈندۈزى ئېتىزلىقتا ئىشلىسە، كەچتە ئۆگىنىشكە قاتنىشاتتى. يازلىق تېرىم باشلىنىپ كەتكەچكە زىيالىيلارنىڭ ئۆيىگە قايتىشىدىن ھەرگىز سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. شۇڭا پاتىگۈل ھەدە ئېرىگە تېلېگرامما يوللاپ ئوغلىغا ئابدۇلئەزىز دېگەن ئاتنى قويۇشنى ئويلاشقانلىقىنى، بۇنىڭغا قوشۇلىدىغان - قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، جاۋاب تېلېگراممىسى قولىغا يېتىپ كەلدى. تېلېگراممىغا ئايالىنى مۇبارەكلىگەچ، «ئىسمى جۈرئەت بولسۇن» دەپ جاۋاپ يېزىلغانىدى.

— جۈرئەت، جۈرئەت، راست ئوغۇل بالىغا لايىق ئوبدان ئىسىمكەن. جۈرئەت قويايلى،— خېلىدىن بېرى قۇرئاندىكى ئىسىمنى قويۇشقا ئالدىرىغان بوۋاي، مومايلار بىردەمنىڭ ئىچىدە بۇ ئىسىمنى ئوبدانلا ياقتۇرۇپ قېلىشتى.

— ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر...

ئاسماندىن چۈشكەن ئىسمىڭ جۈرئەت بولسۇن، كەلگۈسى ئەركەكلىك جۈرئىتىڭدىن تاغ، دەريا تىترىسۇن، دۈشمىنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولسۇن!...

بوۋىسىنىڭ ئەزان ئېيتىپ بۇ ئىسىمنى قويغان ۋاقتىدىكى ئاۋازى پۈتكۈل ئۆينى، پۈتكۈل ئۆيدىكىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ ئۆتتى...

## تەنھالىق تۇيغۇسى

پاتىگۈل ھەدە جۈرئەتنى تۇغقاندا، كۆكسى ئاغرىپ كېتىپ ئوپېراتسىيە قىلىنىشقانىدى. يېرىم ئايغىچە ياخشى بولالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جۈرئەتنى ئېمىتەلمىدى. كېيىنكى كۈنلەردە، جۈرئەتنى قۇمۇلدىكى ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويدى. نەتىجىدە، جۈرئەت ئوغۇل بالىنىڭ ئۇدۇل يىلىكىگە بارىدىغان ئوغۇز سۈتى ۋە ئانا سۈتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغاچقا ھە دېسە كېسەلدىن ئۆرە كەلمەيدىغان ئاغرىقچان، قورايدەك ئورۇق بالا بولۇپ چوڭ بولدى. مەھەللىدىكى باشقا بالىلار ئۇنى خالىغانچە بوزەك قىلاتتى، ئۇرۇۋالاتتى. جۈرئەتنىڭ ئاچچىقى يامان بولسىمۇ، ئۇلارغا ئەمەس، ھەتتا ئۆزىدىنمۇ كىچىك قىزلارغىمۇ كۈچى يەتمەيتتى. جۈرئەت ئاستا - ئاستا ئۇلار بىلەن ئوينىمايدىغان، ئۇلارمۇ جۈرئەتنى ئارىغا ئالمايدىغان بولۇۋالدى. باشقا بالىلار قوشقاچتەك چۇرۇقلىشىپ، قىزىشىپ ئويناپ كەتكەندە، بۇ قىقاس - سۈرەنلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك سەت ئاڭلىناتتى. چۈنكى ئۇ كىچىك تۇرۇپلا خوددى تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى كۆپ تارتىۋېرىپ، ئاخىر ھاياتتىكى بۇنداق شاۋقۇن - سۈرەنلەردىن قاچىدىغان مويسىپىت كىشىدەك يالغۇزلۇقنى، جىمجىتلىقنى خالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. باشقا بالىلار بارمايدىغان، پىنھان، تىمتاس جايلارغا بېرىپ ئۆزى يالغۇز ئويناشقا ئامراق ئىدى. سەبىي جۈرئەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا مەھەللىدىكى ئاشۇ بىر توپ تونۇش بالىلاردىن كۆرە ئۆزى تونۇمايدىغان چاشقان، چۈمۈلە، كېپىنەك، كەسلەنچۈك، قۇرت - قوڭغۇز، دەل - دەرەخ، ھەتتا تاقىر تاغنىڭ تاشلىرى يېقىن ئىدى. ئۇ ئاشۇ «دوستلىرى» بىلەن مۇڭدىشاتتى، ئۇلار بىلەن «قەلب»، ھېسسىيات، ئۇچۇر، روھ ئالماشتۇراتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئالماشتۇرۇش جەريانىدا شەكىللەنگەن مۇرەككەپ، سىرلىق، ئۆزىگە خاس ئىچكى دۇنياسىنىڭ چوڭقۇرىغا چۆكۈپ كېتەتتى...

ئۇ، باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندە، ھەتتا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويغاندىمۇ، يەنىلا باشقىلار خالىغانچە بوزەك ئېتىدىغان، خالىغانچە ئۇرۇۋالىدىغان ھالەت داۋاملىشىۋەردى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ «قاچانمۇ بىر كۈچلۈكرەك بالا بولۇپ، خەققە بوزەك بولماسمەن» دەپ ئويلاپ كېتەتتى. بەزىدە كۈچى يەتمىسىمۇ بوغۇشۇپ، ئۇرۇشۇپ، يۈز - كۆزلىرى تىرناق يارىسى ياكى كۆكلەر بىلەن تولغان ھالدا ئۆيگە يېنىپ كەلگەندە، دادىسى ئوبۇلقاسىم ئاكا باشقا بالىلارنىڭ دادىلىرىدەك ئۇنىڭ بالىلاردىن ئالالمىغان ئۆچىنى ئېلىپ، ئۇلارنى ئۇرۇپ بېرىش تۇگەل، ئەكسىچە ئۇرۇشماسلىق ھەققىدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق تەربىيە بېرەتتى... چۈنكى ئوبۇلقاسىم ئاكا ئۆزى بىر ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى تۇرۇپ، بالىسىنى ئۇرۇشۇشتىن توسۇمىسا بولمايتتى. ئۇ، داۋاملىق جۇرئەتكە باشقىلار چېقىلسىمۇ چېقىلماسلىق، ئۇرسىمۇ ئۇرۇشماسلىقنى تەشەببۇس قىلاتتى. جۇرئەت 12 - 13 ياشقا كىرگەندە، «دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كىروزو» ناملىق رومانىنى قولىغا ئېلىپلا ياقتۇرۇپ قالدى، ئۇنى قايتا - قايتىلاپ ئوقۇدى. روبىنزون كىروزونىڭ ئوبرازى ئۇنىڭدا بەك چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. مەنمۇ ئىنسى - جىن ئاياغ باسمىغان، باشقىلار بارىمىز دەپمۇ بارالمايدىغان، ئادەمزاتتىن خالى، پىنھان، يېگانە ئارالغا كېتىپ يالغۇز بىر ئارامخۇدا ئۆتسەم، ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ مۇستەقىل بىر ياشاپ باقسام، ھېچكىم ئىشلىرىمغا ئارىلاشمىسا... دەپ ئويلايتتى.

ئۇ ھەپتىدە بىر كېلىدىغان يەكشەنبىنى چىڭ تۇتۇپ، باشقىلار ئۇخلاۋاتقان قاقپۇدا ئاستا ئورنىدىن تۇراتتى - دە، سومكىغا ناندىن بىر پارچە سېلىپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا پەم بىلەن ماڭغانچە ئىشىكتىن ئوغرىلىقچە چىقىپ كېتەتتى. شۇ چىققانچە خوڭيەنچى (قىزىل تورنا كۆلى، يەنى ھازىرقى يېڭى شېھىتلىك يېنىدا) ئۈستىدىكى تاغنىڭ ئىچىگە ئۆزى يالغۇز مېڭىپ كىرىپ كېتەتتى. تاغنىڭ ئۈستىگە قىيىن يەرلىرىنى تاللاپ يامىشىپ چىقىپ، تاقىر تاغدا ئۆزى يالغۇز ئۇيان - بۇيان مېڭىپ، ئۆزىچە بەش - ئالتە تاغنى ئارتىلىپ داۋاملىق ئىچكىرىلەپ كىرىپ باقاتتى.

ئورغۇن كىشىلەر تاقىر، گىياھسىز تاغقا بېرىشتىن قورقىدۇ. بېرىپ قالسىمۇ ئادەمسىز، باش - ئاخىرى يوق، چەكسىز جىمجىتلىقتىن زېرىكىپ ئىت بولۇپ كېتىدۇ. بىراق جۇرئەت باشقىلار زېرىككەن شۇ تاغقا ئىچكىرىلەپ كىرگەنچە قانچىكى جىمجىتلىققا، تىمتاسلىققا ئېرىشكەنچە، قانچىكى شەھەردىن، توغرىراقى ئادەملەر توپىدىن يىراقلاپ كەتكەنچە كۆڭلى شۇنچە خۇش بولۇپ ئېچىلىپ كېتەتتى. تاغنىڭ ئىچ - ئىچىگە كىرىپ كەتكەندە، قانداقتۇر تاشقا ئايلىنىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان بىر خىل شەكىلدىكى نەرسىلەرنى، يامغۇرلۇق كۈنلەردە بولسا تاغدا ئاسماندىن ياغقاندەك مىغىلداپ كېتىدىغان سازاڭلارنى تىرىشكە ئامراق ئىدى. ئۇ بۇ نەرسىلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيتتى. چۈنكى بوۋىسى: «ئادەم ئۆلسە، ئۇنىڭ روھى ئۇچار قۇش، ھايۋانات ياكى ئۆسۈملۈك، دەل - دەرەخ، ھەتتا تاشقا ئوخشاش ھەر خىل نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۆلگۈچى دۇرۇس نىيەتلىك بولسا، بۈركۈت، قۇشقاچ، قارلىغاچ، يولۋاس، بۆرە، يىلانغا ئوخشاش نەرسىلەرگە؛ دۇرۇس نىيەتلىك كىشى بولمىسا تۇڭگۇز، تۈلكە، چىۋىن، پاشىغا ئوخشاش باشقا نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. تاشقى دۇنيادىكى جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆز ئالدىغا جېنى، روھى بار، ئۇنى نابۇت قىلىش ئۆزىمۇ تونۇمايدىغان بىگۇناھ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، قاتىللىق قىلغان بىلەن باراۋەر» دەيتتى. بۇنداق ئىدىيە ئۇنىڭ روھىغا قومغا سىڭگەن سۇدەك سىڭىپ، ۋۇجۇدىغا ئۆزلىشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ھەر بىر جانسىز نەرسىلەرگىچە ئىنچىكىلەپ، سىنچىلاپ قاراپ كېتەتتى ۋە تەگسىز خىياللارغا چۆمۈلەتتى. بەزىدە قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك غارلارنى ئۇچراتسا ئىچىگە بىر ئاماللارنى قىلىپ كىرىپ باقاتتى. تۆشۈكلەر ئۇچرىسا نېمىدۇر بىر نەرسە چىقىپ قالىدىغاندەك كولاپ كۆرەتتى...

ئۇ ئۆزىنى ئەڭ يالغۇز، ئەڭ غېرىب ھېس قىلغانلىرىدا ئۇنىڭ قەلبىگە ئاشۇ تەبىئەت قوينى تەسەللى بېرەلەيتتى. چۈنكى ئۇ ھېچقانداق ئىچ گېپىنى، ئىچ سىرىنى بىرەرىگە، ھەتتا ئاتا - ئانىسىغىمۇ ئېيتمايتتى. غېرىبلىق نۇرلىرى خۇددى ئىلاھىي كۈيدەك ئۇنىڭ زۇلمەتلىك ئۆيىنى، ئۇنىڭ ئاشۇ زۇلمەتلىك ئۆيدەك تىمتاس قەلبىنى يورۇتۇپ تۇراتتى...

جۇرئەت كوچىغا چىقىشتىن، جىق ئادەملەر بار يەرگە ياكى ئاممىۋى سورۇنلارغا بېرىشتىن قورقاتتى. ئۇ ئادەم خالىمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ باشقا تەنتەربىيە چولپانلىرىدەك نەچچە ئون مىڭلاپ تاماشىبىنلىرى توپلانغان، ئۇلارنىڭ چاۋاكلىرى، ئۇلارنىڭ ئالقىش سادالىرى ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇرىدىغان مۇقىم تەنتەربىيە سورۇنلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەنتەربىيە تۈرىنى ئەمەس، باشتىن - ئاخىر ھېچكىم ھەمراھ بولالمايدىغان، ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بارسىمۇ ئۇنى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈپ تۇرىدىغان ھېچكىمى بولمىغان بىر «غەيرىي»، ئەمما ئۆزىنىڭ تەنها خاراكتېرىگە بەكمۇ ماس كېلىدىغان بىر تۈرنى تاللىۋالدى. مانا بۇ ئۇنىڭ چەكسىز ئىچكى كۈچىنى يېتىلدۈرگەن ھەمدە ئاجايىپ زور مەدەت بېرىپ كەلگەن تەنھالىقنىڭ قۇدرىتى

ئىدى! . . .

## خىيالچان بالا

جۇرئەت ئۆزىنىڭ خىيالىغا كەلگەنچە بىر ئىشلارنى قىلىپ باقىدىغان، ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىدىغان بالا ئىدى. ئۇ يېڭىدىن - يېڭى نەرسىلەرنى ياساپ باقاتتى. كىشىلەرنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقاتتى. مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن شۇ خىلدىكى مۇسابىقىلەردە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشەتتى. ئۇ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىغا چىققاندا، مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق مۇسابىقىگە ئۆزى ياسىغان بىر كاۋاپداننى قاتناشتۇردى. بۇ كاۋاپدان قۇرۇلمىسى كىچىك، كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇشتىن تاشقىرى ئەڭ مۇھىمى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ دالا سەيلىسى ياكى كۈندىلىك تۇرمۇشىغا قولايلىق، ئوتۇن - كۆمۈرسىز، توكسىز ھالەتتىمۇ شامنى يېقىلغۇ قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان كاۋاپدان ئىدى.

جۇرئەتنىڭ تەسەۋۋۇرى زىيادە مول، كۆزىتىشى ئۆزگىچە، ھەر بىر چوڭ - كىچىك نەرسىلەردىن ئۆزىگە خاس نەرسىلەرنى بايقاشقا ماھىر ئىدى. بەزىدە باشقىلار ئۇنىڭ خىيالىنى بىلسە، ئۇنى نورمال بالا ئەمەس، بەلكى بىر خىل روھىي كېسەل بالىدەك ھېس قىلىشىپ قالاتتى.

جۇرئەتنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرى ئىدى. بىر كۈنى كەچتە ئۇ ماتېماتىكا ئىمتىھانى ئۈچۈن دەرس تەكرارلاۋاتاتتى، تۇيۇقسىز چىراغ ئۆچۈپ قالدى.

— ئاپلا، تازا جىددىي ۋاقىتتا توكنىڭ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، — دېدى ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىردىنلا غودۇراپ.

— ھېسابلىرىڭنى ئىشلەپ بولغانمۇ؟ — سورىدى دادىسى كۆڭۈل بۆلۈپ.

— تېخى ئىشلەۋاتقان. . .

— ئەمدى قانداق قىلىسەن، ئەتە ئەتىگەن ئىمتىھان تۇرسا.

— قەلەمنى نوقۇل خەت يازىدىغان قىلىپلا ئىشلىمەي، ئۇنى مۇشۇنداق توك كەتكەندە چىراغ ئورنىدا ياندۇرغىلىمۇ بولىدىغان قىلىپ ئىشلىسە، دەرسلەرنىڭ قالغىنىنىمۇ تۈگىتىپ ئاندىن ياتقان بولسام نەقەدەر بەلەن بولغان بولاتتى - ھە! مەن مۇشۇنداق بىر قەلەم ياساپ چىقايمىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم، دادا.

«ماڭەۋا، ئەخمەق » دېگۈسى كەلدى دادىسى ئوبۇلقاسىم ئاكا ئۇنىڭ خىيالىنى بەڭگىنىڭ خىيالىدەك ئارتۇقچە ھېس قىلىپ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا سوراپ قويدى:

— قېنى دەپ باقە، قانداق ياسايسەن، ئۇنى؟

— قەلەمنىڭ چوڭلۇقىدا باتارېيە بولسىلا بولاتتى. ئۇ باتارېيىنى قەلەمنىڭ بۆكىدەك بىر يەرگە جايلاشتۇرۇپ قويسام. بىراق بۇنداق كىچىك تىپتىكى باتارېيىنى تاپقىلى بولمايدۇ - دە!

دەرۋەقە شۇنداق ئىدى، ئۇ يىللاردا باتارېيە ساپلا چوڭ كېلەتتى، ھازىرقىدەك ئۇششاق باتارېيىلەر تېخى ياسالمىغان ياكى ياسالغان بولسىمۇ شىنجاڭغا كەلمىگەنىدى. شۇڭا جۇرئەت ئۇدا ئىككى يىلغىچە كىچىك تىپتىكى ئەمما توك سەرپىياتى يۇقىرى بولغان باتارېيە ياساش كويىدا يۈردى. ئۇ، دادىسىدىن نېمە نەرسىدىن، قانداق ماددىدىن كۆپ توك چىقىدىغانلىقىنى، باتارېيىنىڭ تەركىبىدە نېمىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى سوراپ چوڭقۇر ئويغا چۆمەتتى.

بىر كۈنى جۇرئەت يەنە دادىسىغا شۇنداق دېدى:

— ئادەم ماڭغاندا ئايىغىنىڭ چەمى بىلەن يەرنىڭ سۈركىلىشىدىن توك ھاسىل قىلغىلى بولسا، ماڭغانچە توك جىقلىشىپ زاپاس ساقلىنىپ تۇرسا، موتسىكلىتنىڭ ئىككى چاقىنىڭ ئورنىغا كانكىنىڭ چاقىدەك كىچىك چاق بېكىتسە، دېمەك موتسىكلىتنىمۇ كىچىكلىتىپ پۇتنىڭ ئاستىغىلا بېكىتىۋالغىلى بولغىدەك. . .

— ساراڭ بوپسەن، — دېدى دادىسى ئۇنىڭ خىيالىنى ئاڭلا - ئاڭلىمايلا، — ئۇنداق كىچىك موتسىكلىت سېنى قانداق كۆتۈرىدۇ؟ ئۇنداق ئوڭاي ئىش بولىدىغان بولسا، خەق بۇ چاغقىچە سەن دېگەندەك ياساپ بولماي ئېغىر تىپتىكى موتسىكلىتنى مىنىپ يۈرەمتى؟!

جۇرئەت گەرچە بۇ نەرسىلەرنى ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ بولالمىغان بولسىمۇ، شۇ ياشتىكى كىچىك بالىنىڭ ئاشۇنچىلىك ئىلمىي قىياس، مول، ئۆزگىچە تەپەككۇر ۋە كۆزىتىشنى ئوتتۇرىغا قويالىشى ھەقىقەتەن كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ئىلغار تەرەپ ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ بۇنداق خىياللىرىنى، ئىلمىي قىياسلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىدەك ماكان ۋە زامان، كونكرېت ئېيتقاندا تولۇق شارائىت بولغاندا ئىدى، ئۇنى بىر كەشپىياتچى، ئېدىسوندەك كاتتا ئالىم بولمايتتى دەپ كىم ئېيتالىسۇن؟! . . .

## «چوڭ بولسام مەنمۇ ۋېلسىپىت بىلەن دۇنيانى ئايلىنىمەن»

جۇرئەت كىچىكىدىن چۆچەك ۋە جەڭنامىلەرنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى. بولۇپمۇ، باتۇرلۇق، جەسۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلەرگە كىرىپلا كېتەتتى. بىكار بولسىلا ئانىسىنى چۆچەك ئېيتىپ بېرىشكە قىستايتتى. بۇنداق چاغلاردا پاتىگۈل ھەدە ئۆزى بىلىدىغان چۆچەكلىرىنى زېرىكمەستىن سۆزلەپ بېرەتتى.

– شاھزادە ئۆچار ئاتقا مىنىپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، تاغ - دەريا، چۆل - جەزىرىلەرنى بېسىپ ھېلىقى شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ...

– ئاپا، ھازىر نېمىشقا چۆچەكتىكىدەك قىزىق ئىشلار يوق؟

– ...

– ئاپا، دادامغا دەپ ماڭىمۇ بىر ياغاچ ئات ئېلىپ بېرىڭلار، مەنمۇ ئۇنىڭ بىر قۇلىقىنى شۇنداق بۇرىسام، لىككىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچسا، يەنە بىر قۇلىقىنى بىر تولغىسام، يەرگە چۈشسە... پاھ، نېمىدېگەن قىزىق - ھە! دادام مېنى تاپالماي ئىزلەپ كەتسە، ئىزلەپ كەتسە تازا...

– قالايمىقان سۆزلىمە بالام، ئاغزىڭنى ئۇشۇتۇپ، - دېيىتتى ئاپىسى ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن چۆچۈپ. خۇددى ئوغلى راستىنلا نەلەرگىدۇر ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەندەك كۆڭلى غەش بولۇپ.

جۇرئەت چۆچەكلەر دۇنياسىدا ياشاشنى بەكلا ئارزۇلايتتى. بەزىدە ئەنە شۇنداق غەلىتە پىكىرلىرى بىلەن ئاپىسىنى ساراسىمىغا سالاتتى. پاتىگۈل ھەدە نازۇك ئانىلىق قەلبى بىلەن ئەمدىلىكتە جۇرئەتتىن ئەنسىرەپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما جۇرئەتنىڭ ئۆزى خالىغانچە تىزگىنسىز بىر ياشاپ باققۇسى كېلەتتى.

ئوبۇلقاسىم ئاكا جۇرئەتكە ئىنسانلارنىڭ دۇنياغا يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەردىن تارتىپ، پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ھەققىدىكى قىسسىلەرگىچە سۆزلەپ بېرەتتى. دىنىي ئەپسانىلەر جۇرئەتنىڭ تەسەۋۋۇرىنى چەكسىز قاناتلاندۇرۇپ، بالىلىق روھىغا بۆسۈپ كىرەتتى. يېزىقچىلىق ھەۋىسى كۈچلۈك بولغان بۇ دادا ئۆزى ئوقۇغان كىتابلاردىن ئەرلىك، ئوغۇللۇق خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشكە ياكى بالىلارنى قورقۇمسىز، باتۇر قىلىپ يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ دەپ قارىغانلىكى ئەسەرلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ سۆزلەپ بېرەتتى. ئەنە شۇ ھېكايىلەر ئارىسىدا جۇرئەتنى ھەممىدىن بەك مەپتۇن قىلىدىغىنى ماركوپولو ۋە ماگېللاندەك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر، جاھانكەزدىلەرنىڭ خەتەرگە تولغان قىزىق سەرگۈزەشتىلىرى ئىدى. ئۇ، كىچىكىدىن بۇنداق شەخسلەرنىڭ ھېكايىلىرىنى تەكرار - تەكرا ئاڭلىدى، مەكتەپكە كىرىپ خەت تونۇغۇدەك بولغاندىن ئېتىبارەن ئۆزى ئىزلەپ - تېپىپ شۇ خىلدىكى كىتابلارنى ئاز - ئازدىن بولسىمۇ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ «80 مىڭ مېتىر سۇ ئاستىدا» ، «كاپىتان گراندى ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى»گە ئوخشاش ئوقۇغان كىتابلىرى ئەنە شۇ مەزگىللەرنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئۇ، كىتابلارنى ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇسى كېلەتتى.

جۇرئەت دادىسى ئوبۇلقاسىم ئاكىنىڭ پىيادە ئىچكىرى ئۆلكىگە بارغانلىقى، بولۇپمۇ تاغىسىنىڭ ۋېلسىپىتلىك سەپىرى ھەققىدىكى ھېكايىنى تالاي ئاڭلىغىنىغا قارىماي يەنە ئاڭلىغۇسى كېلەتتى. پاتىگۈل ھەدىمۇ ئوغلى ئۈچۈن تالاي قېتىملاپ ئېيتىشقا رازى ئىدى:

– ئاتاڭنىڭ قەشقەرلىك ئىنىسى ۋېلسىپىت بىلەن 18 كۈندە ئاقسۇنىڭ باي ناھىيىسىدىكى تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كېلىپ كەتكەنىكەن. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەر بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا ئاتلاپ ماڭسا، دوقمۇش - دوقمۇشلاردا ساقچىلار ماشىنا توسۇپ سالامەتلىكى ۋە ئۇ كىشىنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇش، يول خېتىگە ئوخشاش رەسمىيەتلىرىنى سۈرۈشتە قىلىشاتتى. ۋېلسىپىت مىنگەن ياكى پىيادە ماڭغانلارلا بۇنىڭدىن ساقلىنىپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ بىرەر مىڭ كىلومېتىرچە يولنى ۋېلسىپىت بىلەن ماڭغانىكەن.

– ھازىرقى ئادەملەر نېمىشقا شۇنداق چىدامىلىق ئەمەس؟ - دېيىتتى جۇرئەت، - چوڭ بولسام مەنمۇ ۋېلسىپىت بىلەن دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىمەن.

## «موتسىكلىت راستىنلا شۇنداق قالتىس نېمىدۇ؟!»

مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۇدەك ۋېلسىپىتلىرى بار ئىدى. ئەمما دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا ۋېلسىپىت ئېلىپ بېرىش خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۇ چاغلاردا ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ ئادەتتىكىچە ئىدى.

جۇرئەت ئاتا - ئانىسىدىن ئوغرىلىقچە ھەر كۈنى قاقپۇدا قوشنىسىغا سۈت ئەكىلىپ بېرىدىغان، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ قوشنىسىنىڭ ۋېلسىپىتىنى مىنىدىغان بولدى. سۈت ئەكىلىمەن دەپ بىر تاتلىق ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ ئاۋارىچىلىق تارتىشتىن قۇتۇلغىنى ئۈچۈن قوشنىسى خۇش بولسا، جۇرئەت سۈت ئەكىلىش باھانىسىدا ۋېلسىپىت مىنىۋالغىنى ئۈچۈن خۇش ئىدى. جۇرئەتكە ئىككى كىلومېتىر ئارىلىق ھەرگىز يىراقلىق قىلىپ قالمايتتى، بەلكى ئۇ قانچە يىراق بولسا شۇنچە ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلايتتى. ئۇ ۋېلسىپىتقا شۇ قەدەر ئامراق ئىدىكى، چوڭ بولسام ۋېلسىپىت بىلەن خەت - چەك تارقىتىدىغان پوچتىكەش بولسام، كۈن بويى ۋېلسىپىت مىنىپلا يۈرسەم، نېمىدېگەن ياخشى - ھە، دەپ ئارزۇلاپ كېتەتتى...

1983 - يىلى پاتىگۈل ھەدە داۋالىنىش ئۈچۈن جۇرئەتنى ئېلىپ بورتالانىڭ ئارشاڭ ناھىيىسىگە يول ئالماقچى بولدى. بىراق يولغا

چىقىدىغاندا ئويلىمىغان يەردىن جۈرئەت يەر ئاستى قازناقا كىرىپ كېتىپ، قوشنىسىنىڭ ۋېلسىپىتىنى يېتىلەپ چىقتى.

جۈرئەت سەپەرنىڭ گېپى چىقا - چىقمايلا ئاللىقاچان ۋېلسىپىتكە بىر بوتۇلكا سوغۇق چاي تەخلەپ تېڭىۋالغان (بۇنى تېلېۋىزوردىكى مۇسابىقە ۋېلسىپىتلىرىدىن كۆرگەنىدى)، ۋېلسىپىتىغا يەلنى تولۇق بېرىپ، پاكىز سۈرتۈپ پارقىرىتىۋەتكەنىدى.

ئاپىسىنىڭ بۇنى كۆرۈپ كۈلكىسى قىستىدى.

- بۇ نېمە قىلغىنىڭ، بالام.

- ئاپا، سەن ماشىنىدا ماڭ، مەن ۋېلسىپىتىمنى مىنىپ ماڭاي.

- يول يىراق.

- يول قانچە يىراق بولسا شۇنچە ياخشى. تازا قانغۇچە بىر مىنىۋالىدىغان بولدۇم - دە. . .

- هەي، دادىسى، بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ هىجىيىپ تۇرماي گەپ قىلسىڭىزلا ما بالىغا، نېمە دەۋاتىدۇ جۆيلىگەندەك. بورتالا دېگەن نە ئۇ، بىلمەمدىلا. . .

- بالام، ئاپاڭ توغرا ئېيتىدۇ. ئۇ يەرگە ۋېلسىپىت بىلەن بارغىلى بولمايدۇ.

- يالغان. ئاپام هەجەپ داداڭ پىيادە يول يۈرۈپ نۇرغۇن يەرلەرنى ئايلانغان، تاغاڭمۇ ۋېلسىپىت بىلەن قەشقەردىن ئاقسۇغا كېلىپ كەتكەن، دەيتتىڭغۇ. سەن پىيادە شۇنچە يىراق يولنى باسقان يەردە، ۋېلسىپىتتا نېمىشقا بارغىلى بولمايدىكەن؟ ۋېلسىپىتىمنى مىنىپ بارغىنىم بارغان.

ئاتىسى بوپتۇ، ۋېلسىپىتلىك ماڭسا مېڭىپ باقسۇن، ئوغۇل بالا شۇنداق پىششىدۇ، دەپمۇ ئويلىدى. بىراق بۇنىڭغا ئايالى ئۇنىماسلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى. يەنە كېلىپ جۈرئەت تېخى كۆپ كىچىك ئىدى، هەتتا ئۇنىڭ هېرىپ هالىدىن كېتىشىلا ئەمەس، يولدا بىرەر قاتناش هادىسىسىگە ئۇچراپ قېلىشىغىمۇ ئالدىن بىر نېمە دەپ بولمايتتى.

- ئوغلۇم، بەك مىنگۈڭ بولسا، كەلگەندە قانچىلىك مىنسەڭ مىن، قوشنىلار سەندىن هازىر ئېلىۋالمىغاندىكىن، ياخشىسى ئاپاڭ بىلەن ماشىنىدا تېز بېرىپ، تېز قايتىپ كەل!

ئاتىسىنىڭ قارار تۈسىنى ئالغان كەسكىن گەپلىرى هەرگىز ئۆزگەرمەيتتى. شۇڭا جۈرئەت ئىلاجىسىز بىر كۆزى ۋېلسىپىتتا، بىر كۆزى يولدا ئاتىسى بىلەن خوشلاشتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىتتىپاق كومىتېتىدىكى ئابلىز ئاكىنىڭ (هازىرقى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» دە ئىشلەيدۇ) بورتالاغا خىزمەتكە ماڭغان تەييار ماشىنىسىغا چىقىۋالدى. بۇ جۈرئەتنىڭ تۇنجى قېتىم شەهەر بوسۇغىسىنى ئاتلاپ ئۇزۇن سەپەرگە چىقىپ بېقىشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇنىڭ هەممىگە قىزىقىش پسىخىكىسىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر يوللاردىكى ئاجايىپ مەنزىرە، هەيۋەت تاغلار ئۇنى بەكلا خۇشال قىلاتتى. ئۆزىنى چۆچەكلەردىكى تاغ - دەريا كەزگەن شاهزادە، باتۇرلاردەك سېزەتتى. بولسا ماشىنىدىن چۈشۈپ قېلىپ تاغلارغا چىقىپ كەزگۈسى، ئاسماننىڭ بىر تەرىپى چۈشۈپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان ئاشۇ جايلارغا يۈگۈرۈپ بارغۇسى كېلەتتى. يول بويى دوستى نەبىجان بىلەن ئويناپ زېرىككەن چاغلىرىدا چۆچەك ۋە قەهرىمانلار توغرىسىدىكى كىتابلارنى تىنماي كۆرسە، تورۇپ - تۇرۇپلا يەنە پاتىگۈل هەدىنى ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى، بولۇپمۇ ئاتىسى ۋە تاغىسىنىڭ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىش ۋە سەپەر قىلىش جەريانلىرىنى زىر - زىۋىرىگىچە سۆزلەپ بېرىشكە قىستايتتى.

ئۇ، ماشىنىدا كېتىۋېتىپ هاردۇق يەتتىمۇ ياكى سەپەرگە چىقىش خۇشاللىقىدا كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىغاچقىمۇ، ئاپىسىنىڭ ئىللىق باغرىغا يۆلىنىپلا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

جۈرئەت چۈشىدە هېلىقى ۋېلسىپىتىنى مىندى. جۈرئەت بىر چاغدا جۆيلۈپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئانا ئۇنى ئىتتىك تۈرتۈپ ئويغاتتى.

- هە نوچى، ئۇيقۇڭنى ئېچىپ سەنمۇ بۇ چۆل يوللىرىدا مېڭىپ باقامسەن؟

- نېمە دېدىڭىز ئابلىز دادا، نېمە!

جۈرئەت ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك قايتا - قايتا سوراپ كەتتى.

- دادا، مەنمۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ جۈرئەت بىلەن ماڭىمەن، - نەبىجاننىڭ گېپىدىن قۇلىقىغا راستىنلا ئىشەنگەن جۈرئەت خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ كەتتى.

- قېنى ئەمىسە، كىم توختاپ قالسا شۇ يېڭىلىدۇ. تېزدىن پەسكە چۈشۈڭلار.

جۈرئەت بىلەن نەبىجان قىزىقىش ئىچىدە ماشىنىدىن چۈشتى. تىكلەنگەن قۇياش تەبىئەتنىڭ بۇ كەڭ جەزىرىسىگە ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ يەر يۈزىنى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەنىدى. بالىلار خېلى يول باسقاندىن كېيىن بەكلا هېرىپ قېلىشتى. بىر چاغدا نەبىجان چىدىيالماي ۋارقىراشقا باشلىدى.

- دادا، جېنىم دادا، ماشىنىنى توختىتىڭ. بىز چىقىۋالايلى.

جۈرئەت بولسا توختىماي ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. بۇ كىچىك ئەزىمەت ماشىنىنىڭ يېنىغا بىرىنچى بولۇپ يېتىپ باردى.

يولنىڭ قىزىق تەپتى بالىلارنىڭ چوخەيلىرىدىن ئۆتۈپ پۇتىنى شەلۋەرىتىۋەتكەنىدى.

- ۋاي بىچارە بالىلىرىم، پۇتــــى بەكلا شەلۋەرەپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ،- پاتىگۈل ھەدىنىڭ ئانىلارغا خاس مۇھەببەتلىك قەلبى ئېچىشىــپ كەتتى.

- ھېچنىمە بولمايدۇ، ئوغۇل بالا دېگــەن مۇشۇنداق چېنىقىدۇ،- دېدى ئابلىز ئاكا.

- ئاپا، دادامنۇ نەچچە ئاي پىيادە مېڭىپمۇ ھېچنىمە بولماپتىغۇ؟

- ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ، يارايسەن جۈرئەت،- ئابلىز ئاكا ئۇنىڭ سۆزىنى مەمنۇنلۇق بىلەن تەستىقلىدى.

بورتالا ئوبلاستىنىڭ تاغ باغرىغا جايلاشقان ئارشاڭ ناھىيىســــى يازدا ھەر جايدىن كەلگەن نۇرغۇن داۋالىنغۇچىلارنى كۈتۈۋالاتتــى. ئارشاڭ كىشىلەر ئۈچۈن تولىمۇ خىسلەتلىك تۇيۇلاتتى. ئەمما بۇ جايدا جۈرئەتكە ئەڭ يارىغىنى تاغ بولدى.

ئۇ بىر تەرەپتىن شەھەر ئىچىدىن سەي، گۆش، كىرىسىن ئەپكىلىپ تاماق ئېتىپ ئانىسىنى باقسا، بىكار چاغلىرىدا كىشــــلەر قورقۇپ چىقمايدىغان تاغلاردا بىمالال يۈرۈيدىغان بولۇپ قالدى. كىشىلەر جۈرئەتنىڭ تاغ ئۈستىدە پەيدا بولغىنىنى كۆرگىنىدە، «تاغ باتۇرى» يەنە تاغقا چىقىپتۇ - دە، دېيىشەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئانا بۇ تاغ باتۇرىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭدىن قايتا تاغقا چىقماسلىقنى ۋەدە ئالاتتى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە موتسىكلىت مىنگەن ئىككى جۈپ ئەر - ئايال ئارشاڭغا چۆشكىلى كەلدى.

- ۋۇي، مەسئۇدقۇ بۇ؟ !- ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن پاتىگۈل ھەدە ئېغىز ئاچتى،- قاچان كەلگەنتىڭلار؟

- تېخى ھازىر كېلىشىمىز.

- مۇشۇ موتسىكلىــت بىـــلەن؟ . . . - ئەجەبلىنىپ ئۇلارنىڭ موتسىكلىتىغا قارىدى.

بۇ مەنىنى چۈشەنگەن مەسئۇد:

- شۇنداق، موتسىكلىت بىلەن كەلدۇق،- دېدى.

- بۇ مۇمكىنمۇ؟

- مۇمكىـــن بولمايدىغان نەرى بار. مانا مۇمكىن بولغاچقا ئالدىڭىزدا تۇرۇۋېتىمىزغۇ.

- ھە شۇ،- دەپ غەلۋە قىلدى ئاران تۇرغان جۈرئەت دومسىيىپ،- ۋېلىسىپىتىمنى مىنىۋالاي دېسەم، ئۇنىماي، خوپ بولدىمۇ ئەمدى، ھە، كەلگىلى بولامدىكەن؟ ! ۋېلىسىپىتتا بارغىلــى بولمايدۇ، دەپ. . . بولمىسا. . .

- بولمىسا، بۇ ئاكاشلار بىلەن تەڭ كېلىپ بولاتتىم، دېمەكچىمۇ سەن؟ !- دېدى ئۇلارنىڭ بىرى بالىنىڭ گېپىدىن كۈلۈپ.

- سىنىڭ ۋېلىسىپىتىڭنى قانداقمۇ بۇلارنىڭ مىنگەن موتسىكلىتىغا تەڭلەشتۈرۈپ بولسۇن، بالام،- دېدى ئاپىســى ئۇنىــڭغا تەسەللــى ئېيتقاندەك.

شۇ چاغدا جۈرئەت كۆڭلىدە: «راستىــنلا موتسىكلىت دېگەن ۋېلىسىپىتتىنمۇ ئۆتە شۇنچە قالتىس نەرسىمىدۇ؟ . . . » دېگەنلەرنى ئويلىدى.

- ئەجەب ئۆزۈڭدىن گېپىڭ چوڭغۇ سىنىڭ،- دېدى يەنە بىرى.

- مال ئىگىسىنى دورىمىسا، ھارام دېگىنى شۇ-دە. بۇ بالا چوڭ بولسا دادىسىدەك بىر ئادەم بولىدىغان ئوخشايدۇ،- دېدى ئاپىســـمۇ سۆز قوشۇپ.

ئۇلار سۆزلىگەنچە قىزىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ سەپەر جەريانىــدا يولۇققانلىـــرى ئۈستىــــدە سۆزلەۋاتاتتى.

شۇ تاپتا موتسىكلىت مىنگەن بۇ كىشىلەر جۈرئەتكە خۇددى بارلىق رومانتىكلىقلارغا ئىگە بولغان بەخت ئىگىلىرىدەك، موتسىكلىت بولسا ئاپىسى سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكلەردىكى ئۇچقۇر ئاتلاردەك بىلىنىپ ئۇنى مىـــندۈرگەنچە تاغ، دەريا، چۆللەرگە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

- ئاكا، قانچە كۈندە كەلدىڭلار؟- خىيالىدىن ئۆزىگە كەلگەن جۈرئەت قىزىقىپ سورىدى.

- ئىككى كۈندە كەلدۇق. نېمە، سىنىڭمۇ سىناپ باققۇڭ كېلىۋاتامدۇ؟

- ھەئە! راستىــــنلا شۇنداق ياخشــى نەرسىمىدۇ بۇ.

- ئىشەنمەيۋاتامسەن؟

- ئەمىسە، ئۇنى تاغلاردىمۇ مىنگىلـــى بولامدۇ؟

- ئۇ سىنىڭ جۈرئىتىڭگە باغلىق، - دېدى مەسئۇد.



جۈرئەتكە موتسىكلىت ئوتى تۇتاشقانــدى. ئۇ، موتسىكلىت ماشىنىغا ئوخشاشلا ئىتتىــك ماڭىدىكەن، بىراق ماشىنىغا چىقسا، شۇنچە جىق ئادەمنى بىر شوپۇر تۇمشۇقىدىن يېتىلىگەندەك

ئېلىپ ماڭىدىكەن، ئادەم ئۆزى خالىغانچە ماڭغىلى، خالىغان يېرىدە چۈشكىلى، خالىغان يېرىگە بارغىلى بولمايدىكەن. موتسىكلىت بولسا ھەر بىر ئادەم ئۆزى خالىغانچە مىنىپ، خالىغان يېرىدە چۈشۈپ، خالىغانچە ھەيدەپ ماڭغىلى بولىدىكەن، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالغانىدى. بولۇپمۇ تەنھالىقنى ياخشى كۆرىدىغان بۇ بالىغا ھەممىدىن بەك ياراپ كەتكىنى، موتسىكلىتتا ماشىنا - ئاپتوبۇسلاردىكىدەك بىر قوتان خەق بىلەن ئەمەس، ئۆزى يالغۇز مىنىپمۇ ماڭغىلى بولىدىغىنى بولدى.

شۇنداق قىلىپ ھەمىشە تاغلاردىن خىلمۇ - خىل تاشلارنى تېرىپ چۈشىدىغان جۈرئەت شۇندىن باشلاپ تاغقا چىققاندا تاش تەرمەيدىغان، تاغدا خېلى ئۇزاققىچە نېمە بىلەندۇر مەشغۇل بولماي چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى.

— ئوغلۇم، ئادەمنى قورقۇتۇپ، تاغدىن بۇرۇنقىدىن خېلىلا كېيىن يېنىپ چۈشىدىغان بولۇۋالدىڭغۇ؟— بىر كۈنى ئەجەبلىنىپ سورىدى پاتىگۈل ھەدە.

— ئاپا، تاغلاردا موتسىكلىت مىنگىلى بولىدىكەن جۇمۇ، مەن ھەممە يېرىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ باقتىم، چوڭ بولسام. . .

— چوڭ بولساڭ، — ئانا ئۇنىڭ سۆزلىگەنچە ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن مەقسىتىنى دەرھال چۈشەندى.

— موتسىكلىت بىلەن مەنمۇ تاغلارغا چىقىمەن، نۇرغۇن جايلارنى ئايلىنىمەن ئاپا.

جۈرئەت ھەرقاچان ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتسا، ئاخىرىنى چىقارمىغۇچە بولدى قىلمايتتى.

— ئوغلۇم، بىلەمسەن، ئۇ دېگەن بەكلا جاپالىق ئىش.

— قورقمايمەن، مەن دېگەن سىلەرنىڭ بالاڭلار تۇرسام. سىلەرمۇ شۇنچە قىيىنچىلىقلاردىن قورقماپتىكەنسىلەرغۇ؟ !

بورتالادىن قايتىش سەپىرىدە ئاپتوبۇس ئېگىز - پەس، ئوي - دوڭغۇل، شېغىل يوللاردا ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. شۇ تاپتا بۇ يوغان مەخلۇق ئۇنىڭ خىيالىدا كىچىككىنە موتسىكلىتقا ئايلىنىپ، دادىسىنىڭ چۆچەكلىرىدىكى ئۇچقۇر ئاتلاردەك، جۈرئەتنى تاغلار، دەريالار، چۆللەرگە. . . نۇرغۇن جايلارغا ئېلىپ كەتمەكتە ئىدى.

## مەن «شەرقىي ئاسىيا كېسەل كۆرپىسى» ئەمەس!»

جۈرئەت مەكتەپكە كىرگەندە، بويى ھەممىسىدىن ئېگىز بولسىمۇ ھەممىسىدىن قورقۇپلا يۈرەتتى. چۈنكى ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا پات - پاتلا ئۇرۇشماسلىق ھەققىدە خىزمەت ئىشلەيتتى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، تاكى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە ئەنە شۇنداق جىمغۇر، ياۋاش ئۆتتى.

ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىمۇ بالىلار پات - پاتلا ئۇنى بوزەك قىلىۋالاتتى. بىر كۈنى بىر ساۋاقدىشى بىكاردىن - بىكارغىلا ئۇنىڭ يېزىۋاتقان كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئېلىۋېلىپ، باشقا بالىلارغا ئوقۇپ بەردى. ئۇ، يۈزى تۆۋەن بالا بولغاچقا بۇنىڭدىن قاتتىق خورلۇق ھېس قىلدى - دە، ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىنلا ئالدى. . . شۇغىنىسى، جۈرئەت قول سېلىپ بولغىچە ئاغزى - بۇرنى قانغا بويالدى. جۈرئەت باشقىلارغا قول ياندۇرماي كەلگەچكە، پۇت - قولى كالامپاي بولۇپ، ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇنمىغانىدى.

شۇ كۈنى جۈرئەت مەكتەپتىن يىغلىغانچە قايتىپ كەلدى.

— مەن ئەتىدىن باشلاپ مەكتەپكە بارمايمەن،— دەيتتى ئۇ يىغلاپ،— باشقىلارنىڭ دادىسى بالىسى ئۇرۇشۇپ قالسا كېلىپ، بالىسىنى بوزەك قىلغانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇپ كېتىدۇ. سەنچۇ، كەچكىچە ئۇرۇشما، ئۇرۇۋالسىمۇ جىم تۇرۇپ بەر، دېگەندىن باشقىنى بىلمەيسەن. جىم تۇرۇپ بەرسەم، ھەممىسى مېنى بوزەك ئېتىۋاتسا . . . ھەجەپ تويدۇم شۇ مەكتەپتىن، سەندىنمۇ تويدۇم. . .

بۇ گەپلەر دادىغا سەل ھار كەلدىمۇ ياكى ئوغلىغا غەرەز ئۇقمىدى، دەپ خاپا بولدىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا چەكچىيىپ تۇرۇپ شۇنداق ۋارقىرىدى:

— ئېيتىپ باقە، سېنىڭ باشقىلاردىن نەرىڭ كەم؟ سەن بىر ئوغۇل بالا تۇرۇپ داۋاملىق ئالدىمغا ماڭقاڭنى ئېقىتىپ يىغلاپ كەلسەڭ، مەن قانداق قىلىمەن؟ مەن بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى تۇرۇپ سېنىڭ ئورنۇڭدا شۇ بالىلارنى بېرىپ ئۇرۇپ بېرەيمۇ؟ ! مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، بۇندىن كېيىن ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىلىپ كەل، ماڭا ئانداقچى - مانداقچى دېگۈچى بولما! . . .

ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ جۈرئەت تېخىمۇ جىمغۇرلىشىپ كەتتى. بىراق جىددىي ھالدا چېنىقىشقا ئاتلاندى. قاقپۇدا تۇرۇپ مەكتەپنىڭ يوللىرىدا يۈگۈرەيتتى، تورنىك ئوينايتتى، جان - جىگەر دوستى ئەنۋەر بىلەن بىللە بوكسيور مەشىق قىلاتتى. دوستى ئۇنىڭدىن بۇرۇنلا بوك[illegible] ئۆگىنىشكە باشلىغان بولۇپ، مەكتەپنىڭ تېرىلغۇ مەيدانىدىكى خەق ئانچە بارمايدىغان قويۇق ئورمانلىقنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزى بىلىدىغان بىر تۈپ دەرەخكە قۇم قاچىلانغان خالتىنى ئېسىپ، ئۇنى مۇشتلاپ مەشىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى. جۈرئەتنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن باشلانغان

مەشىقى دوستىنى بەكمۇ سۆيۈندۈرۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق تېخىمۇ چوڭقۇرلاشماقتا ئىدى.

جۇرئەت تۈن كېچىلىرى ئۆيدىن ئوغرىلىقچە چىقىپ چېنىقىدىغان، يانچۇقىغا تاشنى سېلىۋېلىپ مىجىپ ماڭىدىغان بولدى. ئۇ، ئاشۇنداق تاشنى مىجىپ چېنىقىش ئارقىلىق بىر يىلدىن كېيىن تاشنىمۇ مىجىپ ئېزىۋەتتى. شۇ چاغدا ئۇ باشقا كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە، قولىنى راسا مىجىپلا ئەمدى ماڭا پوچىلىق قىلما، دەپ ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويغۇسى كېلەتتى. جۇرئەت ئۆزىگە ئۆزى غەيرىي، چۈشىنىكسىز بالا ئىدى. ئۇنى ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم چۈشەنمەيتتى. ئىچ سىرىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ ھېچكىمگە سىر بەرمەيتتى. ئالدىن قىلىدىغان ئىشلىرىنى باشقىلاردىن مەخپىي تۇتاتتى، ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئاشكارىلايتتى. جۇرئەت بىرەر ئىشنى قىلسا، باشقىلارغا ئالدىن دېمىگەچكە تاسادىپىي، سىرلىق تۇيۇلۇپ شۇنچىلىك قىزىقاتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ جاپالىق چېنىقىۋاتقىنىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەيتتى.

شۇ يىللاردا خو يۈەنجيا فىلمى قويۇلۇپ، بالىلارنى تېلېۋىزور ئالدىدىن قوپالماس قىلىپ قويدى.

- مەن خو يۈەنجيا.

- مەن چېن جېن.

مەكتەپ، مەھەللە، كوچىلاردا بالىلار ئۆز ئارا نوچىلىقنى ئۇلار بىلەن ئۆلچەيدىغان بولۇۋېلىشتى. بېشىغا باقماي ساۋاقداشلىرىدىن خېلىلا ئېگىز، ئورۇق كەلگەن جىمغۇر، خىيالچان جۇرئەتكە ھېلىقى ئۆزلىرىنى «خو يۈەنجيا»، «چېن جېن» دەپ ئاتىۋېلىشقان نوچىلار «شەرقىي ئاسىيا كېسەل كۆرپىسى» دەپ لەقەم قويۇۋېلىشقانىدى. ئۇلار پات - پاتلا ئۇنىڭغا مۇشت، پەشۋا ئېتىپ ئارام بەرمەيتتى.

«مەن قاتتىق چېنىقىپ، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن! ئۇلارغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويىمەن! نەچچە ۋاقىتنىڭ دەردىنى بىراقلا ئالىمەن! » دەپ ئويلايتتى جۇرئەت. ھەر كۈنى تاڭ يورۇماستىنلا يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئايلىنىپ يۈگۈرۈشكە ئادەتلەنگەن جۇرئەت كۈندىلىك ئادىتى بويىچە بۈگۈنمۇ تېرىلغۇ مەيدانىدىكى ئۆرۈك دەرىخىگە ئىلغان قۇم خالتا ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

جۇرئەت دادىسىغا ئۆزىنىڭ نېمە مەقسەتتە چېنىقىۋاتقىنىنى ئېيتقىنىدا دادىسى:

- ئوغلۇم، ياخشى قىپسەن. داغىنى ئۆز جاسارىتى بىلەن يۇيۇشلا ئەركەكنىڭ ئىشى، ھەر كىمنىڭ تەقدىرى ئۆزىنىڭ قولىدا، - دېدى.

بۇ جاۋاب ھەر قېتىم قۇم خالتا ئالدىغا كەلگىنىدە قولاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى. يۈگۈرۈشنىڭ ھارغىنلىقى بىردىنلا ئۇنتۇلۇپ، پۈتكۈل بەدىنى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەندىلا ئاندىن قۇم خالتىغا «رەھىم» قىلاتتى.

بىراق، بۇ قېتىم ئۇنداق بولمىدى، قۇم خالتا قىپقىزىل قانغا بويۇلۇپ، قولىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىشى بىلەنلا مۇشتلاشتىن توختىدى.

قىزارغان سەھەر قۇياشى قۇم خالتا بىلەن ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغاندەك، ئالدىرىماي كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

- ئەمدى سەندىن قان ئەمەس، ھەقىقىي جاسارەت تەرى ئېقىپتۇ، يارايسەن ئوغلۇم، - قان بولغان قوللىرىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ مەكتەپكە ئالدىراۋاتقان جۇرئەتنى كۆرگەن دادا بۇ سۆز بىلەن ئوغلىنى باغرىغا باستى.

بىر كۈنى ھېلىقى نوچىلار جۇرئەتنى يەنە قورشىۋېلىشتى!

- سەن نېمىشقا ماڭا مۇشت ياندۇرمايسەن؟ !

- ئۇ دېگەن «شەرقىي ئاسىيا كېسەل كۆرپىسى» تۇرسا! - ئەتراپتىكىلەر كۈلۈپ كېتىشتى. بۇ سۆز ئەمدى جۇرئەت ئۈچۈن كۆتۈرەلمەس ئاھانەت ئىدى.

- مەن «شەرقىي ئاسىيا كېسەل كۆرپىسى» ئەمەس، بىر كۈنى چوقۇم چوڭ ئىشلارنى قىلىمەن.

- سەن نېمە چوڭ ئىش قىلالايتتىڭ، - جۇرئەتكە قاراپ مۇشت ئاتقان بالا ھايت - ھۇيت دېگۈچە غايىبتىن تەگكەن بىر مۇشت بىلەن يەرگە يىقىلدى. مۇشت ئاتقان نوچىلا ئەمەس، باشقىلارمۇ بىردەمنىڭ ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولۇشتى.

ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلالمايدىغان، ھەممىسى تەپ تارتىدىغان بولدى.

## «ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغۇم يوق، ۋالىبولچىمۇ بولمايمەن»

ئوبۇلقاسىم ئاكىنىڭ نەزىرىدە ماتېماتىكا باشقا پەنلەرگە قارىغاندا ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىلا ئەمەس، مۇھىمى ئىرادىسىنى تاۋلاپ، ئادەمنى سىنايدىغان، چېنىقتۇرىدىغان بىر پەن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا «دۇنيا ماتېماتىكا تارىخىنى ۋاراقلاپ باقساق، ماتېماتىكلار ئارىسىدا ئاياللار يوق دېيەرلىك، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئەرلەر. ئىرادىسى چىڭ كىشىلەر. . . » دەيدۇ ئوبۇلقاسىم ئاكا. شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئۇ ئوغلىنىڭ مۇشۇ مەكتەپتە، مۇشۇ كەسىپتە ئوقۇشىنى ئارزۇلايتتى. شۇنداق بولغاندا بىرىنچىدىن بالىسىمۇ، ئائىلىسىدىكى-

لەرمۇ ھەممە جەھەتتىن قىينالمايتتى. يەنە كېلىپ ئۆزىدەك پېشقەدەم ماتېماتىك ئۈچۈن بۇ ئوغلىغا كۆپرەك ماتېماتىكا بىلىملىرىنى، دەرس ۋاقىتلىرىدا سۆزلەنمەيدىغان، ئۆزى كۆپ يىللىق ئىزلىنىش جەريانىدا بايقىغان ماتېماتىكىلىق ھەقىقەتلەرنى ئۆگىتىش، ئۇنى باشقىلاردىن بۇرۇنراق يېتىلدۈرۈش شارائىتى ھازىرلانغان بولاتتى. ئوبۇلقاسىم ئاكا يەنە ئۇنى مۇشۇ مەكتەپتە ئاسپىرانت بولغىچە ئوقۇتۇشنى ئارزۇ ۋلايتتى.

ئەمما دادىسىنىڭ تەلپىي جورئەت ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئېغىر بېسىم بولۇپ تۇيۇلاتتى. دادىسى: «سەن ياخشى ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇمىساڭ، ساڭا باشقا ھېچقانداق چىقىش يولى يوق. ئىت - ئېشەكتەك ئىشلەپ بىر ئۆمۈر ئۆتىسەن» دەيتتى. بۇ تەرىپى جورئەتنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيتتى. ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش جورئەت ئۈچۈن مەجبۇرىيەت ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ جەمئىيەتكە، ئىقتىسادقا بولغان تونۇشى دادىسىنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى.

شۇ ۋاقىتتا بىر ئىش جورئەتكە بەكلا تەسىر قىلغانىدى. جورئەت ئوقۇۋاتقان مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرىنى ئاران تۈگەتكەن بىر ئوقۇغۇچى، سىرتتا ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەنىدى ئېيىغا 300 يۈەندىن مائاش ئالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، دادىسىدەك ئالىي مەكتەپكە 20 نەچچە يىل ئىشلىگەن ئادەمنىڭ مائاشى ئاران 178 يۈەن ئىدى. جورئەت ھەر قېتىم بۇ ئىشنى ئويلىغىنىدا مۇشۇنداق ئوقۇپ، كېيىن ياخشى بىر خىزمەتكە ئېرىشىش، ئاندىن جانىنى ياخشى بېقىش، بولۇپمۇ بۇ مائاشقا تايىنىپ بىرەر چوڭ ئىشنى تەۋرىتىمەن، دېيىش مۇمكىن ئەمەسكەن دېگەندەك مۇلاھىزىلەر بىلەن ئۇزۇن - ئۇزۇن خىياللارغا پاتاتتى.

شۇ چاغلاردا، 81 -، 82 - يىللاردا، ئۆيدە تېلېۋىزور پەيدا بولغانىنىڭ ياقى جورئەت خەۋەرلەرنى ۋە كىنولارنى كۆرۈش ئارقىلىق ئىچكىرىدە، بولۇپمۇ گۇاڭدۇڭ تەرەپلەردە ئېچىلغان بازارلارغا نىسبەتەن ھېسسىي چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. شۇ ۋاقىتتا تېلېۋىزوردا كۆرۈپ ئۇنىڭغا تەسىر قىلغىنى، دېڭىز بويىدا خىزمىتى يوق، مۇنتىزىم ئىشلىمەيدىغان، ئەمما بىلىق تۇتۇپ، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، تۇتقان بېلىقلىرىنى چوڭ بازارلارغا ئەكىرىپ ساتىدىغان بىر خەنزۇنىڭ ئىشلىرى بولدى. گەرچە ئەينى يىللاردا تېخى بازار ئېچىلمىغان، كىشىلەر ئۇنى تۇجىدوبا دەپ كۆزگە ئىلمايدىغان بولسىمۇ بازار ئىگىلىكىنى باشلىۋەتكەنلىكىگە قاراپ، جورئەت «ھە، ئەمدى دەۋر ئۆزگىرىدىكەن، ئەمدىكى دەۋر پۇلدارلارنىڭ دەۋرى بولغىدەك» دېگەننى ھېس قىلىپ يەتتى.

بورتالاغا قىلغان سەپەردىن كېيىن، جورئەت بىرىنچى بولۇپ موتسىكلىت سېتىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان چوڭ ئىشى موتسىكلىتتا ئاشۇ سىرلىق تاغ، دالىلارنى كېزىش ئىدى. تېلېۋىزورلاردا تەنتەربىيە نومۇرلىرى، بولۇپمۇ موتسىكلىت چىقسا ئۇ تۇرالمايتتى. نېمە ئۈچۈن شۇنچە نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر جۇڭگوغا، جۇملىدىن شىنجاڭغا كېلىپ بۇ يەرنى ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ زور تەۋەككۇلچىلىك مەيدانى قىلىپ تاللىۋالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئۇلارلا قىلىپ ئۆزىمىزدىن بۇنداق تەۋەككۇلچىلەر چىقمايدۇ؟ بىزنىڭ خەلقىمىز، بىزنىڭ مىللىتىمىز شۇ قەدەر توخۇ يۈرەك، شۇ قەدەر قورقۇنچاق بولۇپ كەتتىمۇ؟ توغرا، نۇرغۇن قالايمىقانچىلىق يىللارنى، قالايمىقان تارىخنى دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرۈۋېرىپ خەلقىمىزنىڭ روھى چۈشۈپ، يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتتى. بىراق بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز قورقماس، باتۇر خەلقلەر ئىدىغۇ؟ قاچانغىچە يوقالغان ئەرلىك جاسارىتىمىزنى، شىر يۈرەك خاراكتېرىمىزنى قايتۇرۇپ كېلەلمەيمىز؟!

موتسىكلىتنى دادىسى ئېلىپ بېرەلىگۈدەك پۇلى بولمىغاندىكىن ئۆزى ئېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىشى كېرەك. ھەممە ئىشقا پۇل كېتىدىكەن، ئادەمنىڭ ھايات لەززىتى بەخت ھەققىدىكى چۈشەنچىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. موتسىكلىت مىنىپ چۆل كېزىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ شېرىن چۈش ئىدى، موتسىكلىت مىنىۋېتىپ ئويغىنىپ كەتسە بۇنىڭ ئۆزىگە بولمىغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۇ پۇل يىغىپ موتسىكلىت سېتىۋالماقچى بولدى، خىزمەتكە چىقىپ مائاشىنى يىغىش ئۇنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتەك تۇيۇلاتتى. ئۇ بۇنداق قورقۇنچلۇق دەرىجىدە يىراق ئىش ئەمەلگە ئېشىپ بولغىچە شۇنچىۋالا ئۇزاق سەۋر قىلالمايتتى.

جورئەت يىللارغا ئەگىشىپ تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 1 - يىللىقىغا قەدەم قويدى. خۇددى چوڭ ئادەملەردەك كەم سۆز، ئېغىر - بېسىق، يالغۇز بولسىلا تىنماي خىياللارغا كېتىدىغان بالىنىڭ روھىي ھالىتى ئاتا - ئانىنى بارغانچە غەمگە سېلىپ قويماقتا ئىدى. دادا ئاخىر بالا بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش قارارىغا كەلدى.

— ئوغلۇم، سەن بىرنەرسىنى بىزگە ئېيتالمايۋاتقاندەك قىلىسەن، مۇشۇ كۈنلەردە تېخىمۇ خىيالچان بولۇپ قالدىڭ، نېمىنى خىيال قىلىدىغانسەن؟

جورئەت بېشىنى يەرگە سالغانچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. ھەرقانداق ئىشتا دادىل، جورئەتلىك بالىنىڭ جاۋابسىز ئولتۇرۇشى دادىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇشقا باشلىدى.

- ئەزەلدىن دادىل ئىدىڭ، بۈگۈن نېمە بولدى ساڭا!

- دادا، مەن ئەمدى ئوقۇمايمىكىن دەيمەن.

ئوغلىنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆزنىڭ چىقىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن، ئۇنى قانداقتۇر باشقا ئىشلارغا يولۇقتى دەپ پەرەز قىلغان دادا بۇ جاۋاب ئالدىدا قېتىپلا قالدى.

- ئوغلۇم، دەرستە قىينىلىپ قالدىڭمۇ - يا؟

- ياق، ئۇنداق ئەمەس دادا.

شۇئان ئوبۇلقاسىم ئاكىنىڭ خىيالى نەچچە كۈن ئاۋۋالقى ئىشقا يۆتكەلدى.

شۇ كۈنى ئۇ جۈرئەتنى ئېلىپ، خېيجاسەن تەرەپلەردە مېۋە - چېۋە سودىسى قىلىدىغان ئىنىسىنىڭ قېشىغا باشلاپ بارغانىدى. ئىنىسىنىڭ تەلىپى بىلەن ئۇنى ياردەملىشىشكە قويۇپ قايتىپ كەلدى. كەچ بولغاندا جۈرئەت قايتىپ كەلدى - دە، سۆزلەپلا كەتتى.

- بىردەمنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئۈزۈمنى سېتىۋەتتۇق. ئابلىمىت ئاكام خېلى كۆپ پايدا ئالدى. پۇللارنى ساناپ بولالماي كەتتۇق.

ئۇ چاغدا ئۇ ئوغلىغا سودىنىڭ بىر تەۋەككۈلچىلىك، ئۇزۇن، جاپالىق تەجرىبىدىن يەكۈنلىنىدىغان ئىقتىسادىي پائالىيەت، بۈگۈنى بار، ئەتىسى يوقلۇقىنى سۆزلىگەن، ئوقۇشىڭلا چىقىش يولى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن، ئۇمۇ قايىل بولغانىدىغۇ، ئەجەبا بۈگۈن؟...

ئارىدىكى جىمجىتلىقنى يەنە ئوبۇلقاسىم ئاكا بۇزدى:

-ئەسلى، ئاشۇ كۈنى سېنى تاغاڭنىڭ قېشىغا ئاپارمىسام بوپتىكەن. سەن پۇل تېپىشنى بەكلا ئاسان چاغلاپ قالدىڭمۇ؟

- ياق، دادا، مەن پۇل ئۈچۈن بۇ قارارغا كەلمىدىم، مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار.

- نېمە ئويلاۋاتىسەن ئەمىسە؟- ئوبۇلقاسىم ئاكىنىڭ چېچىلىشقا باشلىغىنىنى كۆرگەن جۈرئەت دادىسىنى خاپا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن دەرھال ئېغىز ئاچتى.

- بولدى، خاپا بولما دادا، مەن ئوقۇيمەن، ئۆز نىشانىمغا يەتكەن كۈنى مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي.

بالىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ياخشى چۈشەنگەن ئوبۇلقاسىم ئاكا، ئارتۇق گەپ - سۆز قىلماستىن چىقىپ كېتىش ئىشارىتى قىلدى.

ۋاقىتنىڭ ئېقىن سۇدەك ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، جۈرئەتنىڭ كۈنلىرىمۇ ئۆز يولىدا ئۆتۈۋەردى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جۈرئەت تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدا زەپەرلەر قۇچۇشقا باشلىدى، بويىنىڭ ئېگىز، ھەرىكىتىنىڭ چاققانلىقىنى سەزگەن ۋالىبول ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى مەكتەپ «ۋالىبول كوماندىسى»غا تاللىۋالدى.

1988 - يىلى، جۈرئەت تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3 - يىللىق مەزگىلىدە شەھەر بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئارا ۋالىبول مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئۇلارنىڭ مەكتەپ كوماندىسى يېڭىلدى. ئەمما جۈرئەتنىڭ كوماندا ئارىسىدىكى تايانچ رولى، تەشكىللەش كۈچى «شىنجاڭ تەنتەربىيە مەكتىپى»دىن كەلگەنلەرنى ئۆزىگە تارتتى، ئۇنىڭغا تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ ۋالىبول كەسپىدە ئوقۇش تەكلىپىنى بەردى.

- مەن ئويلىنىپ باقاي مۇئەللىم.

ئۇ تەنتەربىيىنىڭ باشقا تۈرلىرىنى ياخشى كۆرگەندەك، ۋالىبولنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. لېكىن ۋالىبول ئۇنىڭ نىشانى ئەمەس ئىدى. چۈنكى جۈرئەتنىڭ تەنھا خاراكتېرى يەككە - يېگانە، ئۆزىنىڭ بارلىق قىزغىنلىقى، بارلىق قۇدرىتىنى تولۇق نامايان قىلالايدىغان يەككە تۈرلەرگە بەكرەك ماس كېلەتتى. ۋالىبول كوللېكتىپ، ئويچە ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇسابىقە. ۋالىبولدا ئۇ ئۆز كۈچىنى ئەڭ ياخشى نامايان قىلالمايتتى. ۋالىبول ئۇنىڭدىكى يەككە - يېگانە خاراكتېرغا يول قويمايتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىچى پۇشاتتى. «ئۆزۈم يالغۇز ئېلىشىدىغان، ئۆزۈم يالغۇز نەتىجە قازىنىدىغان ئىش بولمىسا، مېنىڭ قانداقمۇ ھاردۇقۇم چىقسۇن» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

- بوپتۇ بالام بارغىن، ئۆز قىزىقىشىڭ تەنتەربىيە ئوخشايدۇ،- ئاتا - ئانا بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇشتى.

- ياق، مەن بارماسلىق قارارىغا كەلدىم،- دېدى جۈرئەت كەسكىنلا قىلىپ.

- ئۇنداقتا تېخىمۇ ياخشى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇ ئەمىسە.

جۈرئەت مۇجمەل تەرىزدە باش لىڭشىتقانچە سىرتقا چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ بىر قېتىملىق پۇرسەت، خېلى ئادەم تەلمۈرۈپمۇ كىرەلمەيدىغان تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ ۋالىبول كەسپىنى ئۇ تاللىمىدى.

## «جۈرئەتنى كۆردۈڭلارمۇ؟»

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ يېقىنلىشىشى جۈرئەتنى ئالدىرىتىپ قويدى. ئۇ خۇددى ھاياتلىق ئاچىلىدا قايسى يولنى تاللاشنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالغان كىشىدەك ئۇزاق ئويلاندى. بىر كۈنى ئۇ ئاخىر شۇنداق نىيەتكە كەلدى: «مەن يەتتە يىللىق پىلان تۈزىمەن. يەتتە يىلغىچە ئىچكىرىگە قېچىپ كېتىپ، ئۆز جېنىمنى ئۆزۈم باقىمەن، يا چولڭ لاۋبەن بولۇپ قايتىپ كېلىمەن، يا سەرسان بولۇپ قايتىپ كېلىمەن، ئىشقىلىپ بىر نەتىجە قازىنىمەن. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسام

مېنى يەر يۇتسۇن!» دەپ قەسەم ئىچتى...

1988 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئوبۇلقاسىم ئاكا، پاتىگۈل ھەدە ئوغلى ئۈچۈن كۈنسايىن يېقىنلىشىۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ جىددىيلىكىدە ئەمەس، ئەكسىچە يېڭى بىر جىددىيلىك، ھەيرانلىق، تېڭىرقاشتا ئۆياق - بۇياققا چاپىماقتا ئىدى.

- جۇرئەتنى كۆردۈڭلارمۇ؟

- تۈنۈگۈندىن باشلاپ ئۆيگە كىرمىدى؟

- مەكتەپكىمۇ بارماپتۇ.

مەكتەپ، قولۇم - قوشنا، ئۇنىڭ دوستلىرى ھېچقايسىسى ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى.

ئاتا - ئانا ئۈچۈن بۇ ئىش ئىنتايىن تۇيۇقسىز يۈز بەردى. لېكىن بۇ جۇرئەت ئۈچۈن ھەرگىزمۇ تۇيۇقسىزلىق ئەمەس، بەلكى مۇقەررەرلىك ئىدى. بەربىر مۇشۇنداق ئىش يۈز بېرەتتى، ئۇچۇرۇم بولغان بالا ھامان ئۇچىدۇ. ئامېرىكىدا بالا 18 ياشقا كىرسىلا مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ ئاتا - ئانىسىدىن مۇستەقىل، ئۇلارغا تايانماي ياشايدىكەن. بۇ يەردىچۇ، بالىلار خېلى چوڭ بولۇپمۇ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى يوق، مۇستەقىل ياشاش شارائىتىغا ئىگە بولالمايدۇ. ئۇ مۇستەقىل ياشىيالايتتى. جۇرئەتتە باشقىلاردەك بىر ئىشتا ئازراق ئارىسالدىلىق، ئىككىلىنىش ۋە تىنىچ تۇرمۇشتىن قىيالماسلىق بولغان بولسا بۇنداق قارارلىق قىلمىغان بولاتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭدىن بەك رەنجىيدىغان بولدى - دە!

دېمىسىمۇ شۇندىن باشلاپ كۆڭۈللۈك، خاتىرجەم ئائىلە ئوبۇلقاسىم ئاكىنىڭ ھەسرىتى، پاتىگۈل ھەدىنىڭ قىيماسلىق كۆز يېشى بىلەن تولدى. تەبىئەتمۇ ئۇلارنىڭ ئوغلىغا بولغان سېغىنىشىغا ھېسداشلىق قىلغاندەك ئاپئاق قارلىرى بىلەن بۇ كىچىك تەۋەككۈلچىنىڭ يولىغا، باسقان قەدەملىرىگە ئاق يول تىلەۋاتقاندەك قىلاتتى.

جۇرئەتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئىزلىمىگەن يېرى، سورىمىغان ئادەملىرى قالمىدى. ئەنە خەۋىرى بولار، مانا خەۋىرى بولار دەپ يۈرۈپ ئاخىر توت ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن جۇرئەتنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماي ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كېتىشتى. يېقىنقى بىر نەچچە كېچىدىن بېرى جىرىڭلىغان تېلېفون پاتىگۈل ھەدىنى ھەم خۇشال قىلسا، ھەم ھەسرەتكە سالاتتى. كىمدۇر بىرى پات - پاتلا تېلېفون ئۇراتتىيۇ، ئۆيدىكىلەر تۇرۇپكىنى ئالسا ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلماستىن يېنىك تىنىپ جىمجىت تۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆيدىكىلەر بۇ جۇرئەت بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئۆزلىرىنى بەزلەيتتى. بىراق ئۇنىڭ گەپ قىلمىغىنىغا قاراپ يەنە بۇ خىيالىدىنمۇ ئارىسالدى بولۇپ قالاتتى. بىر كۈنى كېچىدە تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى.

- ۋەي، ۋەي، كىممۇ؟- دېدى ئوبۇلقاسىم ئاكا.

تېلېفوندا ھېچكىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى، خاتا ئۇرۇپ قالغان بولسىدى، ئاللىبۇرۇن قويۇۋەتكەن بولاتتى.

- كىم ئىكەن؟- پاتىگۈل ھەدە يۈرىكى بىرنەرسىنى تۇيغاندەك ئالدىراپ تېلېفوننى قولىغا ئالدى.

- ۋەي، كىممۇ؟ مەن سېنىڭ تىنىقلىرىڭدىن بىلىپ قالدىم بالام، بۇ سەنغۇ، جۇرئەت. جېنىم بالام، ساقمۇ سەن؟- پاتىگۈل ھەدە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھۆكىرەپ يىغلاپ تاشلىدى، - جۇرئەت بالام، نېمىشقا بىزدىن قاچىسەن؟ بىز ساڭا نېمە قىلدۇق؟ مېنى دەردىڭدە قان قۇسۇپ ئۆلسۇن دېدىڭمۇ؟ سېنىڭ دەردىڭدە تولا يىغلاپ كۆزى كور بولسۇن دېدىڭمۇ؟! نېمىشقا يېنىپ كەلمەيسەن؟ ئېيتقىنا، نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟...

- بولدى ئاپا، سۆزلىمە...- تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن راستىنلا جۇرئەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ تىترەك ئاۋازدا مىشىلداپ سۆزلەيتتى. قارىغاندا ئۇ ئاپىسىنىڭ يىغىسىدىن بولالماي ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ يىغلاۋاتقاندەك، ئەمما يەنىلا ئۆزىنى قەيسەر تۇتۇشقا تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى،- يىغلىما ئاپا، مەن ساق - سالامەت، ياخشى تۇرۇۋاتىمەن.

- بالام نەدە سەن، نېمە يەۋاتىسەن، نېمە كىيىۋاتىسەن، قاچان كېلىسەن؟ ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ دەرھال يېنىپ كەلگىن، بىز تېخى بىر تال ئوغلىنىمۇ باقالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالمىدۇققۇ...- پاتىگۈل ھەدە بارغانسېرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قېلىۋاتاتتى.

ئانىنىڭ ئېزىلگەن باغرىدىن جۇرئەتنىڭ سېغىنىش ياشلىرى ئىچىگە ئاقماقتا ئىدى:

- ئاپا، مەن ھازىر جاھاننىڭ يەنە بىر چېتىدە - خەينەندە تۇرۇۋاتىمەن. بۇ يەردە قىش بولمايدىكەن، ناۋادا تالا - تۈزدە قالدى دېگەندىمۇ ھەرگىز توڭلاپ قالمايمەن، يىغلىما ئاپا، يىغلىما!- سۆزلىششكە ئالدىراپ تۇرغان ئوبۇلقاسىم ئاكا ئايالىنىڭ قولىدىن تېلېفوننى ئالدى.

- قەيەردە بولساڭ، تېز يېنىپ كەل جۇرئەت، ئىچكىرىنىڭ قانچىلىك قالايمىقانلىقىنى بىلمەمسەن؟

- ماڭا ئىشەن دادا، ھەرگىز يامان ئىش قىلمايمەن، مېنىڭ ئويلىغانلىرىم بار، ھازىر بىر شىركەتتە ئامانلىق ساقلىغۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن.

- بالام، بۇنداق قاتتىق مۇساپىرچىلىقتا

قالمىدىغانغا ساڭا نېمە كەم، سېنى باقالمىدۇقمۇ - يا؟

- ياق، ياق ئۇنداق ئەمەس دادا، مېنىڭ ئويلىغىنىم بار. ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن قورقمايمەن، يامان يولدا ماڭمايمەن، ماڭا ئىشىنىڭلار. مەن ئۆيگە يېنىپ بارسام ئەتىدىن - كەچكىچە مەكتەپ بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقىدىلا قاتراپ يۈرىدىكەنمەن. ئوغۇل بالا دېگەن كەچكىچە ئۆيىنى چۆرگىلەپ يۈرىۋەرمەي، ئۆيىنى تاشلاپ يىراقلارغا چىقىپ بېقىشى كېرەك. ھازىرچە، سىلەرگە ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلمىسەممۇ، ھامان بىلىپ قالىسىلەر، مېنى ھامان چۈشىنىپ يېتىسىلەر. ئاڭغىچە مەندىن رەنجىمەڭلار، ماڭا كۆپرەك دۇئا قىلىپ تۇرۇڭلار...

تېلېفوننىڭ تۇيۇقسىز قويۇلۇشى ئاتا - ئانىنى يەنىمۇ چەكسىز غەم دېڭىزىغا تاشلاپ قويدى.

## دەسلەپكى ئېغىر كۈنلەر

ئاتا - ئانىسىدىن بىر قەدەم ئايرىلىپ باقمىغان جۈرئەت ئۈچۈن بۇ ناتونۇش شەھەردە ھەممە نېمە يېڭى ھەم رەھىمسىز ئىدى. ئۇ ياشاشنى، ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە يېڭى مۇھىتنىڭ غىدىقلىغۇچ سېھرىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. بۇ يەردە ئەقەللىي ياشاش ئۇسۇللىرىدىن تارتىپ ھەممە نەرسىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى ياخشى بولسىمۇ خەنزۇچىنى بۇ يەردە باشقىدىن ئۆگىنىشكە توغرا كېلەتتى، چۈنكى بۇيەردە خەنزۇلار چۈشىنىكسىز شىۋىدە سۆزلىشەتتى، ئورتاق تەلەپپۇزنى ئۇقۇدىغانلارمۇ قەستەن سۆزلىمەيتتى...

جۈرئەتنىڭ بۇ يەردە كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى. دەسلەپ ئۇيغۇرلارنىڭ كاۋاپدىنىدا كاۋاپچىلىقمۇ قىلدى. لېكىن بۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قىيىن تەرەپلىرىمۇ بار ئىدى: ئۇ، شۇ چاغقىچە بىرەر قېتىم ئۆيىدە ئوت قالاپ باقمىغانىدى. مانا ئەمدى كاۋاپدانغا ئوت يېقىش، ئۇنىڭغا بىر كۈن يەتكۈدەك چوغ تەخلەش، تومۇز ئىسسىق كۈنلەردىمۇ تەرلەپ - تەپچىرەپ كاۋاپداننىڭ ئوتىنى يەلپۈش، بەزىدە كۆچىنىپ پۈۋلەشكە ئوخشاش ئىشلار كۈتۈپ تۇراتتى. قاتتىق، ئىسسىق كۆمۈرگە ئاسانلىقچە ئوت تۇتاشمايتتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئوت قالىيالماي قىينىلىشى بىلەنمۇ كارى يوق، ئەتىدىن كەچ كىرگىچە ئالدىراتقىنى ئالدىراتقانىدى. ھەر كۈنى كاۋاپدانغا تۇترۇقلۇق ئوتۇن تەييارلاش، كۆمۈر چېقىش، كەچقۇرۇن كاۋاپداننىڭ چوغ - كۈللىرىنى تۆكۈپ پاكىز ئادالاش، يىغىشتۇرۇپ دۇكانغا ئەكىرىشكە ئوخشاش ئىشلارغا ئۆزى يالغۇز يېتىشىپ بولالماي قالاتتى. قولى سەللا بوشىغىدەك بولسا، ئۇنىڭغا كاۋاپلىق گۆش توغراش، قىيمىلىرىنىڭ دورا - دەرمەكلىرىنى تەڭشەش، زىخقا ئۆتكۈزۈپ قاتار تىزىشقا ئوخشاش بىر تالاي ئىشلار قاراشلىق تۇراتتى. ئۇ، بۇ يەردە سەككىز سائەت ئەمەس، تۈن يېرىمىغىچە ئىشلەيتتى. بەزىدە ھەتتا خېرىدارلار باشلىۋالغان ھاراق سورۇنىنىڭ ئاخىرى چىقماي قالسا، تاكى ئۇلار ئەتىسى تارقىلىپ ئۆيلىرىگە جۆنەشكىچە ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى ياكى بېشىدا قاراپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ھالبۇكى، ئۇ قانداقلا ئىشلىمىسۇن، بېرىلىدىغان ئايلىق ئىش ھەققى ئوخشاشلا 300 يۈەندىن ئاشمايتتى. بۇ 300 يۈەن پۇل ئۇنىڭ كېيىنكى ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ئەمەس، ھەتتا كۈندىلىك تۇرمۇشىغىمۇ يەتمەيتتى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇلارنىڭ تاماق ۋە يېتىپ - قوپىدىغان ياتاق مەسىلىسى پۇلغا ھېسابلانمايتتى، بولمىسا ياتاقلارنىڭ قىممەتچىلىكىدە قايسى كۈنىنى كۆرەتتىكىن - تاڭ!

## ئۇ ھەممىنى باشتىن باشلىدى

1991 - يىلى 10 - ئاي مەزگىلى. ئوبۇلقاسىم ئاكا ئائىلىسى شادلىقىنىڭ كۆز يېشى ۋە خۇشاللىقىدىن قايتا جانلانغانىدى. پارتىدىن قوپۇپلا ئىچكىرى ئۆلكىلەردە گاھى شىركەتلەرنىڭ ئامانلىق ساقلىغۇچىسى، مال سانقۇچىسى بولسا، گاھى كوچىلاردا كاۋاپ سېتىپ يات يۇرت، يات كىشىلەر ئارىسىدا كۆرمىگەننى كۆرگەن جۈرئەت ئۈچ يىلنى ئەستە ئۆتكۈزۈپ قايتىپ كەلدى.

- ئىچكىرىنىمۇ كۆرۈپ باقتىڭ، ئۆز ۋاقتىدا مەن دېگەننى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمساڭ ئىت - ئېشەكتەك ئىشلەپ ئۆتىسەن، دەپ. ئەمدى بولسىمۇ قايتىدىن ئوقۇ، - دېدى ئوبۇلقاسىم ئاكا.

- سەن بۇرۇنمۇ شۇنداق دېگەن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغانلارنى شۇ ۋاقىتتىن ھازىرغىچە چوڭ بىلىپ كېلىۋاتىسەن. قاراپ تۇر، بىر كۈنى جەمئىيەت، تۇرمۇش تەرەپتىن ئۇلارنى ئوقۇتىمەن، - دېدى.

- ھە، كۆرىمىز، كۆرىمىز قېنى... - دېدى ئوبۇلقاسىم ئاكا ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ.

ھەقىقەتەن جۈرئەت تۇرمۇشتىن كۆپ نەرسىلەرنى، نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى ئۆگەنگەن، خاراكتېرىدىمۇ خېلى كۆپ ئۆزگىرىش بولغانىدى.

ئوغلىنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ئەمدى ئوقۇش نىيىتى زادىلا يوقلۇقىنى پەملىگەن ئوبۇلقاسىم ئاكا ئەتىسىلا جۈرئەتنى باشلاپ «5 - كۆۋرۈك مېۋە - چېۋە توپ سېتىش بازىرى» دىكى تۇغقانلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

- جورئەتنىمۇ سېپىڭلارغا قېتىۋېلىڭلار، - دېدى - دە، جورئەتنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ كېتىپ قالدى.

پۇل قىممەت يارىتالمىسا شۇ چاغدا ئۇنىڭ كېرەكسىز قەغەزدىن ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ. سودىغا كىرىكى چۈشىنىش، پەم - پاراسەت، پۇرسەتنى ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، شۇ ئاساستا ھەر بىر قەدەمنى پۇختا بېسىش ئىدى.

جورئەت بۇ يەردە بۇنى تېزلا چۈشىنىپ يەتتى.

- دادا، ئالدى بىلەن بۇ سودىنى چۈشىنىش مۇھىمكەن. شۇڭا باشتىن باشلىماقچىمەن، - ئوغلىنىڭ بۇرۇنقى جورئەتلىك، قورقماس، ئۆزگىچە تايىنىش روھىنىڭ بارغانچە تاۋلىنىۋاتقانلىقىنى، خىيالچانلىقتىن ئەمەلىيەتچانلىققا ئۆتكەنلىكىنى سەزگەن ئاتا - ئانىنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇرۇنقى ئەندىشە، ھەسرەتلىرى شۇ تاپتا ئاللىقاياقلارغا كەتكەندەك بولدى.

شۇنداق قىلىپ، جورئەتنىڭ جاپالىق كۈنلىرى يەنە باشلاندى. ھەر كۈنى تاڭ ئاتماستىنلا بازارغا كېلىپ، باشقىلارنىڭ ماللىرىنى چۈشۈرۈپ ماللىرىنى باستى، ساتتى. نەدە ئىش بولسا شۇنىڭ ئالدىغا باردى. بىر يىل ئەنە شۇنداق جاپا - مۇشەققەتتە ئىشلەپ، يەپ - ئىچىپ مۇستەقىل تاپقان پۇل ئۇنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋەتتى. چۈنكى ئۇ بىر يىل كېچە - كۈندۈز دېگەندەك قىشمۇ - ياز ئىشلەپ تاپقىنى ئاران 300 يۈەن بولغانىدى. لېكىن جورئەت چېكىنمىدى. ئىشلىدى. سودا ئۆگەندى. ئەنە شۇنداق تەستە يىغىلغان ئۈچ يىللىق پۇلدىن مىڭ يۈەننى غۇلجىدىكى يېتىم - يېسىرلارغا باش پاناھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ دىللىرىنى ئىلىم نۇرلىرى بىلەن يورۇتۇپ كېلىۋاتقان خالىس فوندى جەمئىيىتىگە خۇشاللىق بىلەن ئىئانە قىلدى. چۈنكى ئۇ غۇلجىدىكى ئۇيغۇر باللىرىنىڭ مەكتەپسىز قالغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، يۈرەكلىرى قاتتىق ئېچىشىپ بۇ نىيەتنى ئاللىبۇرۇن كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئەلۋەتتە، پۇللۇق كىشىلەر ئۈچۈن ئۇ ھېچ گەپ ئەمەس. لېكىن يىلىغا تەرگەن - تاپقىنى ئاران 300 يۈەن بولىدىغان جورئەتتەك كىشىلەر ئۈچۈن مىڭ يۈەننى كۆكسى - قارنىدىن چىقىرىپ بىرىگە ئىئانە بېرىۋېتىش ئۈنچىۋالا ئوڭاي ئىش ئەمەس. جورئەت ئۈچۈن ئاشۇ مىڭ يۈەن خۇددى بىرەر يۈز مىڭ يۈەندەك ۋەزىنگە ئىگە ئىدى. مەن جورئەتنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا، دادىسى ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۇنۇ شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى تەلپىمگە ئاساسەن كۆرسەتتى:

«جورئەت ئوبۇلقاسىم، سىزنىڭ خالىس فوندى جەمئىيىتىمىزگە مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، مىللىي مائارىپ ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقانلىقىڭىزنى خەلق مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

شىنجاڭ غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى».

جورئەت باشقىلارغا غەرەزسىز، سەمىمىي ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلەتتى. ھېلىھەم ئاتا - ئانىسىنىڭ ئېنىق ئېسىدە تۇرۇپتۇ، ئۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا بىر ساۋاقدىشىغا ئۆزىنىڭ يېڭى ئايغىنىنى بېرىۋەتكەن؛ ئىچكىرىگە كېتىۋالغاندىن كېيىنمۇ ئاشۇ ساۋاقدىشىنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئاتا - ئانىسىغا ئەۋەتمىگەن خەت - خالتىلارنى ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن، ھەتتا ئۇ ئۆيلىنىدىغان چىقىملىرىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى جورئەت كۆتۈرۈۋەتكەنىدى (بۇ ئىشنى جورئەت ھازىرغىچە تىلغا ئالغان ئەمەس، ئۇنى ئاپىسى پاتىگۈل ھەدە بىزگە سۆزلەپ بەردى).

ئۇ، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئون ئاغىنىسى بىلەن جان - جىگەر تۇغقاندىنمۇ چارە ئۆتەتتى.

جورئەت ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ 3 مىڭ يۈەن دەسمىي بىلەن ئىش باشلاپ خېلىلا زور پايدا بىلەن ئۈچىنچى يىلغا ئۇلاشتى. ئۈچىنچى يىلى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئۆگەنگەن مال تاللاش، ياساش، سېتىش تاكتىكىلىرى بىلەن بازاردا كۆزگە كۆرۈندى.

بىر قېتىم بېسىلىپ قالغان ماللارنىڭ يەشكى ئىچىگە مۇكاپاتلىق چەك سېلىپ، نەچچە يۈەن ئۈستىگە چاپلاپ سېتىۋىدى، بىردەمنىڭ ئىچىدە شۇنچە كۆپ مال تۈگەپ بازار ئىچىدە مال سېتىشتىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورتنى ياراتتى.

جورئەت تۆت شېرىكى بىلەن 1995 - يىلى تۇنجى قېتىم ئىچكىرىگە قوغۇن تارتقاندا، ئۇلار جورئەتكە بېرىپ - كېلىشنى ھاۋالە قىلدى. شەنشىنىڭ لەنتىڭ ناھىيىسىگە بارغاندا ماشىنا ئۆرۈلۈپ كەتتى. قاتناش ۋەقەسى ئېغىر بولغاچقا، ئۇلار قوغۇن تارتقان سەككىز تونىلىق ئېغىر تىپتىكى يۈك ماشىنىسى كېرەكسىز تۆمۈر - تەسەككە ئايلىنىپ قالدى.

شۇ قېتىملىق زىياندىن كېيىن، ئارقا - ئارقىدىن يەنە زىيان كۆرۈلۈۋەردى: ئىككىنچى يىلى جورئەت ئىچكىرىگە، يەنى خېنەنگە ئىككى ماشىنا (24 توننا) قوغۇن يۆتكىمەكچى بولدى. بۇ قېتىم خېنەنگە بارغۇچە ماشىنا ۋەقەسى يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، ھاۋا بەك ئىسسىق بولۇپ كەتتى. ئون كېچە - كۈندۈزلۈك سەپەر جەريانىدا ماشىنىدا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ زەدە بولغان، ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىن سېسىغان قوغۇن بولۇپ شۇ بىرلا قېتىمدا 95 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى. جورئەت ئىچكىرىگە كەتكەندە، ئۇنىڭ بىللە ئوقەت

قىلىۋاتقان ئۈچ شېرىكى تاۋۇز چاغىنىدا ئۇقەت قىلىمىز، دەپ بىرمۇنچە مالنى بېسىپ قويغانىدى. ئۇلارنىڭ بېسىپ قويغان 20 نەچچە ماشىنا ماللىرىمۇ سېسىپ زور زىيان تارتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يىلى كەچ كۈزدە، جۇرئەت ئاتۇشتىن سەرخىل، قىممەت پۇللۇق ئىككى ماشىنا ئۈزۈم سېتىۋېلىپ ئۈرۈمچىگە يۆتكىگەنىدى، ئۈرۈمچىگە چۈشكەن ئاخشىمى تويۇقسىز ئۈششۈك چۈشۈپ جۇدۇن بولۇپ كېتىپ، ئۈزۈملەر توڭلاپ قالغاچقا يەنە 130 نەچچە مىڭ يۈەن زىيان تارتتى. شۇنداق قىلىپ، جۇرئەت 1995 - يىلدىن 1996 - يىلغىچە ئارىلىقتا 4 ـ 5 يۈز مىڭ يۈەندەك زىيان تارتىپ بەكلا روھى چۈشۈپ كەتتى. . .

## ئۇ ھەۋىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن بىرلا ۋاقىتتا تۆت موتسىكلىت سېتىۋالدى

پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە، دېگىنى راست ئىكەن. جۇرئەتنىڭ پۇل تېپىشى ھەرگىز ئاسانغا چۈشمىدى.

جۇرئەت 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرى سودا قىلغان پۇلىغا تۇنجى قېتىم «سۇزۇكى» ماركىلىق موتسىكلىت ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن موتسىكلىتقا بولغان ھەۋەس، مۇھەببەتنىڭ شۇ قەدەر كۈچلۈكلۈكىدىن، ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا (ئۈچ ئاينىڭ ئارىلىقىدا) 45 مىڭ يۈەنگە تۆت موتسىكلىت سېتىۋالدى. بۇ خۇددى كىتابقا ئامراق ئادەم دەررۇ ئوقۇپ تۈگىتەلمىسىمۇ بەرىبىر ئوقۇيمەنغۇ، دەپ «ئاچ كۆزلۈك» بىلەن بىراقلا بىرنەچچە كىتابنى تەڭ سېتىۋالغاندەك ئىش ئىدى. ھەر خىل تىپتىكى موتسىكلىتلار: ياماخا، دالا موتسىكلىتى، تاشيول مۇسابىقە موتسىكلىتى سۇزۇكى، خۇندا. . . ئۇنىڭ قولىغا ئاخىر كىردى. ئۇ، مۇشۇنداق كۆڭلىنىڭ كېلىشىنى قانچە ئارزۇلىغان - ھە!

ئۇ موتسىكلىت سېتىۋېلىشتىن ئاۋۋال قايسى تىپتىكى موتسىكلىتلارنىڭ ياخشىلىقىنى بىلمەيتتى. بۇنىسى مىنىش، ئىشلىتىش جەريانىدا ئاستا - ئاستا ئۆزلۈكىدىن بايقىلىدۇ، دەپ ئويلاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. ھەر بىر موتسىكلىتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، يېتەرسىزلىكىمۇ بار ئىدى. جۇرئەت بىر موتسىكلىتنى مىنسە، يەنە بىرىنى مىنگۈسى كېلەتتى. ئۇ ئاشۇنداق ئالماشتۇرۇپ مىنىش ئارقىلىق بۇنى ئېنىق ھېس قىلىپ يەتتى.

جۇرئەت تۇنجى قېتىم «سۇزۇكى» موتسىكلىتنى سېتىۋالغاندىلا، پۈتكۈل جۇڭگونى سەيلە - ساياھەت خاراكتېرلىك بىر ئايلىنىپ كېلىشنى ئويلىغانىدى. بىراق «بۇ موتسىكلىتنىڭ سۈپىتى ياخشى بولسىمۇ، جۇڭگوغا تېخى سايمانلىرى كىرمىگەن بولغاچقا، يول ئۈستىدە بۇزۇلۇپ قالسا تۈزىگىلى بولمايدۇ، ياخشىسى كېيىن، كۆپرەك پۇل تاپقاندا بۇنىڭدىنمۇ ئوبدانراق موتسىكلىت سېتىۋېلىپ، ئاندىن ئايلىناي» دېگەن نىيەتكە كەلدى.

جۇرئەت ھەر كۈنى ئاخشام - ئەتىسى ھېلى ئۇ يەردە موتسىكلىتنى چاپتۇرۇپ يۈرسە، ھېلى بۇ يەردە پەيدا بولاتتى. ئەمما ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇلانبايغا قاراپ بىر قېتىم چاپتۇرمىسا ۋە قىزىقىشى بويىچە ئانچە - مۇنچە خەتەرلىك مەشىقلەرنى قىلىپ كۆرمىسە كۆڭلى ئۇنىمايتتى. موتسىكلىت ئۇنى كىشىلەرگە تېزلا تونۇتۇۋەتتى. جۇرئەت دېسە، ھەممىسى بىر خىل قارام، لۈكچەك بىرىنى كۆرگەندەك سۇر باساتتى.

ھەش - پەش دېگۈچە جۇرئەتكە سودا قىلغىلىمۇ تۆت يىل بولۇپ قالدى. بۇ يىللاردا سودىسى يۈرۈشۈپ باغ كۆتۈرە ئېلىشتەك چوڭ سودىلارغا تۇتۇش قىلدى. ئۇ، 1994 - يىلى قارا شەھەردىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىنىڭ نەشپۈت ۋە ئالمىلىرىنى ئالدىن كۆتۈرە ئېلىۋېلىشقا باردى. بۇ يەردىكى دېھقانلار جۇرئەتنىڭكىدەك موتسىكلىتنى تېلېۋىزورلاردىلا كۆرگەن، ئەمما بۇ يەردە ھېچكىم مىنىپ باقمىغان بولغاچقا، بۇ كاتتا موتسىكلىتقا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇلار، باغنىڭ پۇلىغا مۇشۇ موتسىكلىتنى سۇندۇرۇپ بەرمىسە، باغنى سېتىپ بېرىشنى خالىمايدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشتى.

ـ بۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا شۇنچە كۆنۈپ قالغان تۇرسام، بۇ موتسىكلىتنى تالاشقانلار مەن بىر جۇپ قانىتىمدىن ئايرىلغان قۇشقا ئوخشاپ قالامدىمەن؟!ـ دېدى جۇرئەت موتسىكلىتنى قولدىن چىقىرىشقا زادىلا كۆزى قىيماي.

بىراق، ئۇلار:

ـ بىز ئۈرۈمچىگە پات بېرىپ بولالمايمىز. سىز دېگەن ئۈرۈمچىدە بولغاندىكىن، يەنە بىرنى سېتىۋالسىڭىز ئوخشاش ئەمەسمۇ،ـ دەپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشتى.

ھەمىشە باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئىزلەيدىغان ئاق كۆڭۈل جۇرئەت بىر دېھقاننىڭ بۇ موتسىكلىتنى تونۇغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ، بەرسەم بېرەي، دېدى تەسلىكتە.

شۇنداق قىلىپ، بۇ تۇنجى قېتىملىق سودا ئارقىلىق ئۇ يۈرتتىكى كىشىلەرنىڭ نەق پۇلدىن كۆرە موتسىكلىتقا بەكرەك قىزىقىدىغىنىنى سەزگەن جۇرئەت كېيىنكى قېتىملىق سودىسىدىمۇ ئۈرۈمچىدىن موتسىكلىت ئاپىرىپ ئۇنى باغقا تېگىشىدىغان بولدى. بۇنداق قىلغاندا، جۇرئەت ئۈچۈن سودا ئوبوروتى تېزلىشەتتى، قوش سودا قىلغىلى، بېكىرىگا يول ماڭمىغان، بەلكى ۋاقىتتىمۇ ئۇتقان بولاتتى.

مېۋە - چېۋە توپ سېتىش بازىرىدا، جۇرئەتنىڭ داڭقى تېزلا تارقىلىپ، نۇرغۇن سودىگەرلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇلار جۇرئەتنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىشكە ياكى پاي قوشۇشقا ئۈندەيتتى.

پاتىگۈل ھەدە جۇرئەتنىڭ شۇ ھالغا كېلىشى ئۈچۈن ئاز بەدەل تۆلىمىدى. دەسلەپتە بىر ئېغىزلىق ئۆينى بىكارلاپ، «توقۇمىچىلىق سېخى» قىلىپ ئىشلەتتى. كېيىنچە، ئۇنىڭ سىرتىدا، چىرايلىق توقۇلغان مايكىلىرىنى كۆرگەن كىشىلەر قىزلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن شاگىرتقا بېرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىردىن كۆپىيىپ 30 غا يەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆيى بۇلارغا تارلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ سىرتتىن دۇكان ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىدى.

پاتىگۈل ھەدە ئىشسىز، چىقىش يولى تاپالماي تېڭىرقاپ يۈرگەن 30 چە شاگىرت قىزغا زېرىكمەي - تېرىكمەي ئۆگەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن تۈگىمىگەن ئىشلىرىنى ئۆيىگە كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئاخشام - ئەتىسىمۇ دەم ئالماي باش كۆتۈرمەي ئىشلەيتتى. ئۇ، شۇ تەرزدە ئۈدا يەتتە يىل ئىشلەپ، ئاخىر زىيادە چارچاش ۋە يۆتىلىش چاڭ - توزانلىرى ئىچىدە ھالىدىن كېتىپ يىقىلدى.

ئۇ، قىشمۇ ياز بوغۇلۇپ، ئۆپكىسى پۇلىڭەنچە تىنماي يۆتىلەتتى. بۇنداق ۋاقىتتا پاتىگۈل ھەدە ئۆپكىدەك قىزىرىپ، خۇددى ھازىرلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك تىنالماي قالاتتى... بۇنى كۆرۈپ جۇرئەتنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتەتتى. ئاپام مېنى دەپ ئاغرىقچان بولۇپ قالدى، دەپ ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈنەتتى ئۇ ئاپىسى ئالدىدا ئۆزىنى مەڭگۈ قەرزداردەك، بەلكى بۇ قەرزلىرىنى ھەرقانچە قىلسىمۇ قايتۇرۇپ بولالمايدىغاندەك ھېس قىلىپ...

تىرىشچان ئانا پاتىگۈلنىڭ كومپيۇتېردا پوپايكا توقۇپ خېلى پۇل تېپىشى، ھەتتا ئادەم ياللاپ شاگىرت تەربىيىلەپ كىچىك تىپتىكى كارخانا قۇرۇشىمۇ، جۇرئەتنىڭ سودىدا زىيان تارتىپ روھى چۈشۈپ كەتكەندە قايتىدىن سودىغا كىرىشىشىگە بولغان ئىشتىياقىنى كۈچەيتىۋېتەتتى.

مېۋە - چېۋە سودىسى باشقا سودىلارغا ئوخشىمايتتى. بازار تازا ئىتتىك بولمىغاندا، دەرھال باشقىلاردىن ئىككى - ئۈچ مو چۈشۈرۈپ، ئەتتىگەنلىك ئىككى - ئۈچ سائەتلىك بازاردا تېز سېتىۋالمىسا، چۈشكە قالدىمۇ، بولدى، زىيان دېگەن شۇ. بۇ سودىنىڭ قانۇنى شۇكى، قانچە تېز سېتىلسا، ئەرزان سېتىلسىمۇ پايدا قىلىدۇ؛ قانچە ئاستا سېتىلغان مېۋە - چېۋە قىممەت سېتىلسىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا زىيان قىلىدۇ. بۇ، جۇرئەتنىڭ سودا جەريانىدا تەبىئىي شەكىللىنىپ قالغان چۈشەنچىسى.

جۇرئەتنىڭ تەۋەككۇلچىلىك خاراكتېرى مېۋە - چېۋە سودىسى جەريانىدا تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشكە باشلىغانىدى.

ئۇ سودىغا جىددىي كىرىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ ھېچكىم تېخى سەزمىگەن كەسىپكە نىسبەتەن ئىزلىنىشىمۇ توختاپ قالمىدى. مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى تەۋەككۇلچىلىك مۆجىزىلىرىگە دىققەت قىلىپ تۇردى، ئاھالىسى كۆپ ۋە زېمىنى كەڭ جۇڭگودا نۇرغۇن تەۋەككۇلچىلەر چىقتى. ھەتتا شىنجاڭدىنمۇ لىۋ باۋتيەندەك جىنىس دۇنيا رېكورتىنى يېڭىلىغۇچى تەۋەككۇلچىلەر چىقتى. بۇ كىشى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ 50 كە ئۇلاشقان كادىرى ئىدى... لېكىن ئۇيغۇرلار بۇنداق ئىشلار ئۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك بۇخىل ئىشلارنى تىلغا ئالىدىغانلارنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى... جۇرئەتكە بولغان ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئۆزىدىكى كۈچ، ۋاقىت، پۇرسەت ۋە پۇلدىكى توسالغۇ بولماستىن، بۇ خىل ئىشلارنى چۈشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ يوقلۇقى ئىدى.

ھالبۇكى، جۇرئەت بۇنىڭ ئارقىسىدىكى قورقۇنچلۇق ئىقتىسادىي چېقىملارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە قارا تەرگە چۆمۈلەتتى. چۈنكى ئۆزىنىڭ نەچچە يىللىق قان - تەرىنى، ساپ، ھالال مېھنىتىنىڭ بەدىلى بولغان شۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەتسىمۇ، ئاتا - ئانىسى تېرىپ - تۆشەپ مىڭ تەستە ئاز - ئازدىن يىغقان پۇللارنى قوشسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان بايلاردىن، سودىگەر - تىجارەتچىلەر ياكى كارخانىچىلاردىن ئىئانە تەرىقىسىدە يىغسىمۇ ئۇنىڭ سەرپىرىگە يەتمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ شان - شۆھرىتى، مىللەت - خەلقىمىزنىڭ غورۇرى ئۈچۈن دەپلا بۇنچە نۇرغۇن پۇللارنى شامالغا سورۇۋەتسە، خەلق ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈش ئەمەس، نەپرەتلىنىدىغاندەك، ھەتتا ئۆزىمۇ ئۆز - ئۆزىنى كەچۈرمەيدىغاندەك، خەلق ئالدىدا جىنايەتكار بولۇپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

«جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس، دېگەننىكەن كونىلار. ئەمدى كېچىكسەم بۇنداق مۇھىم پەيت، قىممەتلىك پۇرسەت ئىككىنچىلەپ كەلمەيدۇ. بۇ ياشلىقتا تەۋە ئاتلىنىش، قانچە بالدۇر تەييارلىنىم پۈتسە شۇنچە ياخشى بولاتتى. مانا يېڭى ئەسىرمۇ (ئۇ چاغدا، 21 - ئەسىرنى 2000 - يىلدىن باشلاش كېرەكمۇ ياكى 2001 - يىلدىن دېگەندەك تالاش - تارتىشلار خەلقئارادا تېخى ھەلبولمىغانىدى) يېقىنلاپ قالدى» كېچە - كۈندۈز دېگەندەك بۇ خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىدىن نېرى كەتمەيتتى. باشقىلارغا دېيەلمىگەن بىر ئارزۇ ئۇنى بىر كونىمۇ

ئارامغا قويماي ئازابلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، قولىغا چۈشۈرگەن جىبىنىس رېكورتى ھەققىدىكى كىتابنى تولا ئوقۇۋېرىپ يادا بولۇپ كەتتى. كىتابتا كىمنىڭ، قاچان، نەدە، قايسى تۈردە قانداق جىبىنىس رېكورتى ياراتقان ياكى رېكورتنى بۇزغانلىقى مۇپەسسەل، زىر - زەۋىرىگىچە توختالغانىدى. بۇ كىتاب ئۇنىڭ قەلبىنى يورۇتۇۋەتتى. جۇرئەت ئىشنى نەدىن باشلاش، نەدىن قول سېلىشنى بىلمەي تومانلىق دۇنيادا قاپسىلىپ قالغاندەك گاڭگىراپ قالغانىدى. مانا ئەمدى ھەممىسى ئايدىڭلاشتى. بىراق ئۆزىنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە ھېچكىمگە ئېغىز ئېچىشنى خالىمايدىغان جۇرئەت بۇ قېتىممۇ بۇنى قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىدىكى بىر مەخپىيەتلىكى قاتارىدا ساقلىدى.

1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشىيادىن ئۆتۈپ كاناداللىق كوچراشىن ياراتقان دۇنيا جىبىنىس رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىغانلىق خەۋىرى پۈتكۈل دۇنيانى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. ئادىل ھوشۇر ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە، «ئادىل ياشىسۇن! . . . ياشىسۇن!» دەپ ئادىل ھوشۇرنىڭ ئۈستىۋېشىغا گۈل - چاچقۇلارنى چاچقان، ئۇنى يىغلاپ تۇرۇپ ھاياجان ئىلكىدە ئاسمانغا ئاتقىنىچە كوچىمۇ كوچا كۆتۈرۈپ نامايىش قىلغان قانچە مىڭلىغان ئاما ئارىسىدا جۇرئەتمۇ بار ئىدى. ئۇ، بۇنداق قايناق، بۇنداق تەسىرلىك مەنزىرىنى تاكى شۇ چاغقىچە كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇمۇ قەلبى تەسۋىرلىگۈسىز ھاياجان تۇيغۇسى باشقىلارغا ئوخشاشلا ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى. . . ئۇنىڭ بۇ يىغىسىغا ئادىل ھوشۇرغا بولغان چەن قايىللىق، ئادىل ھوشۇرغا بولغان چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە ئۆز غايىسىگە بولغان چەكسىز ئىشەنچ ۋە يەنە ئاللىقانداق نازۇك، مۇرەككەپ تۇيغۇلار مۇجەسسەملەشكەنىدى. ئىچ - ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان «بىزمۇ باشقا ئىلغار، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر، خەلقلەرگە ئوخشاش چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىكەنمىز!» دېگەن قۇدرەتلىك بىر نىدا ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى لەرزىگە سېلىپ، مۇقەددەس روھىدا ئۇزاق - ئۇزاقلارغىچە ئەكس سادا پەيدا قىلىپ ياڭراپ تۇردى. . .

## ئۇ، توي قىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىنلا ئۆيدىن ئىز - دېرەكسىز چىقىپ كەتتى

جۇرئەت مېۋە - چېۋە سودىسى قىلىۋاتقاندا، ۋاقتىنىڭ قىسلىقىغا قارىماستىن ئۆزىنىڭ كەلگۈسى پىلانىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن جىددىي ھالدا بەدەن چېنىقتۇرۇشنى باشلىۋەتتى. ئۇ، دائىم مېۋە - چېۋىنى بالدۇرلا قولدىن چىقىرىۋېتىشنى ئويلاپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ كېتەتتى. بەزىدە سودىسى شۇنچە ياخشى بولسىمۇ، بەزىدە بازار ياخشى بولمىغاچقا قولىدىكى ئېشىپ قالغان مېۋە - چېۋىلەر ئەتىگە قالسا سېسىپ تۆكەپ، نۇرغۇن زىيان بولىدىغىنىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا خۇددى چىش پاستىسىنى سىقىپ چىقارغاندەك قىس ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، كەچ كۇرسقا ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىلىقمۇ خېلىلا يىراق بولۇپ، ئاپتوبۇس بىلەنمۇ بىرەر سائەتچە ماڭغاندا ـ ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىدىكى چېنىقىش كۇرسىغا بارالايتتى. بەزى كۈنلىرى قاتناش مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن توسۇلۇپ كېتىپ راۋان بولماي قالسا، ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈنلا بىر يېرىم سائەتلەپ ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ چېنىقىشقا بېرىش - كېلىشى ئۈچۈن ئۈچ سائەت، دەرس ۋاقتى ئىككى سائەت، جەمئىي بەش سائەتلەپ ۋاقىت كېتەتتى. ئەلۋەتتە، سودا ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى ۋاقىت. ۋاقىت دېمەك، سودىگەرلەرنىڭ نەزىرىدە پۇل دېمەكلىك. بولۇپمۇ، شۇ كۈنلۈك مالنى شۇ كۈنى قولدىن چىقىرىۋەتمىسە، ئەتىسىگە قالسىلا زىيىنىغا ماڭىدىغان مېۋە - چېۋە سودىسى ئۈچۈن ۋاقىت تېخىمۇ مۇھىم. بىراق ئۇ يىراقنى ئويلاپ، يۈكسەك بىر غايىنى قەلبىگە پۈكۈپ كەلگىنى ئۈچۈن ۋاقتى شۇنچە ئالدىراش، ئارىلىق شۇنچە يىراق، يەنە كېلىپ كۈن بويى سودا قىلىپ ھېرىپ - ئېچىپ ھالىدىن كەتسىمۇ بولارغا پەرۋا قىلماستىن يەنىلا ھەپتىدە ئۈچ قېتىم باراتتى. دەرس ھەر قېتىمدا ئىككى سائەت بولۇپ، ئۇلار بۇ مەكتەپنىڭ مەشىق زالىدا يەر بېغىرلاش، ئىشتانكا كۆتۈرۈش، بەدەن چېنىقتۇرۇش ئەسۋابىنى تارتىشقا ئوخشاش تۈرلەر بويىچە چېنىقتۇرۇلاتتى. چېنىقىشقا ۋاقىت ۋە ئىقتىساد كۆپ كېتىدىغان، ئادەم يېمەك - ئىچمەكتىن پەرھىز قىلىپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى يېمەكلىككە كاپالەت قىلمىسا بولمايدىغان ئىش ئىدى. ئۇ، بۇ يەردە يازدا ئىسسىق، قىشتا سوغۇق دېمەستىن ئىككى يىل جاپالىق چېنىقتى. ئەنە شۇ چېنىقىۋاتقان كۈنلەردە، شۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىسمى گۈلبەھرە بولۇپ، تېگى غۇلجىدىن ئىدى. ئۇلار توپتوغرا بەش يىل ئارىلىشىپ يۈردى.

قىزنىڭ ئوقۇشى پۈتكەندە ئۈرۈمچىدە قالدى. ئۇ ئىشلىگەن ئىدارە بىر يىلغا بارمايلا ۋەيران بولۇپ، ئۇ ئىشسىز قالدى.

1997 - يىلى جۇرئەت بۇ قىز بىلەن توي

قىلدى. ئايالىنىڭ كېيىنكى خىزمىتىمۇ جاپالىق بولۇشىغا قارىماي، مائاشىمۇ بەكلا تۆۋەن ئىدى. شۇڭا ئۇ تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، تېجەشلىك بولمىسا بولمايتتى.

جۇرئەت نەچچە ئايغىچە ئويلاندى، يولدا كېتىۋېتىپمۇ، تاماق يەۋېتىپمۇ، ئاخشىمىمۇ، كۈندۈزىمۇ باش - ئاخىرى يوق خىياللاردىن نېرى بولالمىدى. بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. ئۇ ئاخىر شۇنداق ئويغا كەلدى: «توغرا، مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم بار، ئوغۇل بالىنىڭ سىلەر ئاياللار ئويلاپ يېتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيەتلىرى كۆپ. بىزنىڭ ئۆي تۇتۇش، بالا بېقىش مەجبۇرىيىتىمىز بار، ئاتا - ئانىمىزغا قاراش مەجبۇرىيىتىمىز بار، خەلق، ۋەتىنىمىز ئۈچۈن ئۆز جېنىمىزنى تىكىپ بېرىدىغان مەجبۇرىيىتىمىز بار! ئەنە شۇ مەجبۇرىيەتلەر ئىچىدە ئۆزىنى ھەقىقىي بىر ئەركەك دەپ سانايدىغان ئوغۇل بالا ئۈچۈن يەنىلا ئەڭ مۇھىمى ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىش!... ھازىر بىزنىڭ خەلقىمىز شىر يۈرەك ئەزىمەتلەرگە، دۇنيانىڭ يېڭى ئەسىر تارىخىغا ئۆز قولى بىلەن «ئۇيغۇر» دەپ يېزىپ قويالايدىغان غالىب كىشىلەرگە موھتاج! مەن، 1999 - يىلى ئاخىرلىشىپ، پۈتكۈل ئىنسانلار 2000 - يىلىنى كۈتۈۋالىدىغان قۇتلۇق مىنۇتتا - سائەت دەل 0 گە داڭ ئۇرۇلغاندا ئۆزۈمنىڭ يەككە موتسىكلىت مىنىپ، جۇڭگونى ئايلىنىش بىلەن دۇنيا جىنىس رېكورتى ياراتقانلىقىمنى خەلقئالەمگە



جاكارلايمەن! ھازىرقى دۇنيا تارىخىدا ئۇنتۇلۇپ كېتىلىۋاتقان ئۆز خەلقىمنىڭ، ئۆز مىللىتىمنىڭ نامىنى دۇنيا جىنىس رېكورتى ئارقىلىق يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى بېتىگە مەڭگۈ ئۆچمەس قىلىپ يازىمەن!»

جۇرئەت بۇ غايە، بۇ ئىرادە ئۈچۈن خۇددى سەمەندەردەك كۆيۈپ كەلمەكتە. سەپەرنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق خېيىمخەتىرى بولىدۇ، ئادەم ئاغرىق - سىلاق ياكى ئۆيلىمىغان بىرەر پېشكەللىككە يولۇقمايمەن دېگىلى بولمايدۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇ مۇشۇ مېڭىشىدا سەپەر ئۈستىدە بىرەر قاتناش ۋەقەسىدەك بىر سەۋەبلەر بىلەن قازا قىلامدۇ تېخى! خەلق موتسىكلىتنى شۇڭا «جانئالغۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان - دە!...

شۇنداق قىلىپ، جۇرئەت شېرىن ئاي مەزگىلىنىمۇ تۈزۈك ئارامىلىق يوق زىددىيەتلىك، مۇرەككەپ خىياللار، ئۆزى بىلەن ئېلىشىشلار ۋە سەپەر ئۈچۈن كېرەكلىك ئىقتىسادىي غەملەر بىلەن پايپېتەك بولۇپ يۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ، ۋەتەن - خەلقى ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە، ئۇلۇغ ئائىلىسىدىن، شەخسىي ھۇزۇر - ھالاۋەتتىن كېچىشكە، ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىنى قۇربان بېرىشكە رازى بولدى. ئۇ پىلانلىغان مەنزىل تولىمۇ يىراق، كېتىدىغان خىراجەت شۇنچە كۆپ، ئەمما ۋاقىت قىستىلىپ قالغانىدى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، 2000 - يىلى ئەمەس، مەڭگۈ بۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە تەييارلىقلىرى يېتەرسىز ئىدى. ئەمما ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايتتى، ئۇنىڭ كاللىسىدا، ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىت سائىتى خۇددى «ئوتتۇز توققۇزىنچى پەلەمپەي» فىلىمىدىكى چولڭ، غايەت زور سائەتكە ئوخشاش چېكىلدايت-تى، چېكىلدايتتى، قوغلىغاندەك ماڭاتتى.

جۇرئەت ئۆز خىيالىدا، كۆڭۈل ئېكرانىدا ئەنە شۇ غايەت زور سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسىغا ئېسىلىپ

ماڭغىلى قويمىسىمۇ، ئۇ سائەت ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاز - ئازدىن مېڭىۋاتقاندەك، مېڭىشتىن توختىمايدىغاندەك بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولاتتى. تۇرۇپلا، ئۇ خۇددى كىچىك باللاردەك، ئەگەر قوياشنى بىرنەچچە ۋاق باغلاپ قويغىلى بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە، دەپ ئويلاپ كېتەتتى. تۇرۇپلا يەنە شۇنداق ئويلايتتى: بۇمۇ بىر تەۋەككۈلچىلىك. تەۋەككۈلچىلىك ھەقىقىي ئەركەكنىڭ جەڭ مەيدانى. ھەممە ئىشتا تەييارلىقنىڭ پۇختىلىقىنى ساقلاپ تۇرسا بۇنى تەۋەككۈلچىلىك دېگىلىمۇ بولمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنداق ساقلىغۇدەك ۋاقىتمۇ قالمىدى. يول ماڭغانسېرى ئېچىلار. قېنى، بوسۇغىدىن ئوڭ پۇتۇمنى ئېلىپ ئۆيدىن بىر چىقىپ باقمامدىم. . .

1997 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى گۈلبەھرە ئادەتتىكى كۈنلەرگە ئوخشاشلا جۈرئەت بىلەن ئەتىگەنلىك چاينى بىرگە ئىچىپ بولۇپلا ئىشقا ئالدىرىدى.

- گۈلبەھرە، مەن: . . . - جۈرئەت ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدى.

- نېمە گېپىڭىز بار جۈرئەت، چاققانراق دەڭ، يەنە ئىشقا كېچىكىپ يۈرمەي،- ئالدىراپ سورىدى گۈلبەھرە ئېرىنى خۇددى ئادەتتىكى بىر گېپى باردەك ئانچە ئېرەنشىمەيلا.

ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىقچە خوشلىشىپ، ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ماڭسامىمۇ ماڭاي، دەپ ئويلىغان جۈرئەت ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ بولغان گېپىنى بىردىنلا يۇتۇۋەتتى. ئەگەر ئۇ قوشۇلماي قالسا (قوشۇلمايدىغىنى ئېنىق)، ھەتتا ئۇنداق ئىشىڭ بولسا خېتىمنى بېرىپ، ئاندىن نەگە بارساڭ بار، دەپ ياقامغا ئېسىلسا، پۈتكۈل جۇڭگونى ئايلىنىپ بولغۇچە بىر يىلدىن ئوشۇق ماڭىدىغان يولۇمنى كۆڭۈلسىز باسامدىمەن؟ . . . ياق، ياق!

- ھېچ، ھېچنېمە. . . خوش! . . . بىر ئىش ئېسىمگە كەچكەن، بىردەمدە ئۇنتۇپ قالدىم. . .

جۈرئەت يەنىلا ئېيتماسلىقنى لايىق تاپقاچقا گېپىنىڭ باش - ئاخىرى قولاشمىدى.

گۈلبەھرە ئالدىراپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

جۈرئەت تاپقان - تەرگەن پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى رەتلەپ قايتا - قايتا ساناپ چىقتى. 70 مىڭ يۈەن. بۇ پۇل نېمىگە دال بولار؟ شۇنداقتىمۇ مېڭىشى، يولغا چىقىشى كېرەك!

ئۇ بۇ ئىشنى ھەتتا ئاتا - ئانىسىغىمۇ ئېيتمىدى. شۇ كۈنى ئۇ چوڭلارنىڭ يېنىدىن يېنىپ چىقىدىغاندا ئىچىدە: «خوش دادا، ئاپا، خۇداغا ئامانەت! مەن كەلگۈچە ئامان بولۇڭلار. ئەگەر، تىنچ - ئامان قايتىپ كېلەلمىسەم، ئايالىم سىلەرگە قالدى. ئۇنى سىلەرگە، ئاندىن ئاللاغا تاپشۇردۇم. . . سىلەرگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگەن مەندەك ئىچىدە جەگە تېشى بار بىر بەڭۋاش ئوغلۇڭلارنى كەچۈرۈڭلار!» دەپ ئۈن - تىنسىز خوشلاشتى. شۇ تۇرقى ئۇنىڭ يۈرىكى يىغلىماقتا، ئۇ ئازاب ئوتىدا پۇچۇلانماقتا ئىدى. . .

پويىز گۈرۈلدىگىنىچە شەھەر، يېزا - قىشلاق، تاغ - دەريالارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئالغا ماڭماقتا. جۈرئەت بولسا نۇرغۇن خىياللار قاينىمىدا گاھ ھاياجانلانسا، گاھ ئازابلىنىپ، ھايات - ماماتلىق، تەۋەككۈل جېڭىگە كېتىپ باراتتى. ئۆزىنىڭ ھازىر قانچىلىك بەدەل تۆلىگەنلىكى ئۆزىگىلا ئايان ئىدى. ھازىر قانچىلىك قىممەتلىك نەرسىلەردىن ۋاز كەچكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىشتىن ئۆزىنى ئامال بار قاچۇراتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ بۇنداق خىيالىي قارارلىرىغا قوشۇلمايدۇ، رازىلىق بەرمەيدۇ. ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىيالىسىلا، ئاتا - ئانىسى، خوتۇنى ئۇنى چۈشىنىپ يېتەر، ئەنە شۇ چاغدا بولسىمۇ كەچۈرۈۋېتەر! . . .

شۇ كۈنى جۈرئەتنىڭ ئايالى ئىشتىن كېلىپ، تاكى ئەل ئايىغى جىمىققىچە كۈتتى. بەلكىم، بىرەر يەردىن دوستلىرى كېلىپ قالغان بولسا، شۇلارنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئولتۇرۇپ قالغاندۇ ۋە ياكى بىرەرىدىن پۇل سورىغىلى كەتكەندۇ. ئۆيگە تىنچ كەلسىلا بولاتتىغۇ.

ئۇ ئىشىك ئالدىغا نەچچە قېتىم چىقىپ، يەنە كىرىپ بولدى. قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە، جۈرئەتنىڭ بىرنەچچە يېقىن دوستلىرىنىڭكىگە تېلېفونمۇ ئۇرۇپ باقتى. ھېچكىم ئۇنىڭ نەگە كەتكىنىنى بىلمەيدىغان بولۇپ چىقتى. تۈن تەڭدىن كېيىن بولسىمۇ كېلىپ قالار، دەپ ئۇيقۇچىلىقتا ئىختىيارسىز ئۇخلاپ قالغان گۈلبەھرە ئەتىسى كۆزىنى ئېچىپلا چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى يېنىدا جۈرئەت تېخىچە يوق تۇراتتى. ئېرى شۇ چاغقىچە بىر يەرگە بارسىمۇ قونۇپ قالمايتتى، ئىچىدىغان سورۇنلاردىنمۇ ساپساق كېلەتتى، چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن ھاراق ئىچمەيتتى. جۈرئەتكە زادى نېمە بولدىكىنە. ھە، راست، يېنىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن پۇلى بولغان بولسا ئۇنى بىلىدىغان بىرەرى قەستلەپ. . .

گۈلبەھرە خىيالىنىڭ ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى، تېنى ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ ئىشىك ئالدىدىن قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەردى.

- بىرنەرسە دېيىشىپ قالغانمىدىڭلار؟- دەپ سورىدى پاتىگۈل ھەدە يۈرەكلىرى سۇ بولغان ھالدا ھاپىلا - شاپىلا.

- ياق. . . نېمە دېيىشىپ قالاتتۇق، شۇنداق بىر ياخشى ئۆتۈۋاتقان. ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولۇپ قالغانمىدۇ؟! يۈرىكىم بىرنېمىنى تۇيغاندەك، بىر قىسىملا بولۇپ. . .- گۈلبەھرە گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي تېلېفوندىلا يىغلاپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن چوڭ ئۆيدىكىلەرمۇ، جۇرئەتنىڭ يېقىن ئەل - ئاغىنىلىرىمۇ تەرەپ - تەرەپنى ئىزلەشتى. ھەر خىل قىياسلارنى، قورقۇنچلۇق پەرەزلەرنى قىلىپ خۇددى بىرەر يامان نىيەتلىك كىشى ئۇنى بىر ئىش قىلىپ قويغاندەك ۋە يېنىدىكى بار - يوق پۇللىرىنى ئېلىۋېلىپ، ئىزىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇمچى دەرياسىغا تاشلىۋەتكەندەك تۇيۇلۇپ، بۇ دەريانىڭ يېقىن - يىراق ھەممە يەرلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقتى. ئاخىر بولماي ساقچىلارغا مەلۇممۇ قىلىشتى.

گۈلبەھرە بۇ ئىشنى تېلېفون ئارقىلىق غۇلجىدىكى ئاپىسىغا دەپ بېرىۋېتىپ يىغلاپ تاشلىغاندا، ئاپىسى قىزىنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسىغا چىدىماي شۇنداق دېدى:

- ئۇ بالىنى قاچقۇن دەپ ئاڭلاپ، سىزنى شۇنىڭغا بەرمەيلى دېگەن، يەنە بولمىدى. ئىچكىرىدە بىر يەرلەردە پۇل تاپىمەن، دەپ يۈرەمدۇ تېخى!

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما جۇرئەتنىڭ ھېچقانداق خەۋىرى بولمىدى. ئوبۇلقاسىم ئاكا پاتىگۈل ھەدە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ گۈلبەھرەنى يېنىغا ئەكېلىۋالدى.

## «دادا، ماڭا دۇئا بېرىڭلار!...»

قىش بولماس ئىسسىق بەلۋاغ خېنەن ئارىلى ھەر يىلى 11 - ئاي كېلىش بىلەنلا ھەر تەرەپتىن كەلگەن كۆلۈب، تەنھەرىكەتچىلەرنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلب قىلىپ جۇڭگونىڭ ئەڭ چوڭ تەنتەربىيە مەشق بازىسىغا ئايلىناتتى.

كىچىك چاغلىرىدا ئويان يۈرۈپ - بويان يۈرۈپ كۆرمىگەن يېرى قالمىغان، خېلى كۆپ دوستلار بىلەن تونۇشقان، مۇھىمى مەشق قىلىشتىكى ئەڭ زور تەبىئىي شارائىتقا تولغان خەيكۇ شەھرى ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆز قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ، تەۋەككۇلچى جۇرئەتنى كۈتۈۋالدى.

جۇرئەت خېنەنگە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئىشنى موتسىكلىت زاۋۇتىدىن باشلاپ خىلمۇ-خىل موتسىكلىت ئىچىدىن بىر يىللىق مەشققە پايلىغۇدەك بىر موتسىكلىتنى 12 مىڭ يۈەنگە سېتىۋېلىپ بىر ياقتىن تىجارەت قىلسا، بىر ياقتىن جاپالىق مەشقنى باشلىۋەتتى.

ئۇ بۇ ئىشتا تەنھا ئۆزىگىلا تايىنىپ كەلگەچكە خەيكودىمۇ پۇل، پىلان ھەممىسىدە ئۆزىگە تاياندى.

شۇ كۈنلەردە جۇرئەتتىن پەقەتلا خەۋەر ئالالمىغان ئوبۇلقاسىم ئاكا بىلەن پاتىگۈل ھەدە ئاي كۈنى يېقىنلىشىۋاتقان گۈلبەھرەگە قارىغانچە ئىچى سىيرىلاتتى.

- نېمە قىلغىنى بۇ بالىنىڭ، يا ئۆزى، يا خەۋىرى يوق. ئايالىنىڭ ئېغىر ئاياغلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ. . .

- كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ قىزىم. سودا بىلەن كېتىپ قالغىنى تۇرغانلا گەپ. چوقۇم يەنە نەچچە كۈندە پەيدا بولىدۇ،- ئوبۇلقاسىم ئاكا گۈلبەھرەنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىشكە تىرىشاتتى.

- بۇنداق چاغدا سودا دەپ، شۇنچە كۈن يوقاپ كەتكىنى نېمىسى، پۇلنى يەتكۈدەك تاپتىغۇ؟- ئەينى چاغدا ئوبۇلقاسىم ئاكىدىن ئايرىلىپ، يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان، بىر ئايالنىڭ بۇنداق چاغدىكى موھتاجلىقىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان پاتىگۈل ھەدە ئۆزىنى باسالماي قالدى.

ئۇلار كۈن بويى گۈلبەھرەگە يالغۇزلۇقنى چاندۇرماسلىقنىڭ ئاماللىرىنى ئىزدەشكە تىرىشاتتى ، شۇندىن باشلاپ ئاتا - ئانىلىق مۇھەببەت، كۆيۈنۈشى ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان گۈلبەھرەمۇ بۇ ئىشنى تىلغا ئالمايدىغان بولۇپ قالدى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاي كۈنى يېقىنلاشقان گۈلبەھرەنى ئانىسى يېنىدا يەڭگىتىش ئۈچۈن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يورتى غۇلجىغا ئېلىپ كەتتى.

دۇنيا دۇنيا بولغاندىن تارتىپ ئىقتىساد دۇنيانىڭ جان تومۇرى بولۇپ كەلگەن. ئەزەلدىن پۇل رەزىل ئىشلار ئۈچۈن پاسكىنا نەرسە بولسا، بۈيۈك ئىشلار ئۈچۈن مۇھىم، ئەڭ مۇھىم مەبلەغ ھىساپلىناتتى. كىشىلەر ئازراق پۇل تاپسا ئۇنى تېخىمۇ كۆپەيتىشكە تىرىشىدۇ، ياكى كەيپ - ساپاغا سەرپ قىلىدۇ، ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. جۇرئەت تاپقان بارلىق پۇلىنى بۇ ئىشقا سەرپ قىلماقچى بولغىنىدىمۇ يەنە بۇ يەرگە كېلىپ ئەمىلى ئەھۋال، تېخنىكىلىق ھىساپلاشلار ئارقىلىق ھىساپلاپ كۆرۈۋىدى ئېلىپ كەلگەن پۇلى ھەرگىز يەتمەيدىغانلىقى ئېنىق بولدى. ئۇ مەخسۇس بۇيرۇتۇپ ئالاھىدە ياساتقان ئېغىر تىپتىكى «يېڭى قىتئە» (شىن داجۇ) ماركىلىق موتسىكلىتقىلا 37 مىڭ يۈەن سەرپ قىلدى. ئۇ، بۇ يەردە تاكى بىر يىلغىچە جاپالىق مەشق قىلىپ، موتسىكلىتقا يېڭى رمە، ھەتتا ئوتتۇز نەچچە سائەتلەپ ئولتۇرۇشنى ئۆگەندى، ئۆزىنى ئۇزاق ئولتۇرۇشقا كۆندۈردى. يېڭىدىن سېتىۋالغان بىر موتسىكلىت بۇ بىر يىللىق قاتتىق مەشققە ئارانلا پايلىدى. ئۇ ھەر كۈنى بەزىدە 100، بەزىدە 300 كىلومېتىرغىچە يول يۈرۈپ مەشق قىلدى. ئاندىن موتسىكلىت زاۋۇتىغا بېرىپ، ئۆزى ياساتقان موتسىكلىتنى ھەر بىر ئۇششاق زاپچاس، دېتاللىرىغىچە چۇۋۇغۇزۇپ، بىر ئايچە رىمونت

قىلىشنى ئۆگەندى. چۈنكى، ئۇنىڭ موتىسكلىت مىنىش تېخنىكىسىدا، ھەر قانچە يىراق، ھەر قانچە جاپالىق سەپەر بولسىمۇ چىدىشىدا گەپ يوق. مۇھىمى، ئۆزى مىنگەن موتىسكلىتنى ئادەمسىز چۆل - جەزىرىلەرگە، ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاغ جىلغىلىرىدا مېڭىپ قالغاندا بۇزۇلۇپ قالغۇدەك ياكى بىر ئويلىمىغان كاشال چىققۇدەك بولسا دەررۇ ئوڭشاشنى بىلىشى كېرەك ئىدى. بولمىسا، يولدىن قېلىپ ۋاقتىدا كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەسلىكى، ھەتتا ھاياتىغا خەۋپ يېتىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، جۇرئەت موتىسكلىتنىڭ موتۇر قىسمىدىن، چاقىدىن، چىمچىرىدىن، ئوقىدىن، ھەر بىر كىچىك زاپچاسلىرىدىن چىققان غەلىتى ئاۋازنى ئاڭلاپلا نەدىن چاتاق چىققانلىقىنى ھۆكۈم قىلىپ تېپىش ۋە چوڭ كاشالنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئوخشاش بىر قارات مەسىلىلەرنى ئۆگەندى.

ئۇندىن سىرت، يەنە جۇرئەت خەيكوۋدىكى ھەربى رايونغا بېرىپ ئۇلارغا مەقسىتىنى ئۇقتۇرغانىدى، ئۇلار ئۇنىڭغا كىيىم-كېچەك، بېلىگە تاقايدىغان ئالاھىدە بىر خىل كومپاس، سائەت، خېرىتە قارتارلىق نەرسىلەرنى سوغا قىلدى ھەمدە ئۇنى چۆل-جەزىرىلىككە، تاغلار ئارىسىغا، ھەر خىل ئادەمسىز يەرلەرگە ئاپىرىپ يۆنىلىشنى تېپىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتتى. يىرىم ئايدىن كۆپرەك ئىگەللەنگەن بىلىم ئارقىلىق ئۇ ئۆزى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان خەرىتىدىن پايدىلىنىشلا ئەمەس، ھەتتا خەرىتە سىزىشقىچە پۇختا ئۆگىنىۋالدى.

جۇرئەت بىر تەرەپتىن، جاپالىق مەشق قىلىپ جاپا تارتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئېغىر، ھارغىن قەدەملىرىنى سۆرەپ ئۇ شىركەت بۇ شىركەتلەرگە چېپىپ، پۇلنىڭ ئېپىنى قىلىش ئۇچۇن بارلىق ئامالىنى ئىشقا سېلىپ چۈشەندۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ پات ئارىدا ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغان ئىشى توغرىلىق ۋە ئۆزىنىڭ داڭدار شەخس بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ شىركىتى ئۇچۇن ئېلان ئىشلەپ بېرىش ئۇبيېكتى بولۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە زىر - زەۋىرىگىچە سۆزلەيتتى.

- ئىلگىرى قانداق چوڭ مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ باققان؟

- بۇ تۇردە قانداق نەتىجەڭ بار؟

ئۇ، باشقىلاردىن سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئىلگىرى بېرىپ باقمىغان بىر نەچچە كارخانىغىمۇ باردى. ئۇلار چوقۇم بۇ ئۇلۇغ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلسە، ئاز - تولا ياردەم قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى جۇرئەت. ھالبۇكى، يىراقتىن، يەنە كېلىپ ئۆزلىرى ئانچە نەزەرىگە ئالمايدىغان، ياراتمايدىغان شىنجاڭدىن كەلگەن بىر ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قۇرۇق قول قايتۇرۇشتى. ئۇنىڭ باشقىلارغا، ئۆزىمۇ تونىمايدىغان كىشىلەرگە پۇل دەپ ئالدىغا بېرىشى خۇددى ئۇنىڭ باللىق ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە نە - نەلەردىن كېلىپ، پۇل ياكى يېمەكلىك تىلەپ كەلگەن مۇساپىر تىلەمچىلەرنى ئەسكە سالاتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى بىر تىلەمچىدەك، باشقىلار ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىش تۈگەل يىرگىنىش، نەپرەت بىلەن قاراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇنداق ۋاقىتتا باشقىلارغا ئۆمرىدە خوش دېيىشنى خالىمايدىغان، باشقىلارغا بىرەر ھاجەت بىلەن ئېغىز ئېچىشنى ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر بىلىدىغان جۇرئەت بەزىدە: «بۇنداق ئىتتەك خورلىنىپمۇ مىللەت، خەلق ئۇچۇن شان - شەرەپ كەلتۈرىمەن دەپ نېمە كەپتۇ» دەپمۇ ئويلاپ كېتەتتى. تۇرۇپلا يەنە خۇددى مەن ئۇنچىۋالا كېرەكسىز، ئۇنچىۋالا ئىرادىسىز، ئۇنچىۋالا يارىماس ئادەم ئەمەسقۇ - دەپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى.

جۇرئەت بىر زاۋۇتتىن بېشى ئېچىگە چۈشكەن ھالدا چىقىپ كېلىۋاتاتتى، يول بويىدا مۇسۇلمانچە بىر ئاشخانىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. بۇ يەرلەردىن بۇنداق ئاشخانىنى تاپالماي، تەييار چۆپ يەۋېرىپ، ئۇنىڭدىنمۇ چىقىپ كەتكەن، ھەتتا ئاشقازىنىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋالغان جۇرئەت خۇددى بىردىنلا ئۆز ئۆيىگە كېلىپ قالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ، ھاياجانىنى باسالماي يىراقتىنلا ۋارقىراپ-توۋلاپ دېگۈدەك كىرىپ كەلدى.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، - جۇرئەت ئىشىك تۈۋىدىلا قاچا يۇيۇپ ئولتۇرغان بىر ئۇيغۇر يىگىتكە چوڭقۇر سالام بەردى. بۇ يىگىتمۇ سالامنى ئىلىك ئېلىپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئولتۇرغان يېرىدىن قوپتى.

- ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشخانىسىمۇ-بۇ؟ - سورىدى جۇرئەت.

- ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشخانىسى بۇ يەردە نېمە ئىش قىلسۇن دەيسىز، خۇيزۇ ئاچقان ئاشخانا. نېمە تاماق يەيسىز؟

- نېمە تاماقلىرىڭلار بار؟

- قارىغاندا، يىراق سەپەردىن كەلگەندەك قىلىسىز. ھاردۇق چىققۇدەك تازا ئوخشۇتۇپ، نېمە يېسىڭىز شۇنى ئېتىپ بېرەي، - دېدى ئاشپەز يىگىت.

بۇ چاغدا، ئاشخانا ئىچىدىن خوجايىن چىقىپ كەلدى - دە، جۇرئەتنى كۆرۈپلا چىرايى ئۆڭدى. جۇرئەت بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاڭقىرالماي تۇراتتى، ئاڭغىچە خوجايىن:

- قۇرۇق گەپنى قويۇپ، ئىشنى جىقراق قىل - ھە! - دېدى قوپاللىق بىلەن.

جۇرئەت خوجايىننى ئاشپەز بالىنى گەپكە تۇتتى، دەپ خاپا بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغاچقا

ئارتۇق-تۆشۈك گەپمۇ قىلمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ گەپ قىلغۇسى، توختىماي گەپ قىلغۇسى كېلەتتى. قايسى كۈنىسى مۆلدۈر ياغقاندا، ئۇ تەنھالىق ئازابىنى بولىشىغا تارتقان ۋە ئادەمسىراپ كېتىپ، سىنئالغۇنىڭ كۆزىدىكى ئۆز ئەكسىگە قاراپ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟ . . . نەچچە ئاينىڭياقى بىرمۇ ئۇيغۇرنى كۆرەلمەي، بىر ئېغىزمۇ ئۇيغۇر تىلى ئىشلىتىپ باقماي، ئاخىر ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىغاندەك ئۇنى قورقۇنچ بېسىپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى، ئوخشاش بىر دىنىدىكى، ئوخشاش بىر تىلدىكى، ئوخشاش بىر يۇرتتىكى قېرىندىشىنى كۆرۈپ قانداقمۇ تىلى تۇتۇلۇپ قالسۇن؟! . . .

ئۇلار تاماق چىققىچىمۇ، تاماق يېيىلىۋاتقاندىمۇ، قىزغىن پاراڭلاشتى. ئاشپەز بالىمۇ، ياقا يۇرتتا ئۇيغۇرلارنى كۆرەلمەي، تازا ئىچى سىقىلغان، كېتەي دېسە تۇزۇك پۇلنىڭ غېمىنى قىلىپ بولالماي يۈرگەن بىر يېتىمچى ئىكەن. خوجايىنىنىڭ جۇرئەتنى كۆرۈپلا چىرايىنىڭ ئۆڭۈپ كېتىشى ئەسلى، چىقىشىپ قالسا ئۇنى ئېلىپ كەتمىسۇن، دەپ ئويلاپ قالغىنىدىن بولغانىكەن.

جۇرئەت ئۆزىنىڭ ئەتىلا بۇ شەھەردىن يولغا چىقىدىغانلىقىنى، پۈتۈن مەملىكەتنى ئايلىنىپ جىننىس رىكوردى يارىمەن دەپ يۈرگەن بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئۇنى چۈشەنمىگەنلىكتىن ياردەم قىلمىغانلىقىنى، تېخى بايىلا بىر زاۋۇتتىن خۇددى ئىشىك ئالدىدىن قۇرۇق قول ھەيدەلگەن دېۋانىدەك روھى چۈشۈپ يېنىپ چىققانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. جۇرئەت باشقا بىرسىگە دەردىنى تۆكۈۋالغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى بىر ئۇيغۇرنى كۆرگىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆز ئانا تىلىدا بىمالال سۆزلىشىۋالغىنى ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ خېلىلا يەڭگىللەپ قالغانىدى.

- ئاكا، سىز ماڭامسىز؟- دېدى ئاشپەز بالا ئۇنىڭدىن خۇددى مېنىمۇ موتىسىكلىتىڭىزغا مىنگەشتۈرۈپ ئېلىپ كەتسىڭىز، دېگەندەك بىر خىل ئىلتىجالىق چىقىپ تۇرغان نەزەر بىلەن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ مۆلدۈرلەپ:

- مۇساپىرچىلىق ئەجەب يامانكەن، ئاكا. . . شىنجاڭغا قارىغاندا ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغاچقىمۇ بۇ يەردىكىلەر شىنجاڭلىقلارنى قالاق قولىدىن ھېچنىمە كەلمەيدۇ دەپ قارايدىكەن، . . . سىز بولسىڭىزمۇ تېزراق شان-شەرەپ قازىنىڭ، بىزنىڭ بۇنچىۋالا يارامسىز كىشىلەردىن ئەمەسلىكىمىزنى ئىسپاتلاپ قويۇڭ! . . .

بالا شۇ گەپلەرنى قىلغاچ يېنىنى كولىدى ۋە خىجىللىق ئىچىدە 10 يۈەنلىك بىر قەغەز، قالغانلىرى بىر يۈەن، ئىككى يۈەن، نەچچە مودىن بولۇپ جەمى 22 يۈەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى جۇرئەتكە تەڭلىدى:

- مە، بۇ مېنىڭ يوق ھېسابىدا خەجلىمەي تىقىشتۇرۇپ يۈرگەن پۇلۇم ئىدى، خوجايىن داۋاملىق مۇئاشىمنى كېچىكتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، يېنىمدا پۇل چىققىنىنى كۆرسە، ئاخشام - ئەتىسى باشقا يەردە ئىشلىدىڭمۇ ياكى ئاخشام ئوغۇرلۇق قىلىپ كەلدىڭمۇ دەپ خاپا بولىدۇ، شۇڭا تىقىشتۇرۇپ ساقلىغانىدىم. . .- دېدى.

جۇرئەتنىڭ چاناقلىرىدا ياش لىغىرلاپ قالدى:

- بولدى ئۇكام، ماڭا تېگىل بولدى. ئۆزىڭىز ئىشلىتىڭ، مەن باشقا بىر ئامالىنى قىلارمەن، - دېدى جۇرئەت بۇ ساددە، ئاق كۆڭۈل بالىدىن تەسىرلىنىپ.

- بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، ئالمىسىڭىز مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئالمىغان بولىسىز، - بالا پۇلىسنى تېخىچە تەڭلەپ تۇراتتى، - ئېلىڭ، ئاز بولسىمۇ ئەمدى ئاز كۆرمەي. . . بىرەر ۋاخ تامىقىڭىزغا بولسىمۇ ئەس قاتار، - بالا جۇرئەتنىڭ داۋاملىق ئالماي تۇرۇۋالغىنىنى كۆرۈپ پۇلنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا شاپپىدە تىقىپ قويدى - دە، ئالدى-كەينىگە قارىماي يۈگۈرگەندەك ئىتتىك مېڭىپ كىرىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ ھېچقايسىسى شىركەت، كارخانىلار ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئالدى بىلەن مەبلەغ سېلىپ، نەتىجە ياراتقاندىن كېيىنكى نامى ئارقىلىق ئۆزىنى ئېلان قىلىشقا يېقىن يولىمىدى، ئىشەنمىدى. پەقەت موتىسىكلىت زاۋۇتىنىڭ ھەر ھالدا ئۇ نەتىجە قازىنىپ كەلگەندە شۇ كۈندىكى پائالىيەت سۇرۇنى (يەنى موتىسىكلىتنى مىنىپ كىرىدىغان مەيدان) ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. بۇ يەردە بۇ نىشانىغا ئىقتىسادى ئارقا تىرەك تېپىش ئەمەس، كۈنسايىن ياتاق، تاماق، ئۇ رەسمىيەت - بۇ رەسمىيەت ئۈچۈن بارغانچە چىقىم بولۇشقا باشلىدى. «قانداق قىلىش كېرەك؟ شىنجاڭغا مۇراجىئەت قىلىپ باقايمۇ يا؟ ياق، ھازىر ۋاقتى ئەمەس» . ئويان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ئاخىر يەنىلا ئۆز كۈچى بىلەن ئىش قىلىش قارارىغا كەلدى.

قولىدىكى بىر قىسىم پۇلنى دەسمايە قىلىپ دېڭىز بويى رايونلىرىدا تەمتىرەپ يۈرگەن ئۇيغۇر باللىرىنى بۇ يەرلەردە كاۋاپچىلىققا سالدى. شۇ كۈنلەردە كۆڭلى بىر ئاز ئىزىغا چۈشكەن جۇرئەت تېلېفوننى قولىغا ئالدى.

- دادا، ھەممىڭلار ساق تۇرۇۋاتامسىلەر؟ گۈلبەھرە ئۇ قانداقراق؟

- ئوغلۇم بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟ نەدە بولساڭ تېز قايتىپ كەل، بالاڭ تۇغۇلۇشقا ئازلا قالدى.

بالا دېگەن سۆز بىلەن جۇرئەتنىڭ يۈرىكى

ئېچىشتى. ئەمما ئۇ ئەمدى نۇرغۇن ئىشلارغا قۇربان بەرمىسە زادىلا بولمايتتى.

- دادا، مەن قايتىپ بارمەن. چوقۇم قايتىپ بارمەن، لېكىن ھازىر ئەمەس.

- ئۇنداق بولسا ھازىرلا غۇلجىغا تېلېفون بېرىپ گۈلبەھرەگە چۈشەندۈرۈپ قوي، ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم، - ئوبۇلقاسىم ئاكا بالىسىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، يەنە ئارتۇق گەپ قىلىشنى توغرا تاپمىدى.

جۈرئەتنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھەدىسى ئارزىگۈل ئاتا-ئانىسىغا:

- ھە، راست، ئۇ ئالدىنقى بىر يىللاردىلا بىزنىڭ ئۆيدە بىر كېچە قونغاندا، مەن بىلەن پاراڭلىشىپ : « مەن موتسىكلىت بىلەن جۇڭگونى ئايلىنىپ چىقايمىكىن، دەيمەن» دېگەنىدى، مەن تېخى دوختۇرخانىمىزدا بەزى كېسەللەر بېشى قېزىپ قالغاندىمۇ شۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ، جۈرئەتنىڭمۇ بېشى قېزىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپتىكەنمەن-تېخى! - دېدى.

ئاياللارنىڭ ئادەتتىكى نازۇكلۇقى تۇغۇت مەزگىلىدە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ، بولۇپمۇ گۈلبەھرەدەك ئىشقا ئۇچرىغان ئاياللارنىڭ تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى تۇرغانلا گەپ.

گۈلبەھرە جۈرئەتنىڭ تېلېفونىنى ناھايىتى تەستە ئالدى.

- گۈلبەھرە مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن، مېنى كەچۈرۈڭ، سىزنى قىيناپ قويدۇم.

- قاچان يېنىپ كېلىسىز جۈرئەت، - گۈلبەھرە تەقەززالىق بىلەن سورىدى.

جۈرئەت نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىر دەم تۇرۇپ قالدى.

- ھازىر بىر نېمە دېيەلمەيمەن. مېنى توغرا چۈشىنىڭ. . . ئىشلىرىڭىزغا ھەر ۋاقىت ئاللادىن ئۈتۈنۈپ تىلەيمەن!

ئۇنىڭ خېلى ۋاقىتلارغىچە كېلەلمەسلىكى گەپ - سۆزلىرىدىن ئايان بولدى. ئۆي تۇتقىلى ئەمدىلا بىر يىل بولسىمۇ ئەمما نەچچە يىللاردىن ئارىلىشىپ جۈرئەتنىڭ گېپىدىن يانمايدىغان مىجەزى گۈلبەھرەگە بەش قولدەك ئايان بولغاچقىمۇ، يەنە ئارتۇق گەپ قىلغۇسى كەلمىدى.

- بوپتۇ ئەمىسە، قاچان كەلسىڭىز شۇ چاغدا كېلىڭ. ئۆزىڭىزنىمۇ ئاسراڭ، خوش.

گەپ - سۆزىدىن خېلىلا قاتتىق قىيىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن جۈرئەت ئاخىرىدىكى «ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ» دېگەن سۆزىدىن بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى.

جۈرئەتنىڭ بالىلىق دەۋرىدىن كۆتكەن سەپەر كۈنلىرى يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. 37 مىڭ يۈەن بىلەن ياساتقان تۆمۈر ھەمراھىمۇ پۈتۈپ، ئۇنى ساقلاپلا قالغانىدى. تېخىمۇ مۇھىمى 2000 - يىل بارغانچە يېقىنلاپ كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان ھېلىقى يوغان سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسى خۇددى يەجۇج - مەجۇجدەك پۈتكۈل ئالەمنى سۈپۈرۈپ ئايلانماقتا ئىدى. . .

كىچىك چاغلىرىدا ھەتتا نەچچە ئاي بۇرۇنمۇ ھېچكىمگە ئېيتالمىغان، تالاي بەدەللەرنى تۆلەپ، جاپالار تارتقان كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەمدى مۇھەببەت، قوللاشقا، ئاتا - ئانا دۇئاسىغا شۇنچىلىك تەشنا بولماقتا ئىدى.

- دادا، كىچىك ۋاقتىمدا نېمە ئۈچۈن ئوقۇمايسەن دەپ سورىساڭ جاۋاب بەرمىدىم. ئېزىدىن قايتىپ كەل دېسەڭ ھامان قايتىپ بارىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قاچانلىقىنى ئېيتمىدىم. ئەمدى مەن ساڭا ئېيتاي، 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سەپەرگە ئاتلىنىپ جۇڭگونىڭ تاغ - دەريا، چۆل - جەزىرە، يېزا - قىشلاقلىرىنى ئايلىنىپ 2000 - يىلى سائەت 0 دىن 0 مىنۇت ئۆتكەندە خەينەنگە قايتىپ، دۇنيا يېڭى ئەسىرىنىڭ تۇنجى جىننىس رېكورتىنى ياراتماقچى. دادا، ماڭا دۇئا بېرىڭلار! . . . ئوغلۇڭلارغا ئاق يول تىلەڭلار. سېنىڭدىن خوش بولاي، سېنىڭدىن ئۆتۈنەي! . . .

تۇيۇقسىز ئۆز ئوغلىنىڭ يۈرىكىدىن چىقىۋاتقان تەۋەككۇل، ھايات - مامات ساداسى ئوبۇلقاسىم ئاكىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، تەمتىرىتىپ قويدى. خېلى ۋاقىتلارغىچە تېلېفوندىن ھېچقانداق سادا ئاڭلانمىدى.

- جۈرئەت، - ئېغىز ئاچتى ئوبۇلقاسىم ئاكا، - جۇڭگونىڭ زېمىنى كەڭ، تاغ - دەريا، چۆل - جەزىرە، قار - يامغۇر، قۇم - بورانلار ھەر ۋاق سېنىڭ يولۇڭدا. بۇلارنى ئويلىدىڭمۇ؟ كونىلارنىڭ «يول ئازابى، گۆر ئازابى» دېگىنى ئېسىڭدىمۇ؟

- دادا، مەن بىر تەۋەككۇلچى. ھەممىسى كۆز ئالدىمدا. مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن، ماڭا ئىشەن.

- ئۇنداقتا ئىقتىساد ئىشىنى قانداق قىلىسەن بالام؟

- ھازىر يېنىمدىكى بار پۇل بىلەن ئاتلىنىمەن. قالغىنىنى بېشىمغا كەلگەندە كۆرىمەن، قالغىنىغا خەلقىم بار، دادا.

- ۋەي، جۈرئەت، نېمە قىلماقچىسەن بالام؟ - ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتتىن ئاللىبۇرۇن ھەممىنى چۈشەنگەن ئانا تېلېفوننى ئېلىپ بۇ سۆزنى ئاران قىلىپلا قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى جۈرئەتنىڭ باغرىنى ئېزىپ تاشلىدى.

- ئاپا ئېسىڭىزدىمۇ، بورتالادا مەن سىزگە چوڭ بولسام موتسىكلىتتا تاغلارنى ئايلىنىمەن دېگەنىدىمغۇ، بۈگۈن ئاخىر شۇ كۈن يېتىپ كەلدى. ماڭا دۇئا بېرىڭ. ماڭا ئىشىنىڭ! . . .

- ئوغلۇم، سېنىڭ ئائىلەڭ بار. ئايالىڭ،

بالاڭ بار. ناۋادا بىرەر خەتەرگە ئۇچراپ قالساڭ. . .- چەتتە تۇرغان ئوبۇلقاسىم ئاكا ئاشۇ ئاچقۇچلۇق دەقىقىلەردە ھەممىنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۈلگۈردى.

- بوپتۇ ئانىسى،- ئوبۇلقاسىم ئاكا ئايالىغا تەسەللى بېرىپ ئۆز قارارىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. - ئۇ بىزنىڭ ئوغلىمىزدىن ئەمدى ۋەتەن، خەلقىنىڭ ئوغلانىغا ئايلىنىپتۇ. ئۇنى بۇ يولدىن توسۇمايلى، بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن ئۇلۇغ باشلىنىش!

ئوبۇلقاسىم ئاكا تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ ئوغلىغا ئاخىرقى سۆزىنى قىلدى.

- ئېسىڭدە بولسۇن، بىز ھەر چاغ سەن بىلەن بىللە. ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىينالساڭ دەرھال خەۋەر قىل. يول ئاينىتىمەن دەپ ماشىنا بىلەن يول تالاشما. بۇ بىر كۈنلۈك سەپەر ئەمەس، پىلاننى پۇختا تۈز، مېنىڭچە، ھاۋا سوغۇق ۋاقىتلاردا دېڭىز بويى رايونلىرىدىن چىقىپ ئوتتۇرا جۇڭگونى ئايلان، 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بېيجىڭغا بېرىپ ئايلىنىپ 4 -، 5 -، 6 - ئايلاردا شەرقىي شىمال، غەربىي شىمالدىكى ئۆلكىلەرنى ئايلىنىپ، 7 - ئايلاردا شىنجاڭدىن چىقىپ، چىڭخەي، شىزاڭ، سىچۇەن تەرەپلەردىكى تاغلىق رايونلارنى بېسىۋالساڭ سەپىرىڭ ئوتۇقلۇق بولىدۇ. . . !

دادىسى بىلەن ئۆز پىلانىنىڭ بىر يەردىن چىقىشى جۇرئەت ئۈچۈن يەنە بىر مەدەت، كۈچ بولدى.

- رەھمەت دادا، مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، سۆزلىرىڭنى ھەر ۋاقىت يادىمدا تۇتىمەن،- جۇرئەت بۇ سۆزنى قىلغاندا ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئىنسانلاردەك ھېس قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئاتا - ئانىسى خۇدادىن يىغلاپ تۇرۇپ ئوغلىغا ئۇزاقىچە ئامان - ئېسەنلىك، ئىشلىرىغا ئاسانلىق، مەدەت تىلىدى ۋە ئوغلىغا دۇئا بەردى. . .

ئەتىسى جۇرئەت دادىسى ئەۋەتكەن مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تاپشۇرۇۋالدى. كىتاب ئىچىگە دادىسى ئۆز قەلىمى بىلەن «ئوغلۇم جۇرئەت، سەپىرىڭگە ئاق يول، ئىرادەڭگە پولات يار بولسۇن» دەپ يېزىپ قويغانىدى. جۇرئەت شۇ تاپتىلا ئاتا سوۋغىسىدىن جەڭلەردە قىلىچ كۆتۈرگەن يېڭىلمەس باتۇرغا خاس تۇيغۇنى سېزىشكە باشلىدى.

جۇرئەت ھەممە تەييارلىقنى بىر قۇر قىلىپ بولۇپمۇ، يەنە نېمىدۇر مۇھىم بىرنەرسە كەمدەك يولغا چىقىش ئالدىدا قايتا - قايتا ئويلاندى. توغرا، ئۇ شاڭخەي جىنىس رېكورتى باش شتابىدىكى ۋاڭ يىجۇ ئەپەندىنىڭ بۇ ھەقتىكى مەسلىھەتىنى ئېلىپ باقسۇن، نېمە دەيدىكىن. جۇرئەت ئۇنىڭغا تېلېفون بەردى. ۋاڭ يىجو خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ خاسىيەتلىك بىر ئىشقا تۇتۇش قىلغىنىنى تەبرىكلىدى، ئاندىن ئاخىرىدا:

- سەن پاكىت ئۈچۈن ئۆزۈڭ ماڭغان، بېسىپ ئۆتكەن جايلارنىڭ تامغىسىنى باستۇرىمەن، دەپ ئاۋارە بولما. مەمۇرىي تامغا ئۇنىڭغا ئىسپات بولالمايدۇ. پوچتا تامغىسى ھەرقانداق ئورۇن، ھەرقانداق رايون، ھەرقانداق بىر دۆلەت، ھەتتا خەلقئارادىمۇ ئېتىراپ قىلىنىدىغان بىردىنبىر ئىسپات. سېنىڭ قانچىلىك ماڭغىنىڭغا پەقەت شۇ پوچتا تامغىسىلا ئىسپات بولالايدۇ. شۇڭا ھەرقايسى جايلاردىن ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ پوچتا تامغىسىنى پوچتا ئاتكرىتكىسىغا باستۇرۇۋال. ئەگەر پوچتىخانا يوق تاغلىق رايون، چۆل - جەزىرىلەرگە ئوخشاش جايلاردىن ئۆتۈپ قالساڭ ۋە ياكى سەن كەچتە بېرىپ قىلىپ شەھەردىكى پوچتىخانىلار تاقىلىپ بولغان بولسا، شۇ شەھەرنىڭ بىرەر داڭلىق بىناسى، مەنزىرىلىك جايلىرى، داڭلىقراق چوقا ياكى شۇنىڭدەك شۇ يەرلىك جايلارغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان، بەلگە بولالايدىغان كۆرۈنۈشنى ئېلىپ ئۆزۈڭنى رەسىمگە تارتىپ ماڭساڭ، ئەڭ بولمىغاندا نەچچىنچى نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىدا كېتىۋاتىسەن، رەسىمگە ياكى سىنئالغۇغا تارتىۋالساڭ، بىز شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىمىز،- دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەييارلىقنىڭ يەنىلا يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بىر دانە فوتو ئاپپارات بىلەن بىر دانە كىچىك تىپتىكى سىنئالغۇ ئاپپاراتى سېتىۋالدى. ئاندىن يول خەرىتىسىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىپ، «جۇڭگو شوسسېلىرىنىڭ يۈرۈشتە پايدىلىنىش خەرىتە توپلىمى» ناملىق بىر كىتابنى ئىزلەپ تېپىپ سېتىۋالدى. بۇ كىتابتا قاتناش جەريانىدا مۇھىم بولغان بىلىملەردىن سىرت، بىر شەھەر بىلەن يەنە بىر شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسى نەچچىنچى نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولى بولىدىغانلىقى، ئارىلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، يول بويى ياكى شۇ شەھەرلەردە ئۇچرايدىغان مەكتەپلەر، سەيلە - ساياھەت نۇقتىلىرى، مېھمانخانىلار، سودا سارايلىرى، پوچتىخانىلار، ماي قاچىلاش پونكىتلىرى، دوختۇرخانا (جىددىي قۇتقۇزۇش مەركەزلىرى)، ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكەتلىرى، تۆمۈريوللار، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللار، مېڭىش مەنئى قىلىنغان يول [illegible] رايونلار، تەنتەربىيە مەيدانى ياكى سارايلىرى، تاغ چوققىلىرى، قانال، دەريا، ئۆستەڭلەر، كۆللەر، قاتناش تارماقلىرى، قاتناش ھادىسىسى-نى مەلۇم قىلىش ئورنى، رېمونتخانا، ماشىنا توختىتىش مەيدانلىرى، يەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى. . . قاتارلىقلارنىڭ ئورنى چۈشۈرۈلگەن خەرىتىلەر توپلىمى بولۇپ، ھەر بىر ئۆلكە،

شەھەرلەرگىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىنچىكە، مۇپەسسەل سىزىلغانىدى.

1998 - يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى موتسىكلىتنىڭ گۈرۈلدىگەن كۈچلۈك ئاۋازى، تەۋەككۈلچى ئۇيغۇر ئوغلىنىڭ ساداسىغا قوشۇلۇپ، خېيكۇ شەھىرىدىن بارا - بارا يىراقلىشىشقا باشلىدى. جۇرئەت خېنەن ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭدۇڭغا چېگرىداش كېلىدىغان خېيكۇ شەھىرىدىن چىقىپ گۇاڭدۇڭ تەرەپكە مېڭىشقا ئالدىرىماستىن، ئارقىسىغا يېنىپ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي چېتىگىچە بېرىپ يەنە خېيكۇغا قاراپ يول ئالدى. . .

## جۇرئەت جىننىس رېكورتى ياراتتى

جۇرئەت جاھاننىڭ يەنە بىر چېتى بولغان ۋە جۇڭگونىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خۇددى تەيۋەنگە ئوخشاشلا چوڭ قۇرۇقلۇقتىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئارال ئۆلكىسى - خېينەننىڭ مەركىزىي شەھىرى خېيكۇدىن يولغا چىققاندىن كېيىن، بىر پۈتۈن خېينەن ئۆلكىسىنى ئايلىنىپ، ئاندىن گۇاڭدۇڭ، سۇجۇ، فۇجيەن قاتارلىق ئۆلكىلەرگە قاراشلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتتى.

ئۇ يول بويى ھەر كۈنى دېگۈدەك قاتناش ۋەقەسىگە يولۇقۇپ يارىلانغانلارنى، نەق مەيداندا تىن تارتمايلا ئۆلگەنلەرنى، ماشىنىسى ئۆرۈلۈپ ياكى ئوت كېتىپ چۆل - جەزىرىلەردە قالغان شوپۇرلارنى، بېسىپ ئۆتۈپ كەتكەن ماشىنىنىڭ ئاستىدىن تارتىپ چىقىرىلىپ، جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېلىپ كېتىلىۋاتقان يارىدار كىشىلەرنى كۆرۈپ تۇراتتى. بۇنداق ۋاقىتتا، ئۇ خۇددى ئۆزىمۇ ھېلىلا بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالىدىغاندەك تېنى شۈركۈنۈپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ: «خۇدا ئۆزۈڭ بار، ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم! » دەپ جىنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ مېڭىۋېرەتتى. ماڭغاندىمۇ بېسىپ ئولتۇرۇپ زەربىدارلىق بىلەن ماڭاتتى. بەزى كۈنلىرى ئەڭ كۆپ بولغاندا 37 سائەتلەپ موتسىكلىت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ماڭغان يەرلىرى بار ئىدى. ماڭغىلى بولمايدىغان يەرلەر يولۇقۇپ قالغان كۈنلىرى يول ئاينىمايتتى. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ 10 سائەتلەپ توختىماي يول يۈرسىمۇ، بىر كۈندە ئاران 35 كىلومېتىر باساتتى. يول ياخشى بولسا، ئەڭ جىق باسقان يولى 10 سائەتتە 700 كىلومېتىرغا يېتەتتى. مۇساپىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئاساسەن جۇرئەت ئەمەس، يول بەلگىلەيتتى. ھەر بىر شەھەرگە كىرىپ يول تېپىپ چىقىپ كېتىپ بولغۇچە ئىككى - ئۈچ سائەتلەپ ۋاقىت كېتىپ قالاتتى، بەزى كۈنلىرى ئىچكىرىدە شەھەرلەر زىچراق بولغاچقا، ئۈچ شەھەرنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالسا، 10 سائەتلەپ ۋاقتى ئاينىماس، ھېسابلانماس «ئوغرى يول» بىلەن زايە بولۇپ كېتەتتى.



ئۇ شۇ تەرىزدە بىر ئاي يول ماڭغاندىن كېيىنكى مەلۇم بىر كۈنى تاغ يولىدا كېتىۋېتىپ، بىر دالىدىغا چۈشۈپ كىچىك تەرەت قىلدى. بۇ نېمە ئالامەت؟ ! جۇرئەت قورقۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇ قىپقىزىل قان سىيگەنىدى. «ئەمدى تۈگىشىپتىمەن، ئەر كىشىنىڭ ئەرلىكى كاردىن چىقتى دېگەنلىك، تىرىك مۇردىغا ئايلاندى دېگەنلىك. . . » . جۇرئەتنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولۇپ بويىغا يىغا ئولاشتى.

«دوختۇرخانىغا كۆرۈنەي دېسەم، يوغان كېسەلدىن بىرنى چىقىرىپ قويسا، بىر مۇنچە تەييارلىق قىلىپ قىلغان ئىشىمنىڭ ھەممىسى سۇغا چىلىشىدۇ. ئۇنداق قىلماي دېسەم، چوڭ كېسەلگە ئۆزگىرىپ يېرىم يولدا بىر يەردە يىقىلىپ قالارمەنمۇ؟. . . ئىككى يولدىن بىرنى تاللىشىم كېرەك، يا توختىشىم، يا توختىماي مېڭىشىم كېرەك. دوختۇرخانىغا بارسام، دوختۇرلار يېتىپ داۋالانمىساڭ بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالسا، بەربىر توختاپ قېلىشىم مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كۆرە، دوختۇرنىڭ ئادەمنى قورقىتىدىغان ئۇ گەپلىرىنىمۇ ئاڭلىماي، ئۆلسەممۇ موتسىكلىتنىڭ ئۈستىدە ئۆلەي» . ئۇ شۇنداق ئويلاپ داۋاملىق مېڭىۋەردى. كېتىۋېتىپ يەنە ئويلايتتى، ئۇ ئاخىر شۇنداق يەكۈنگە كەلدى: موتسىكلىتتا ئۆزۈن ئولتۇرۇۋەرگەچ،

ئورۇندۇق تازا ماس كەلمەي، ئۆزىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى سۇيدۇك يولىنى بېسىپ، قان تومۇرنى بوغۇپ قويغان گەپ، بۇنىڭ بىلەن قان راۋان ئۆتۈشەلمەي، قىلدامچە قان تومۇرلىرى يېرىلغان بولۇشى مۇمكىن. . .

جۇرئەت ئەتىسى بىر ئەقىل تاپتى: ئۆزى ئولتۇرغان ئېگەرنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى جان يېرىگە تېگىشىپ تۇرىدىغان يەرنىڭ بۇلۇڭىنى كاپكازىسمان ئۆتۈكىنىڭ ئۇزۇن قونجىدا ساقلاپ يۇرگەن پىچىقى بىلەن ئاز - ئازدىن شۇلۇپ نېپىزلاشتۇردى. بەكرەك بېسىلىدىغان يەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى بولسا كېسىپ ئېلىۋەتتى.

خۇداغا شۈكۈر، ھېلىمۇ جۇرئەتنىڭ ئۆز سەزگۈسى بويىچە قىلغان ئامالى كارغا كەلدى. ئارىدىن 10 كۈندەك ئۆتۈپ، جۇرئەتنىڭ قان سىيىدىغان ئىشى ئاستا - ئاستا ياخشى بولۇپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ جۇرئەت سەپەرگە ئاتلىنىپ، تۆت ئايدىن كېيىن ئاخىر شاڭخەيگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ يەردە بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغان مۇھىم ئىشى دۇنيا گىننىس رېكورتى باش شتابىدىكى ۋاڭ يىجۇ بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشۈش ۋە ئۆزى ئاتلانغان يەككە موتسىكلىت تۈرى بويىچە ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويۇش ئىدى.

جۇرئەت ۋاڭ يىجۇ ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇ:

- سىلەر ئۇيغۇرلار يۈرەكلىك كېلىدىكەنسىلەر. سىلەردىكى خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش ۋە دادىللىق روھىغا قايىلمەن. ئۆتكەندە ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيادىن ئۆتۈشىمۇ ناھايىتى چوڭ بىر خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش ئىدى. ئەمدى سەن بۇ ئىشقا ئاتلىنىپسەن، يەككە موتسىكلىت تۈرى بويىچە بۇنچىلىك ئۇزۇن يول يۈرۈپ باققانلار يوق دېيەرلىك. شۇنداق بولسىمۇ تىزىملىككە بىر قاراپ باقايلى.

ئۇلار بىردەمدىلا تىزىملىكنى تەكشۈرۈپ بولدى.

- سەن ھازىرغىچە 19 مىڭ كىلومېتىر يول بېسىپ بولغان بولساڭ، - دېدى ۋاڭ يىجۇ جۇرئەتكە، - گىننىس رېكورتى يارىتىپ بوپسەن. . .

بۇنى ئاڭلىغان جۇرئەت خۇشاللىقىدىن ۋاڭ يىجۇنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئىختىيارسىز ۋارقىراپ ئۇلار تۇرغان زالدا يۈگۈرۈپ كەتتى. . .

ۋاڭ يىجۇنىڭ قەلبى بۇنىڭدىن لەرزىگە كەلدى. ئۇ، بۇ ئەزىمەتنىڭ شۇقەدەر قىزغىنلىقىدىن تەسىرلەنگەنىدى.

- ھازىرقى نەتىجەڭ بىلەن سېنى دۇنيا گىننىس رېكورتىنى ياراتتى، دەپ ئېلان قىلىشقا تامامەن بولىدۇ. شۇغىنىسى، بىر - ئىككى يىلغىچە سەن ياراتقان بۇ رېكورتنى بۇزۇۋېتىدىغانلارنىمۇ چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ چاغدا باشقىلار سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتۈۋالسا، تارتقان جاپايىڭ بىكارچى بولۇپ كېتىدۇ. قانداق قىلىسەن، ئۆزۈڭ تاللا، داۋاملىق ماڭامسەن ياكى مۇشۇ نەتىجەڭ بىلەن «گىننىس رېكورتى ياراتتى» دەپ ئېلان قىلىۋېتىمىزمۇ؟

جۇرئەت ۋاڭ يىجۇ ئەپەندىنىڭ كۆيۈنۈش بىلەن ئېيتىلغان سەممىي سۆزلىرىنى ئاڭلاپ شۇ زاماتلا كەسكىن ئىپادە بىلدۈردى:

- ئېلان قىلمايلى. مەن مۇشۇنچىلىك ماڭالىغان يەردە، بولدى، داۋاملىق ماڭىمەن. . . بىز ئۇيغۇرلاردا مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم دەيدىغان گەپ بار. بۇنىڭغا ئەمەل قىلالمىغان ئادەمنى ھەقىقىي ئەركەك ھېسابلىمايمىز. مەن يولغا چىققانىكەنمەن، يەر شارىنى كەم دېگەندە ئۈچ، ھەتتا تۆت قېتىملاپ ئايلانغۇدەك مۇساپە باسمىسام ھېساب ئەمەس. پۈتكۈل جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ چىقاي!

- يارايسەن، جۇرئەت! - دېدى ۋاڭ يىجۇ جۇرئەتنىڭ قولىنى دوستانىلىق بىلەن قىزغىن سىقىپ، ئاندىن جۇرئەتكە ئىسىم كارتۆشكىسىنى تەڭلەپ، - مە، بۇ مېنىڭ نام - ئەمەل كارتۆشكام، بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇقساڭ ياكى يەنە سورايدىغان ئىش - كۈشلەر چىقىپ قالسا، مېنى قاچان بولمىسۇن ئىزلىسەڭ بولىدۇ. ئەگەر مەن بىر ياقلارغا كېتىپ قالسامۇ، ئىشخانىدا باشقىلار ئۇزۇلمەيدۇ. قاچانلا ئالاقىلەشسەڭ بولىۋېرىدۇ، - دېدى.

ئۇ رەھمەت ئېيتىپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. شۇ كۈنى ئۇ، بۇ يەردىن چىقىپلا ئۇرۇمچىدىكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەردى.

- بۈگۈن مەن تۇغۇلۇپ 28 ياشقا كىرگۈچە ئەڭ بەختلىك كۈننى ئۆتكۈزدۈم، دادا. ئۇلار گىننىس رېكورتى يارىتىپسەن دېگەنىدى، ئۆزۈممۇ تۇيماستىن خۇشاللىق ئىچىدە ئۇلارنىڭ زالىدا يۈگۈرۈپ كېتىپتىمەن. . .

جۇرئەت خۇش بولۇپ كېتىپ بۇنى ئۆيدىكىلەرگە تېزرەك يەتكۈزگۈسى كېلىپ كېتىپ ئەنە شۇنداق تېلېفون بەرگەنىدى. شۇغىنىسى، بۇ تېلېفوننىڭ كۆڭۈلسىزلىك تېرىيدىغىنىنى كىم بىلسۇن؟

- گىننىس رېكورتى يارىتىپ بوپسەن، - دېدى ئاپىسى پاتىگۈل ھەدە تېلېفوندا ئوغلىغا، - ئەمدى قايتىپ كەلگىن، بالام.

- ۋاي ئاپا، بولمايدۇ. . .

- بولمايدىغان نەرى بار؟! ھەممىمىز سېنىڭ گېپىڭنى قىلىپ كۈندە يىغلايمىز، دەرھال يېنىپ كەل!

- ئاپا، مەن يەنە ماڭمىسام بولمايدۇ. ئۇلارغا شۇنداق دەپ بولدۇم.

- ھېچقىسى يوق، چوڭلار ئۇنىمىدى، دە.

جۇرئەتنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋېرىپ ئەمدىلىكتە ئارتۇقچە تاقەت قىلغۇدەكمۇ ھالى قالمىغان پاتىگۇل ھەدە ئوغلىنىڭ يېنىپ كېلىشىنى تىلەيتتى. بىراق جۇرئەت بۇنىڭغا زىنھار ئۇنىمىدى.

- ئۇنداق بولسا سەن دېگەن گېپىدىن يانمايدىغان جاھىل بالا، مەن سېنى توسۇپمۇ توسۇپ قالالمايمەن. بوپتۇ، مېڭىپ كۆرۈپ باق، «ئەر دۇئا بىلەن كۆكلەيدۇ» دەيدۇ. ساڭا كۈندە دۇئا قىلىپ تۇرىمەن،- دەپ رازىلىق بەردى تەستە ئوبۇلقاسىم ئاكا.

جۇرئەت يولغا چىقىپ تاكى سەپىرى ئاخىرلاشقان بىر يېرىم يىلچە ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئاپىسى ھەر كۈنى دېگۈدەك تېلېفون ئالدىدا قاچان سائەت سەككىز يېرىم بولاركىن، دەپ تەقەززالىق بىلەن ئولتۇراتتى. چۈنكى بىرىنچىدىن، بۇ چاغدىن باشلاپ تېلېفون ھەققى يېرىم ھېسابلىناتتى؛ ئىككىنچىدىن، جۇرئەتكە ئۇلار تېلېفون بەرسە جۇرئەتنىڭ ئۆزى تېلېفون بەرگىنىدىن ياخشى ئىدى. بۇنداق بولغاندا، جۇرئەتنىڭ چىقىمى ئاز - تولا بولسىمۇ تېجىلىپ قالاتتى. ئوبۇلقاسىم ئاكا بولسا، ئانا - بالا ئىككىسى سۆزلىشىۋاتقاندا قولىغا خەرىتىنى ئالاتتى - دە، بۈگۈن جۇرئەت نەگە كەلگەن بولسا ئۇدۇللۇق شۇ يەرگە بەلگە ئۇرۇپ ماڭاتتى ۋە ئەتىسى نەلەرگە يېتىپ بېرىشى مۇمكىنلىكىنى، يول بويى تارتىدىغان ھەر خىل مۇشكۇلاتلارنى قىياس قىلىپ كۆرەتتى. كېيىنچە ئۇنىڭ قىياسى ئاساسەن توغرا چىقىدىغان بولۇپ كەتتى.

بەزىدە، ئۇلار نەچچە كۈنلەپ تېلېفون بېرىپمۇ ئالالمايتتى. سەۋەبى، جۇرئەت تېلېفون سىگنالى قوبۇل قىلىنمايدىغان جايلاردا ماڭغان بولاتتى ياكى ئۇلار تېلېفون ئۇرغانلاردا جۇرئەت بېسىپ مېڭىۋاتقان بولغاچقا موتسىكلىتىنىڭ قاتتىق ئاۋازى جىرىڭلىغان يانفوننىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتكەچكە، تېلېفون كەلگىنىنى سەزمەي قالاتتى. بىر-ىر ياتاقتا ئورۇنلىشىپ بولۇپ كىملەردىن تېلېفون كەلدىكىن، قاراپ باقاي دەپ ئويلىسىمۇ، ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەن جۇرئەت كارىۋاتتا ئۆزىنى تاشلاشقا ئارانلا ئۈلگۈرەتتى.

## ئىچكىرىدىكى ئۇيغۇرلار

خەينەندىن ھېچقانداق تونۇشتۇرۇش ئالمايلا سەپەرگە ئاتلانغان جۇرئەت گۇاڭدۇڭغا يېتىپ كېلىش بىلەنلا شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆز مەقسىتىنى ئېيتتى.

- يارايسەن ئوغلان، يارايسەن،- تۇرسۇن ئەپەندى بىردەمنىڭ ئىچىدە بىر پارچە تونۇشتۇرۇش بىلەن جۇرئەتنىڭ سەپىرىگە ئاق يول تىلىدى.

«يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەندەك، تۇرلۇك تەشۋىقات ئورۇنلىرى بۇ جەڭگە ياخشى ماسلاشمىسا، تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بولمىسا، جۇرئەت ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ناھايىتى كۆپ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن دادىسىغا تېلېفون بېرىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيىچىلەر باش ئۇيۇشمىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئوبۇلقاسىم ئاكا دەرھال مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن تونۇشتۇرۇشنى ئېلىپ شاڭخەيگە ئەۋەتىپ بەردى.

ماڭغانسېرى يېنىدىكى پۇللار تۈگەشكە باشلىدى، بۇ خىل ئەھۋالدا بۇنداق چولڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىپ ئاخىرىنى چىقارماق مۇمكىن ئەمەس ئىدى، لېكىن تەۋەككۇل قىلغانىكەن، ھەممىگە تەۋەككۇل قىلىشقا توغرا كەلدى. چۈنكى ئەمدى ئارقىغا قايتىش مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق ئىشتا خالىس ئىئانىگە تايىنىش ئەقەللىي قانۇنىيەت بولغاندىكىن، ئۇچرىغان تىجارەتچىلەردىن، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىجارەتچىلەردىن ئۈمىد كۈتۈپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. دېمىسىمۇ 80 - يىللاردىكى ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش بىلەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردە يول تېپىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋىدى، 90 - يىللارغا كەلگەندە تېخىمۇ كۆپىيىپ، ئىچكىرىنىڭ ھەرقانداق زامانىۋى شەھەرلىرىدىن چەت يېزا - قىشلاقلارنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە يېتىپ باردى.

11 - ئاينىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى، دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ سوغۇق ئارىلاش توختىماي چۈشۈۋاتقان يامغۇرىدا ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، ۋىنجۇغا يېتىپ كەلگەندىلا يامغۇردىن قۇتۇلدى. ئەمما ۋىنجۇنىڭ بۇ مەزگىللەردىكى سوغۇقىمۇ ئادەمنى خېلىلا توڭلىتاتتى. ئۇيان ئىزدەپ - بۇيان ئىزدەپ ئاخىر بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسىنى تاپتى.

جۇرئەتنىڭ ھۆل بولۇپ، مۇزلىغان تېنى ئىسسىق شورپا كۈچىدىن ئاستا - ئاستا ئىسسىشقا باشلىدى.

- ئۇستام، بۇ ئەتراپتا ياتاق بارمۇ؟

- ياتاق بەكلا قىممەت، ئۇكا. بولدى، بىز سىزدىن پۇل ئالمايلى، بىر كېچىلىك ياتاق پۇلىڭىز بولسىمۇ تېجىلىپ قالسۇن، مۇشۇ يەردىلا ياتامسىز؟

- رەھمەت، بەكلا ھۆل بولۇپ كەتتىم، مۇنچىغا چۈشۈپ كىيىملىرىمنى قۇرۇتۇۋالسام

بولاتتى.

— مۇشۇ يەردىمۇ مۇنچا بار، كىيىملىرىڭىزمۇ قۇرۇپ قالار، بولدى بىزنىڭكىدىلا يېتىپ قېلىڭ.

جۇرئەت بۇ كىشىنىڭ ياخشى كۆڭلى ئۈچۈن كاسىلداپ تىترەپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭ تۆت كىشىلىك، 10 يۈەنلىك ياتىقىدا بىر كېچە قونۇپ قالدى. ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ پاكىز يۇيدى، ئاندىن مۇنچىغا چۈشتى. بىراق مۇنچىدا ئىسسىق سۇ قالمىغانىدى. ئەسلىدىنلا توڭلاپ ھالىدىن كەتكەن جۇرئەتكە بۇ مۇزدەك سۇمۇ ئىسسىق سۇدەك بىلىندى. لېكىن مۇنچىدىن چىقىپلا زادىلا بولالمىدى، كېچىچە ياتاقنىڭ سوغۇقلۇقىدىن تۈزۈكرەكمۇ ئۇخلىيالمىدى. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاخشام يېيىپ قويغان كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ قۇرۇماستىن تېخىچە شۇ پېتى تۇرغىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە ھېلىقى كىشىدىن نارازى بولدى. بۇ، قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلدىم، دەپ زىيان سالغاندەك بىر ئىش بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كىيىم - كېچەكلىرىنى قۇرۇغىچە ساقلاپ تۇرسا، خېلى ۋاقىت بىھۇدە ئىسراپ بولاتتى. شۇڭا كېچىچە سوغۇقتىن تىترەپ ئۇخلىيالمىغان جۇرئەت تېخىچە قۇرۇمىغان كىيىم - كېچەكنى كىيىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئاشخانا ئۇدۇلىدا تېخى پۈتمىگەن بىر بىنا بولۇپ، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ھەر جۈمە كۈنى بۇ بىناغا يىغىلىپ جۈمە نامىزى ئۆتەيتتى. شۇ كۈنى، بۇ يەرگە نامازغا ئۈلگۈرۈپ 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر يىغىلىپ ناماز ئوقۇشتى. جۇرئەت سەپەرگە چىققاندىن بېرى بۇنچە كۆپ ئۇيغۇرنى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا بىر تەرەپتىن ھاياجانلىناتتى.

نامازدىن كېيىن جۇرئەت ئۇلارغا بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ مەقسىتى، ئەھمىيىتى قاتارلىقلارنى بىرمۇبىر بايان قىلدى.

تۇۋا، بۇ كىشىلەر خۇددى 70 -، 80 - يىللاردا يىراقتىن كەلگەن چەت ئەللىكنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ تىلىنى ئۇقالماي ھەيرانلىقتا قالغان كىشىلەردەك بىردەمنىڭ ئىچىدە توپ - توپ بولۇشۇپ بىرنېمىلەرنى گۇدۇڭشىغىنىچە ئۇنىڭغا باشتىن - ئاياغ سەپسېلىشقا باشلىدى. جۇرئەت «بۇ باي، سۈرلۈك كىشىلەردىن بىرسى پۇل تاشلىسىلا قالغانلىرىمۇ بەس - بەستە تاشلىشى مۇمكىن، ئاۋۋال كىم تاشلار» دەپ دىققەت بىلەن قاراپ تۇراتتى. بىرھازادىن كېيىن بويۇن، قوللىرىغا ھەر توم - توم ئالتۇن زەنجىر، ئۈزۈك سالغان، يانفونلارنى كۆتۈرۈۋالغان 20 دەك كىشى ئۇنىڭ ئالدىدىن خۇددى «سۆلەت پاراتى» دىن ئۆتكەندەك مېڭىشقانچە ئۇزاپ كېتىشتى. ئۇلارغا ئەگىشىپ باشقىلارمۇ بىر - بىرلەپ كېتىپ قېلىشتى. جۇرئەت بۇ ئىشتىن بىرخىل يالغۇزلۇق، خورلۇق ھېس قىلدى. ئاشۇ مىنۇتلاردا جۇرئەت ئۆزىنىڭ يېگانە تەۋەككۈلچى ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا باشلىدى. «مېنى بۇلار ئالىي دىۋانە ياكى ئالدامچى دەپ ھېس قىلىۋاتىدۇ ھەرقاچان» . بۇ پىكىر كاللىسىدا پەيدا بولغان ھامان مېڭىسىدە چاقماق يانغاندەك تېنى لەرزىگە كېلىپ تىترەپ كەتتى. . .

«ھەي جۇرئەت، خەلقىمنى دۇنياغا تونۇتۇشقا ھەسسە قوشىمەن دەپ بۇ كۈنلەرگە قالغۇچە سىڭگەن نېنىڭنى يەپ، مېھرىبان ئاتا - ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئاياللىڭنىڭ يېنىدا، توققۇزى تەل ئائىلەڭدە ھېچكىمگە تەلمۈرمەي ياشىساڭ بولماسمىدى. كىم قويۇپتۇ بۇ تەۋەككۈلچىلىك سەپىرىگە چىقىشنى! . . . »

ئۇ ئۆز - ئۆزىنى ئەنە شۇنداق ئەيىبلەيتتى.

— ئاكا، ئاكا، — نېرىدىن ئاڭلانغان ئاۋاز بىلەن تەڭ جۇرئەت تەرەپكە كېلىۋاتقان بالا ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى.

— ئاكا، ماۋۇ 50 سومنى يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، بەشىمىزنىڭ كۆڭلى. يولدا بىرەر ۋاخ تاماققا بولسىمۇ دالدا بولار.

بۇلارنىڭ ئۈچىسىدىكى ئەسكى، قاسماق كىيىم - كېچىكى ئىچىدە پارلاپ تۇرغان سەمىمىي يۈرەك ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. بۇ باللار تېخى شىنجاڭدىن ئەمدىلا چىققان يېتىمچى باللار ئىدى.

— سىلەر خوتەندىنمۇ؟ — دېدى جۇرئەت يىغلامسىراپ. چۈنكى ئۇلارنىڭ شېۋىسى قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى.

— ھەئە، بىزنىڭ چىققىنىمىزغا ئۈچ كۈن بولدى. تېخى خوجايىنغا قەرزىمۇ بولۇپ قالدۇق، بولمىغان بولسا. . .

— ئۇنداقتا بۇ پۇلنى ئۆزۈڭلار سېلىپ قويۇڭلار ئۇكىلىرىم.

— ياق، تۈزۈت قىلماڭ. خۇدا پۇل بەرگەنلەرگە ئىنساپ بەرمەيدىكەن، ئىنساپ بەرگەنلەرگە بىزدەك پۇل بەرمەيدىكەن، تەڭشەلمىگەن جاھاندا قانداق قىلىمىز. ئاز بولسىمۇ سېلىپ قويۇڭ، — باللار سۆزىنى تۈگىتىپلا ئۆز يوللىرىغا كېتىپ قېلىشتى.

جۇرئەتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. . . گېلى بوغۇلۇپ قالغاچقا ئارتۇقچە بىرنەرسە دېيەلمەي كۆزىدىكى ئىسسىق ياشلىرىنى سۈرتكەنچە باللارنىڭ ئارقىسىدىن خېلى ئۇزاققىچە قاراپ قالدى.

ئۇ يول بويى بۇنداق سەرگۈزەشتىلەرنى ئاز تارتمىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى چۈشەنمىدى، ئالدامچى، ئالىي دەرىجىلىك تىلەمچى كۆردى.

— ئالدىڭغا مېڭىپ باقساڭ خۇدايىم بېرەر.

— بىرەر قېتىم تېلېۋىزورغا چىقىۋېلىپ

بولدى قىلمامسەن، بۇنچىۋالا جاپا تارتىپ ساراڭمۇ سەن؟

— خار بولۇپ يۇرگۇچە بىزگە قېتىلىپ سودا قىل، تېزلا باي بولۇپ كېتىسەن.

خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەن شەھىرى 1 - ئاي مەزگىلى بولغاچقا شۇنداق سوغۇق ئىدى. سوغۇق جۇرئەتنىڭ پۇت - قولىنى ئۇششۇتۇۋەتكەن بولۇپ، ماڭغانچە تېرىسى چۇشۇپ، پۇت - قوللىرى خام گۆشتەك قىپقىزىل بولۇپ قېلىۋاتاتتى. پۇت - قولىنى پەس قىلسىلا چىڭقىلىپ لوقۇلداپ ئاغرىيتتى. قان ئۇيۇپ قالغان يەرلەر قېتىشىپ قاسراققا ئايلانماقتا ئىدى.

بىر كۈنى ۋۇخەندىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ مەكتىپىگە تاماققا باردى. جۇرئەت ئاشخانا ئىسسىق بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلار قولۇمنى كۆرسە كۆڭلى ئېلىشىپ تاماق يېيەلمەي قالمىسۇن، دەپ شۇنچە قېلىن پەلەينىمۇ سالمىدى. ئۇ چوكىنى تۇتقانىدى، پەقەت قىسالمىدى. چۈنكى قولى كۆپتەك ئىششىپ كەتكەچكە ئېگىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، چوكىنى باش بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ تۈۋىگە ياڭزاپ سەل - پەل قىسىپ، كۈچىنىپ ئاران تەستە تۇرغۇزدى. ئۇ تاماق يېيىشتىمۇ قىينىلىۋاتاتتى.

جۇرئەتنى كۆرۈپ ئۇدۇل ئولتۇرغان ئىككى ئوغۇل ئوقۇغۇچى جۇرئەتكە:

— ۋاي بۇ پەلەينى سېلىۋېتىپ، ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇپ يەڭا، ئاشخانا شۇنچە ئىسسىق تۇرسا، يەنە توڭلاپ كېتىۋاتامسىز يا! — دېيىشتى.

— بولدى، ھېچقىسى يوق، — دېدى جۇرئەت يەنىلا چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، — مۇشۇنداق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي يېمەيلىمۇ.

— ۋاي، سېلىڭە، سېلىڭە! — دېدى ئۇلاردىن بىرسى ۋە كۈتۈلمىگەن يەردىن ئورنىدىن تۇرۇپلا جۇرئەتنىڭ قولىدىكى پەلەينى بىر تارتقانىدى، كۈچەپرەك تارتىۋەتكەچكە ئەسلىدىكى شەلۋەرەپ قىپقىزىل تۇرغان قوللىرى شۇ زامات قاناپ كەتتى...

— ۋوي نېمە بولدى؟! — ھېلىقى بالا كۆرۈپلا قورقۇپ كەتتى. ئۇ ھەم قورقۇش، ھەم خىجىللىق ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇراتتى.

— ئۇششۇپ كەتكەنىدى. سىلەرنى كۆڭلى ئېلىشىپ تاماق يېيەلمەي قالمىسۇن، دەپ باياتىن شۇڭا سالمىغان، — دېدى جۇرئەت راستىنى ئېيتىپ. بۇ چاغدا داستىخاندىكى جىمى قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كېتىشتى...

شۇ كۈنى كەچتە جۇرئەت يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىز ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىسەك ياتاق پۇلى بولسىمۇ تېجىلىپ قالسۇن، دەپ تۇتۇۋېلىشى بىلەن شۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقىدا قونۇپ قالدى.

— جۇرئەتكا، مۇنۇ داستىكى ئىسسىق سۇدا يۇزىڭىزنى يۇيۇۋالامسىز؟

— نەدىكى گەپنى قىلىسەن، — دېدى يەنە بىرسى بۇ ئوقۇغۇچىنى ئەيىبلىگەندەك، — جۇرئەتكام قولىنى سوغا سالسا قانداق بولىدۇ، كېلىڭە جۇرئەتكا، يۇزىڭىزنى مەن يۇيۇپ قوياي!

— بولدى، مەن ئۆزۈم يۇياي، — دېدى جۇرئەت گەرچە ئۆزى يۇيۇشقا كۆزى يەتمىسىمۇ.

— ئاھا، بولدى قىلىڭە، قاچانغىچە تارتىنىپ يۇرىسىز، ھەممىمىز بىر قورساقتىن چىققان ئاكا - ئۇكىدەك بولۇپ قالغاندىمۇ ئەمدى. كېلىڭە، يۇزىڭىزنى يۇيۇپ قويۇشقىمۇ يارىمىغان بۇنداق قولنى كېسىۋەتمەي، نېمە قىلىمەن ساقلاپ...

شۇنداق قىلىپ بۇ بالىلار ئۆزىنىڭ پەرىشتىلەرنىڭكىدەك ئىللىق قوللىرى بىلەنلا ئەمەس، پاك، ھالال روھى قوللىرى بىلەنمۇ ئۇنىڭ يۇزىنى، ياق، قەلبىنىڭ، جىسمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىكى چاڭ - توزانلار، داغلارنى پاك - پاكىز يۇيۇپ تازىلىدى...

جۇرئەت ئۇلاردىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتتى. ياتاقتىكى باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ جۇرئەتنى قۇچاقلىغانچە ئۆپچە ھۆكرەپ يىغلاپ كېتىشتى... جۇرئەت بۇ كۈنلەرنى، ستۇدېنتلارنى مەڭگۇ ئۇنتۇمايدۇ.

جۇرئەت دالىيەنگە كېلىشى بىلەنلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ «مېھرىبان يۇرتدىشى» ئاتالغان سودىگەر، كاۋاپچى ئەخمەت جۇرئەتنىڭ دالىيەنگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرالماي قالدى.

— قاچان كەپتىكەن؟ نېمىشقا ماڭا ئەمدى خەۋەر قىلىدىڭلار، ئەستا. بالا دېگەن يەنىلا بالىدە، — خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىغا سۆزلەپلا كەتتى ئۇ.

— ئۇ بايىلا تېخى بىزنىڭ مەكتەپكە كەلدى، مەن سىزگە خەۋەر قىلغىلى يۈگۈرۈپ كېلىشىم، — ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ جىددىي ھالىتىدىن تولىمۇ سۆيۈنگەن ھالدا جاۋاب بەردى.

— ھە، مۇنداق دە، تېز ماڭايلى، يۈر، — ئەخمەت ئۇنى ئەتراپتىكى ئەڭ ئالىي ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى سودىگەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ ئىئانە توپلاش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭغا باشتا نى - نى ۋەدىلەرنى بېرىپ مەيدىسىگە ئۇرغانلارنىڭ ئەتىسى بىرسىمۇ كەلمىدى.

— ئامال يوق بۇ ئادەملەرگە، قېنى ئاز بولسىمۇ ماۋۇ 4000 يۈەننى ماي قاچىلاشقا ئىشلىتەرسىز، — ئەخمەت پۇلنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ سەپىرىگە ئاق يول تىلىدى.

جۇرئەت يەنە يولغا چىقتى. ئۇنىڭ قولى يۇمۇلمىغاچقا، موتسىكلىت مىنگەندە، قولىنىڭ بېغىشىغا يىپ باغلىۋېلىپ، يىپنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا ئىلمەك چىقىرىپ، بىرىنى تورمۇز يۆتكەيدىغاندا ئىشلىنىدىغان لىخاچىغا، يەنە بىرىنى تورمۇزغا ئىلىپ قوياتتى. رولنى تۈزۈك تۇتالمىغاچقا، ئىككى قولىنى ئەگمەستىن تارشىدەك تۈپتۈز تۇرغان ئالىقىنى بىلەن بېسىپ تۇراتتى، خوت يۆتكەش ياكى جىددىي توختاشقا توغرا كەلسە، لىخاچىنى قول بىلەن قىسالمىغاچقا يىپنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن شۇنداق بىر تارتىپ، تاققىدە خوتنى يۆتكىۋالاتتى. تورمۇز تۇتىدىغان ئىش بولسا، پۇت ئۇششۇپ كەتكەن بولغاچقا ئۇچى ئېگىلمەي جاپا سالاتتى، ئۇ تاپانداپ دەسسەپ تۇرۇپ يىپنى تارتىشقا مەجبۇر بولاتتى...

جۇرئەت بەزىدە 100 كىلومېتىر يولنى بېسىش ئۈچۈن بىرەر يۈز قېتىملاپ موتسىكلىتنى توختىتىپ، پۇت - قوللىرىنى موتسىكلىتنىڭ ماتورىغا يېقىش ئارقىلىق ئىسسىتىپ ئاندىن ماڭاتتى. چۈنكى تاغلاردا ئوت يېقىش مەنئى قىلىناتتى. هاۋانىڭ سوغۇقىدا بۇرنىدىن خۇددى چىلڭ ئېتىلمەي قالغان تۇرۇبا جۈمىكىدىن سۇ چۈشكەندەك توكۇلداپ قۇيۇلۇۋېرىپ، شىمىنىڭ ئالدى هۆل - سۇزمە بولۇپ كېتەتتى. بىرەر مىڭ مېتىر ماڭا - ماڭمايلا قوللىرى ئۇششۇپ، خۇددى تىرناقلىرىنى بىرسى تاشتەك قاتتىق بىرنەرسىگە قويغۇزۇپ تۇرۇپ، بولقا بىلەن گاچچىدە ئۇرۇۋەتكەندەك ئاغرىق ئارىلاش توڭلاپ كېتەتتى. قارا قىشنىڭ مۇدھىش سوغۇقى ئۇنى ئىختىيارسىز چىدىماستىن: «ۋاي!... ۋاي!...» دېگۈزۈۋېتەتتى. بەزىدە قول ئۇششۇپ كەتكەچكە قىزىق ماتوردا كۆيۈپ قالسىمۇ سەزمەيتتى. خېيىي ئەتراپىدىكى تاغلار بەك سوغۇق ئىدى. جۇرئەت ئۈچ قات قېلىن، ئىچى يۇڭلۇق پەلەيلەرنى كىيىۋالسىمۇ، ئۆتۈكلىرىنىڭ ئىچىگە ئىككى پاختىلىق شىمنى ئورىۋالغان بولسىمۇ يەنىلا سوغۇققا دالدا بولالمايتتى. بۇرنى قىزىرىپ، شەلۋەرەپ، ئۇششۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەس بولۇپ كېتەتتى. تېرىلىرى بىر پارچە، بىر پارچە بولۇپ پۈتۈن - پۈتۈن سويۇلۇپ چۈشەتتى. ئۇ بۇرنىنىڭ، يۈزلىرىنىڭ نەچچە قات تېرىسىنىڭ چۈشۈپ بولغىنىنى ئۆزىمۇ ئېنىق دەپ بېرەلمەيتتى.

ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تۇنجى قېتىم ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن سودىگەر ئەخمەتتىن تارتىپ، تالاي مۇساپىلەردە ئۇنى چۈشەنگەن سودىگەر، كاۋاپچىلار، ئاشۇ روهلۇق، تېتىك، ئەڭ سەزگۈر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جۇرئەتنىڭ دوستلۇق ئالبومىغا، ئۇنىڭ يۈرىكىگە مەڭگۈلۈك ئەسلىمە بولۇپ ئورنىشىپ قالدى.

## ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى چۈشىنىش

جۇرئەتنىڭ باسقان مۇساپىسىنىڭ كۈنسايىن ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ ئۇنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغانلارمۇ بارغانچە كۆپىيىپ باردى.

ئىچكىرىدىكى سەپىرىدە يول بويى خېلى كۆپ يەرلەردە كىشىلەرنىڭ قوللاشلىرى ئۇنىڭ كېيىنكى قەدەملىرىگە كۆپ مەدەت بولدى.

كۆپ ھاللاردا، شەھەر ئىچىدە كېتىۋاتقىنىدا تاكسى ماشىنىلىرى ئالدىغا كېلىپلا غاچچىدە توختايتتى - دە، «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ» دېگەندەك، بۇ شوپۇرلار بىر - ئىككى يۈز يۈەن پۇلنى چىقىرىپلا:

– بىز سەپەرنىڭ جاپاسىنى ئوبدان بىلىمىز. بۇنىڭغا ماي قاچىلا، بۇرادەر، – دېگىنىچە بىرەر - ئىككى يۈز يۈەننى يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپلا كېتەتتى. تاغ ئارىسىدىمۇ بۇنداق ئەھۋاللار ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ھەتتا رەھمەتمۇ دېيەلمەي تۇرۇپ قالاتتى. چۈنكى جۇرئەت ئۇلارنى ئۆمرىدە كۆرۈپمۇ باقمىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار نە ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، نە ئىسىملىرىنى ئېيتىپمۇ ئولتۇرمايتتى. ئۇلار موتسىكلىتنىڭ ئارقىسىدىكى دۆلەت بايرىقى بىلەن ئۆزىنىڭ لايىھىلەپ ياسىۋالغان ئۈستى كۆك، ئاستى سېرىق رەڭلىك، «تەڭرىتاغ ئوغلى» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن بايرىقىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئۇزۇن سەپەرگە ماڭغانىكەن، دەپ بىلەتتى - دە، پۇلنى جۇرئەتنىڭ قوينىغا تىقىۋېتىپلا كېتەتتى. بىر قېتىم بەش - ئالتە كىشى ماشىنا بىلەن شۇنداق ئىتتىك كەلگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىنى غاچچىدە توسۇۋالدى. جۇرئەت يەنە بىرتوپ بۇلاڭچىلارغا ئۇچرىغاندەك قورقۇپ كەتتى.

– بىز سىزنى تېلېۋىزوردا كۆرۈپ بەكلا قايىل بولغاندۇق. بۇ يەردىن ئۆتكەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ كېچىكسەكمۇ ئارقاڭدىن قوغلاپ كەلدۇق، سىزنى باشقا يولغا كەتتىمىكىن دەپ ئۆزىمىز ئىزىپ باشقا يولغا كېتىپتۇق، سەن ھېلىمۇ ياخشى بۇ يەدە ئۇچراپ قالدىڭ، – دېدى ئۇلاردىن بىرسى.

ئۇلار بىرەر سائەتچە پاراڭلىشىپ، ئاندىن بەش يۈز يۈەننى جۇرئەتنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ كەتتى. ئۇلار كېتىش ئالدىدا جۇرئەتنى بىرەر كۈن تۇرۇپ كېتىشكە تۇتتى:

– سىنىڭ بىلەن بىرەر كۈن مۇڭدىشىپ پاراڭلىشىۋالايلى.

– رەھمەت ياخشى كۆڭلۈڭلارغا، مەن ئۈچۈن سېكۇنتمۇ مۇھىم. يولۇمدىن قالماي.

ئۇلار جۇرئەتنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئارقىسىغا يېنىپ كېتىشتى.

باۋتۇغا بارغاندىمۇ، جۇرئەت پوچتىخانىغا

تامغا ئۇرغۇزۇپ بولۇپ، باۋتۇدىن 180 كىلومېتىر يىراقلاپ كېتىپ بولغىنىدا، ئارقىسىدىن موتسىكلىتنىڭ گۈرۈلدىگەن كۈچلۈك ئاۋازى ئاڭلاندى. 30 دەك كىشى موتسىكلىت بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار كېلىپ، جۇرئەتنى مەجبۇرىي باۋتۇغا ئېلىپ كەتتى. ئالىي ياتاقلاردا ياتقۇزۇپ، نەچچە مىڭ يۈەنلىك مېھمان قىلىپ، ئاندىن يولغا سېلىپ قويدى.

چىڭداۋدىمۇ كىشىلەر دۇمباقلىرىنى ماشىنىغا قويۇپ چېلىپ شەھەر ئايلاندۇردى. بۇنداق ئىشلار شەرقىي شىمالدا ئىنتايىن جىق ئۇچرىدى. ئاز دېگەندە ئۇنىڭغا ئىئانە، كۆككۆل دەپ چۈشكەن پۇللارمۇ 10 نەچچە مىڭ يۈەنگە باردى.

جۇرئەت نىڭشيانىڭ يىنچۈەن شەھىرىدىمۇ ئەڭ ئۇنتۇلماس ئەسلىمىنى خاتىرىسىگە يازدى. ئۇ ئەسلى يىنچۈەندىن ئايرىلىپ خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى . ئەمما بۇ يەردىكى تەنتەربىيە كومىتېتىدىكىلەر ئۇنىڭ كەلگىنىنى، ئەمما ئۇزۇن تۇرمايلا كەتكىنىنى ئاڭلاپ دەرھال قوغلاپ كېلىپ، ئىمزا قويۇش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. 70 تەك موتسىكلىت جۇرئەتكە قوشۇلۇپ شەھەرنى تەڭ ئايلىنىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ۋە گېزىت - ژۇرناللارنىڭ مۇخبىرلىرى مەخسۇس ماشىنىلار بىلەن سۈرەتكە ئېلىپ ماڭدى. يول بويىدا بەزى مېھمانخانىلارمۇ ئۇنىڭ جۇرئەت ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن ياكى ئۇنى تونۇمىسىمۇ ئۇنىڭ سەپىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ياتاق ھەققىنى كۆتۈرۈۋېتىش بىلەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ مۇخبىرلىرىنى چاقىرىپ ئۆزى پۇل تۆلەپ تەشۋىقات ئىشلىرىدا كۆپ ياردەملەرنى قىلدى. ھەتتا بەزى مېھمانخانىلار جۇرئەت ماڭىدىغاندا پۈتۈن خىزمەتچى خادىملىرىنى قاتار تىزىلدۇرۇپ، دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىپ دۆلەت ناخشىسىنى ئېيتقۇزۇپ، شۇنداق ھەيۋەتلىك ۋە تەنتەنىلىك ئۇزىتىپ قويدى.

## بۇلاڭچىلار جۇرئەتنىڭ موتسىكلىتىنى گۆرۈگە ئېلىۋالدى

1999 - يىلى 1 - ئاي مەزگىلى. جۇرئەت خۇبېيغا كەلگەندە، خۇبېي ئۆلكىلىك ۋە ۋۇخەن شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئۇنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىش ئۈچۈن موتسىكلىت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىنى ئەۋەتتى. جۇرئەت نەچچە يۈزلىگەن مۇسابىقە موتسىكلىتىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا شەھەرگە ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ مىنىۋالغان موتسىكلىتى ئارقىسىدىكى ھەمراھلىرىنىڭكىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. باشقىلارنىڭ موتسىكلىتى قۇيلىش نۇرىدا يالىلداپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرسا، ئۇنىڭ موتسىكلىتى ئۇزاق يول يۈرۈۋېرىپ، چاڭ - توزان باسقان، يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىنمۇ، سۇنغان يۈك - تاق جازىسى پاياتلىنىپ تېخىمۇ قوپال تۇس ئالغان. باشقىلارنىڭكىدە بىرلا بايراقتىن باشقا نەرسە يوق، ئۇنىڭكىدە ھەم دۆلەتنىڭ، ھەم ئۆزىنىڭ بايرىقى، ھەم سىنئالغۇ، فوتو ئاپپارات، باشقىلار قول قويۇپ بەرگەن نەچچە ئورام ئاق لوزۇنكا. باشقىلار يەڭگىل كىيىنگەن بولسا، جۇرئەت قېلىن خۇرۇمدىن ئىشتان - چاپان، ئۇزۇن قونجىلىق ئۆتۈك كىيگەن بولۇپ، باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. نەچچە ئايلىق سەپەر جەريانىدا ھېرىپ قوللىرى رولنى تۇتۇشقا قولاشمىغاندەك قىلسىمۇ، يەنىلا خۇددى جەڭگە قوماندانلىق قىلىپ توپنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان چەۋەنداز باتۇردەك مەردانە قىياپەت بىلەن شەھەر كوچىلىرىنى ئاستا سۈرئەتتە ئارقىدا قالدۇرۇپ باراتتى. شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرى قاينام - تاشقىنلىق بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەنىدى. ئۇ، شۇ چاغقىچە ھېچقانداق بىر يەردە بۇنداق تەنتەنىلىك قارشى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولۇپ باقمىغانىدى.

جۇرئەتنى تەنتەربىيە كومىتېتىدىن ئەڭ ئالىي مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇ نەچچە كۈن ئالىي كۈتۈنۈشلەردىن بەھرىمەن بولدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا پۇل تۈگەپ قالغانىدى. ناۋادا، بۇلار بولمىغان بولسا بىرنەچچە كۈنلۈك ياتاق ھەققى ئۈچۈنلا نەچچە يۈز يۈەنلەپ چىقىم تارتقان بولاتتى. چۈنكى ئۇ ئادەتتىكى باھاسى ئەرزان ياتاققا چۈشسە، موتسىكلىتىغا قاراپ بەرمەيتتى. موتسىكلىتىغا قاراپ بەرگۈدەك ئالىي مېھمانخانىلارغا چۈشسە پۇل يەتمەيتتى. شۇنداق قىلىپ جۇرئەت بۇ يەردە ئۈچ - تۆت كۈننى ئۆتكۈزدى. «ماڭاي،- دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە،- مەن بۇ يولدا بىر قەدەم كېچىكسەم بولمايدۇ. ئالدىمدا تېخى نى - نى كۈنلەر مېنى جەڭگە چاقىرىۋاتىدۇ» . ئۇنىڭ يولغا چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ۋۇخەن شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى ئۇنىڭغا:

- جۇرئەت، سىزگە دېمىسەم بولمىدى. سىزنى خېلى تۇرامدىكىن، ھەتتا بىزنىڭ ئادەمگەرچىلىكىمىزدىن تەسىرلىنىپ بولسىمۇ بۇ يەردە قېپقالامدىكىن، دەپ ئويلىغانىدۇق،- دېدى.

- مەن بۇ يەردە سىلەرگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن.

- بىزگە بىر ئىش قىلىپ بېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، دۆلەت ئاۋمىينى قايتۇرۇۋېلىش مۇراسىمى كۈنى بىزنىڭ موتسىكلىت ئەترىتىمىزنىڭ ھەيۋەت بىلەن ئاۋمىنغا كىرىپ

كېلىشىمىزنى تاپشۇرغان. بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك پۇل كېتىشىمۇ مەيلى ئىدى. سىز پەقەت ئاشۇ موتسىكلىت ئەترىتىگە يول باشلاپ ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ بەرسىڭىزلا كۇپايە. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە مۇۋاپىق ھەق بېرەتتۇق. بۈگۈنچە بىر كۈن ئويلىنىپ، ئەتە يولغا چىقسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز.

ئۇ، كېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلار جۈرئەتكە ھەرخىل تىپتىكى موتسىكلىتنى مىندۈرۈپ سىناپ باققاندى. ھەممىسىنى قالتىس ماھارەت بىلەن مىنىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەن. شۇڭا ئۇلار جۈرئەتكە زور ئۈمىد باغلىغانىدى.

شۇنداق قىلىپ جۈرئەت بىر كېچە قاتتىق ئويلاندى: ئۇ، شان - شەرەپنى دەپ شۇنچە كېرەك بولۇۋاتقان پۇلدىن مەھرۇم قالسۇنمۇ؟ ئەگەر، ئۇ پۇلنى ئالسىمەن دېسە، دەل ئاشۇ ئاۋېنىنى قايتۇرۇۋېلىش پەيتىدە ئاخىرقى پەللىگە يېتىپ بېرىپ، 2000 - يىللىق تۇنجى جىنىس رېكورتىنى يارىتىشىغا تەسىر يېتىدۇ. . .

جۈرئەتنى گەرچە ئۇلار ۋۇخەن شەھىرىدە تۇتۇپ قالالمىغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۇنىڭ ئەتىۋارىنى قىلىپ، ھەتتا ئۇنىڭغا تەنتەربىيە كومىتېتى مالىيەسىدىن پۇل قەرز بەردى. خېلى يەرگىچە موتسىكلىت ئەترىتى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

جۈرئەت يېرىم سائەتچە ماڭغاندا، شەھەر ئەتراپى رايونىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ غىچ سايلىققا چىقىپ قالدى. يولدا ماشىنىلار ئاندا - ساندا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. نەچچە كۈنلۈك ھاردۇقى چىقىپ قالغان جۈرئەت موتسىكلىتنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ يېنىدا بىر موتسىكلىتلىق كىشى پەيدا بولدى. بۇنى كۆرۈپ جۈرئەتنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇ بېشىغا پايپاق تارتىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بولاڭچى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. جۈرئەت ئۇنىڭغا قاراپ ئۈلگۈرمەيلا موتسىكلىتنىڭ ئەينىكىدىن ئون نەچچە موتسىكلىتنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاپ قالغىنىنى كۆرۈپ قالدى. بۇلار قارىغاندا چوڭ بىر گورۇھتەك قىلاتتى. جۈرئەت ماي كىلاپاننى بولۇشىچە دەسسەپ، ئەڭ يۇقىرى سۈرئەتكە ئۆتتى. ئۇلار ئارقىسىدا قالغاندەك، ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدىغاندەك ئۇزاپ كەتتى. لېكىن ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەيلا ئۇلار يەنە غالجىرلاشقان ھەرىدەك غۇڭۇلداپ يېتىپ كەلدى - دە، ھەش - پەش دېگۈچە ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىشتى.

- سىلەر مېنى نېمىشقا توسۇسىلەر؟- دېدى جۈرئەت خەنزۇ تىلىدا.

- ھېلى بىلىپ قالىسەن،- دېدى ئارىدىن بىرسى ئۇمۇ خەنزۇ تىلىدا سۆزلەپ.

شۇ ئارىلىقتا جۈرئەت ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزىدىن دەرگۇمان بولدى. چۈنكى بۇ شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپپۇزىغا بەكمۇ ئوخشايتتى. بەلكىم، قۇلىقىغا شۇنداق ئاڭلىنىپ كەتكەندۇ.

ئۇلار جۈرئەتنى موتسىكلىتى بىلەن تارتىپ يىقىتىپ، قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ باغلاشتى، ئاندىن بېشىغا، بەلكى ئاستىنقى بەل قىسمىنىڭ ھەممىسىگە قەدەر قاپقارا رەختتىن تاغاردەك بىر نەرسە كىيگۈزۈشتى. ئۇ ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدى. ئەمدى تۈگىدى، ھەممە ئىش تۈگىدى، بۇ قاراقچىلارنىڭ قولىدا ئۆلىدىغان ئوخشايمەن، مېنىڭ غەلىبەمنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئاتا - ئانامغا، ئائىلەمگە، خەلقىمگە، ۋەتىنىمگە، ھەتتا ھېلىقى ئاشخانىدىكى بالىلاردەك قانچە مىڭلىغان كىشىلىرىمىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان، ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالمايلا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم. . .

بولاڭچىلار ئۇنى ئۈچ چاقلىق بىر موتسىكلىتقا مىنگەشتۈردى - دە، قاياقلارغىدۇر يۈرۈپ كەتتى. ئارىدىن بىرەر سائەتچە ئۆتۈپ، ئۆزىنى ئۆڭكۈردەك سۇرلۇك بىر يەردە كۆردى. كۆزلىرىدىكى تېڭىق ئەمدىلا ئېلىۋېتىلگەچكە دەسلەپ ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدى، كېيىن ئاستا - ئاستا كۆرۈش سەزگۈسى ئەسلىگە كەلدى.

جۈرئەت ئالدىدا تۇرغان شاپ بۇرۇت، گورۋي كىشىلەرنى كۆرۈپلا يۈرىكى ئىزىغا چۈشكەندەك بولدى. چۈنكى بايىقىلار يۈزىگە تارتىۋالغان نىقاب ئورنىدىكى پايپاقنى ئېلىۋەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇرلار ئىدى. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇلار جۈرئەتنىڭ شىنجاڭدىن چىققان ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى بىلسە، چوقۇم كەچۈرۈم سوراپ قويۇپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا جۈرئەت ئالدىراپ ئۆز سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىدى.

- جىنىس رېكورتى يارىتامسەن - يارىتامسەن ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. سەن بىلەن بىز بىر مىللەتتىن بولۇپ قالغانلا گۇناھىمىز بار شۇ. بىز مىللەت تونۇمايمىز، پۇلنى تونۇيمىز. ئەگەر بۇ موتسىكلىتىڭ ئۆزۈڭگە كېرەك بولسا، نەدىن بولمىسۇن 60 مىڭ يۈەن تاپشۇر. ئەگەر ئۇنچىلىك پۇلۇڭ بولمىسا، بۇ موتسىكلىتىڭنى ئەكېتىمەن، دەپ قۇرۇق ئاۋارە بولما. بىلسەڭ، سېنى بۇ يەردىن تىرىك قويۇۋەتكىنىمىزنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىش.

- نەدىكى تىرىك قويۇۋېتىشكەن ئۇ، مۇشۇ يەردىلا جايلىۋېتىش كېرەك ئۇنى،- دېدى ئارىدىن يەنە بىرسى سۆز قىستۇرۇپ ۋە ئۇدۇل جۈرئەتنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، تاۋۇز پىچىدىغاندەك يوغان زۇلپىقارنى شارتتىدە سۇغۇرۇۋېلىپ، جۈرئەتنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى،- قېنى ئېيتە، پۇلغا تۇرامسەن ياكى جانغا؟

ئۇ، قولىدىكى زۇلپىقارنى قوپاللىق بىلەن شارت - شۇرت شىلتىپ، يۈز - كۆزى ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇۋىدى، زۇلپىقاردىن ۋال - ۋۇل قىلىپ سوغۇق نۇر چاقناپ كەتتى. «قانداق قىلىش كېرەك؟ پۇل بېرەي دېسەم، ئۇنچىلىك پۇلۇم يوق، بەرمەي دېسەم جېنىمغا ئارا تۇرۇۋشۇم بىر گەپ... ھېلىقى ۋۇخەن شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتىدىن پۇلۇم تۈگەپ كەتتى، دەپ قەرز ئالغان پۇلنى پوچتا بانكىسىغا سېلىپ، ئۇنىڭ كارتىسىنى سايمان سالىدىغان ساندۇقنىڭ ئاستىدىكى رېزىنكە تېگىگە تىقىۋەتكەنىدىم، ئۇنى تېپىۋالغانمىدۇ ياكى پۇل يوق دېسەم ھېلىغىچە تېپىلىپ قىلىپ قالغان پۇلۇڭنىمۇ چىقار، دەپ تۇرۇۋالارمۇ؟...» جۇرئەت دەككە - دۈككىدە نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى. سودىگەرلەر، تىجارەتچىلەر، كارخانىچىلارنىڭ بەزىلىرى شۇنداق چىڭ كېلىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن باشقىلارنىڭ پۇل دەپ ئالدىغا كىرىشى، خۇددى جېنىڭنى بەر، دېگەندەكلا بىر ئىش بولسا كېرەك. دېمىسىمۇ، ئۇلار پۇلنى تەستە تاپىدۇ، بىراق، مەن تېخىمۇ شۇنداق... ئەجەبا، ئۇ... ياق، نېمە بولسا بولسۇن، بۇلارغا بىكارغا چۈشۈپ قالغان پۇل يوق، باشقا كەلگەننى كۆرەي!

- مەندە پۇل يوق...- دېدى جۇرئەت كېسىپلا.

- سەندە پۇل بولمىسا، سەندەك بىر قوڭالتاقنى ۋۇخەنلىكلەر شۇنچە ئەتىۋارلايدىغانغا يا سەن بىر يەرنىڭ ۋالىيسىمىدىڭ؟!

- ئۇلار تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئادەملىرى، بۇ ئىشمۇ ئۇلار بىلەن كەسپىي جەھەتتە مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمدىن خەۋەر تاپقانىكەن، بۇ يەرگە كېلىدىغىنىمنى ئاڭلاپ ئالدىمغا چىقتى شۇ.

- ئەمىسە ياخشى، تەنتەربىيىگە دۆلەتنىڭ ئاجرىتىدىغان پۇللىرى ھەددى - ھېسابسىز...

- بىراق، ماڭا دۆلەتتىن بىر تىيىن ئاجراتقان ئەمەس،- دېدى جۇرئەت ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

- ۋالاقلىما، بىكىرىغا مۈشۈك ئاپتاپقا چىقمايدۇ. كۆپ نەپكە ئېرىشمىسەڭ، ئۆز پۇلۇڭنى بۇنداق بۇزۇپ - چاچىدىغانغا ساراڭ ئەمەسسەن.

- مىللىتىم، خەلقىم، ۋەتىنىم ئۈچۈن...

- كۆتۈر قاسقىنىڭنى، ھەممىسى ئالدامچىلىق. سەندەك كاززاپلار مىللەت، خەلق، ۋەتەن دېگەندەك تونلارغا ئورىلىۋېلىپ، ئۆزۈڭنىڭ رەزىل مەقسىتىڭگە يېتىشكە ئۇرۇنۇشىسەن. يەنە دەۋاتقان گېپىڭنىڭ چىرايلىقلىقىنى قارا بۇنىڭ.

ئۇلار شۇ تەرىزدە ئۇزاقىچە مۇنازىرىلەشتى، تالاش - تارتىش قىلىشتى، تالاشقانسېرى زىددىيەت شۇنچە كەسكىنلىشىپ قورقۇنچلۇق باسقۇچقا كېلىپ قېلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز جۇرئەتنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەچتى:

- بولىدۇ، مەن سىلەر دېگەن پۇلنى بېرەي، بىراق ھازىر ئەمەس.

- ئەمىسە، قاچان؟

- ھازىر پۇل يوق، مېنى قويۇۋېتىڭلار، مەن ۋۇخەن شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتىغا بېرىپ پۇل سوراپ باقاي، بېرىپ تۇرسا ئەجەب ئەمەس.

بەزىلىرى بۇنىڭغا قوشۇلدى، يەنە بەزىلىرى شۇنداق ياغلىما گەپلەر بىلەن قولىمىزدىن قېچىپ چىقىپ، بىزنى ئۇدۇل ج خ ئىدارىسىگە چاقىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ھازىرلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتەيلى دېيىشتى. خېلى تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كاتتىۋېشى قىممەت پۇللۇق يوغان چەت ئەل تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ ئۆزىچە «ئوغۇل باللىق» قىلدى:

- قولىمىزدىن قېچىپ نەگە بارالايتتى. قويۇۋېتىڭلار، دەرھال بېرىپ پۇل ئەكەلسۇن. ئەگەر ئىككى سائەتكىچە پۇلنى ئەكېلەلمىسە، موتسىكلىتىنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ ئۆزى بىلەن قوشۇپ تاشلىۋېتىمىز،- دېدى. ئاندىن جۇرئەتكە قاراپ جىددىي قىياپەتتە،- ئەگەر ساختىلىق ئىشلىتىمەن دەيدىكەنسەن، پېيىڭنى كېسىۋېتىمەن،- دېدى ئۇمۇ قولىغا ئۇزۇن بىر پىچاقنى ئېلىپ ئۇنىڭ تۇمشۇقى ئەتراپىدا ئوينىتىپ. بۇنىڭدىن جۇرئەتنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاخىر بۇلاڭچىلارنىڭ قولىدىن ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئامان - ئېسەن چىقتى. بىراق ئۇ موتسىكلىتىدىن ئايرىلىپ قالدى.

بۇ ئىش راستتىن ئېيتقاندا، جۇرئەتكە بەكلا ھار كەلدى.

ئۇ شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە كىرىپ دېلو مەلۇم قىلىۋىدى، نۆۋەتچى ساقچى بۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىشكەن دەپ ئۆزلىرىنىڭ ئارىلىشالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ سوغۇق مۇئامىلە تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن جۇرئەت خۇبېي ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىگە كەلدى. ئۇ، نازارەت باشلىقى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى. بولغان ئەھۋاللارنى بىر قۇر مەلۇم قىلىۋىدى، نازارەت باشلىقى دەررۇ ھېلىقى بۇلاڭچىلار گۇرۇھىنى تۇتۇشقا ئادەم ماڭدۇردى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بۇ بۇلاڭچىلار قوللىرىغا كويزا سېلىنغان ھالدا تۇتۇپ ئېلىپ كېلىندى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ موتسىكلىتى ئۇنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بېرىلدى.

بۇ ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇلار جۇرئەتنى

شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىگە باشلاپ ئاپارغۇزدى.

ئۇلار كىرگەندە ھېلىقى ساقچى پۇتلىرىنى ئالماپ گېدىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ دەسلەپتە كىرگەن جۇرئەتنى كۆرۈپ، تېخىمۇ غادايماقچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، جۇرئەتنىڭ ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپلا كىرىپ كەلگەن ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ باشلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.



— قېنى، قايسى ئۇ، كىم ساڭا شۇنداق دېدى. ئۇنى بىر تونۇپ باقە، — دېدى باشلىق.

— مۇشۇ شۇ، — جۇرئەت ھېلىقى ساقچىنى ئىما قىلدى.

جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ باشلىقى ئۇنى شۇ زامات تىللاپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىدى.

جۇرئەت قانۇننىڭ ئادىللىقىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇلارغا رەھمەت - تەشەككۇر ئېيتىپ خوشلاشماقچى بولدى. بۇ چاغدا جامائەت خەپسىزلىك نازارىتىگە ۋۇخەن شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئادەملىرى كىرىپ قالدى. ئۇلار بۇ ئىشنى كوچىلاردىن ئاڭلىغان بولۇپ، شۇ زاماتلا بۇ ياققا چاپقانىدى. ئۇلار جۇرئەتنى بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ئاندىن مېڭىشقا كۆندۈردى. چۈنكى ھېلىقى بولاڭچىلارنى سەل چاغلىغىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ تۇتۇلمىغان ئادەملىرى بولۇپ قالسا، تېخىمۇ چوڭراق چاتاققا يولۇقۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى.

جۇرئەت قوراللىق ساقچى قىسىملار ئەترىتىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدىكى مەخسۇس ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ ياتاق - تاماق، بارلىق چىقىملىرى كۆتۈرۈۋېتىلدى. ئۇ ماڭار ۋاقىتىدا ۋۇخەن شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ موتىسىكلىت ئەترىتى ھەم ھۆرمەت، ھەم بىخەتەرلىك يۈزىسىدىن ئۇنى تاكى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چېگراسىغىچە ئۇزىتىپ باردى.

— ئەمدى ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەسكى كىشىلەر ھەرقانچە بولسىمۇ بۇ يەرگىچە كېلەلمەيدۇ، — دېدى ئۇزىتىپ كېلىشكەنلەر خوشلىشىش ئالدىدا.

شۇنداق قىلىپ بىر قېتىملىق ھايات - ماماتلىق سىناقتىن ساق - سالامەت ئۆتكەن جۇرئەت كېيىنكى قەدىمىنى تېخىمۇ پۇختا بېسىشى كېرەكلىكىنى ئويلاپ يولغا راۋان بولدى.

## ئەزرائىل بىلەن ئېلىشىش

جۇرئەت ئالتە ئاي دېڭىز بويى، ئوتتۇرا جۇڭگو ۋە بېيجىڭ رايونلىرىنى ئايلىنىپ 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شەرقىي شىمالدىكى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خېيخې شەھىرىگە قاراپ ماڭدى.

سەپەرگە چىققان يېرىم يىلدىن بۇيان جۇرئەت جاپادا ئورۇقلاپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. ئەتىيازنىڭ سوغۇقى ئۇستىخان - ئۇگىلەرنى ئاجرىتىۋېتىدىغاندەك تەرىزدە ئاغرىتىۋاتاتتى. ئەمدىلىكتە يېزىلار شالاڭلاپ، ئېلىۋالغان تەييار چۆپلەرمۇ تۈگەپ ھارغىنلىققا چىداپ بولغۇسىز قورساق ئاچلىقىمۇ قوشۇلدى. ھارغىنلىقتىن كۆزلىرى قاراڭغۇلۇشۇپ بىرنەرسە ئىككى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ بارغانسېرى ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقان قاتتىق ھاردۇقنى دەڭسىۋىدى، بىر دەم ھاردۇق ئېلىپ يېتىۋالسا ئىككىنچىلەپ قوپالمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۆلسەممۇ ئادەم بار جايدا، ياتاقتا ئۆلەي دېگەن ئوي بىلەن چىشىنى چىشلەپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. يىراقتىن كۆرۈنگەن غۇۋا چىراغ نۇرلىرى ئۇنىڭغا ئۈمىد بېغىشلىدى، لېكىن چىراغ نۇرلىرى ئۇنىڭغا ھېچ يېقىنلايدىغاندەك ئەمەس. بىر چاغلاردا ئالدى تەرەپتىن بىر مېھمانكۈتۈش كۆرۈندى، غەرق مەست ئادەمدەك دەلدۈگۈنۈپ كىرىپ ئاران تەسلىكتە رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ كارىۋاتقا ئۆمىلەپ دېگەندەك ئۇلاشتى. يېتىشى بىلەن تەڭلا ياتاق، تورۇس، پۈتۈن دۇنيا پىرقىراشقا باشلىدى. چۈشى بىلەن ئوڭى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر كۆرۈنۈشتە كۆز ئالدىدا ھەرخىل كارتىنىلار ئەكس ئېتەتتى.

جۇرئەت بىر ھازادا كۆزىنى ئاچتى. ئەمما قاچانلاردا بۇ يەرگە كىرىپ، كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى شۇنچە قىلىپمۇ ئېسىگە ئالالمىدى. بىردەمدە كۆز ئالدىدا تورۇسلار مىدىرلاپ، چىراغلار لەپەڭشىشكە باشلىدى. ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى مۇنداق غەلىتە سېزىپ باقمىغانىدى. نېمە بولۇۋاتىمەن؟ نېمە بولۇۋاتىدىغاندىمەن؟! سوئال بىلەن تەڭ كارىۋات

ئاستىغا چۆكۈشكە باشلىدى. جىسمى قېلىپ، روھى ئاستا كۆتۈرۈلۈپ يەر ئاستىدىن شۇنچىلىك قۇدرەتلىك بىر كۈچ ئۇنى بارغانچە، تېخىمۇ كۈچەپ يەر تېگىگە تارتىۋاتاتتى. يوتقان، كارىۋاتقا شۇنچە مەھكەم ئېسىلىپمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى. بارغانچە كارىۋات ئاستىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. بىردىنلا كۆزىگە نۇرغۇن نەرسىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى: ئاتىسىنىڭ ئاقارغان چاچلىرى، ئاپىسىنىڭ ئۇنى كۈتۈپ، ھەر چاغ يىغلامسىراپ تۇرغان مېھرىبان چىرايى، ھەدە-سىڭىللىرى، ئۇنى كۆتۈۋاتقان ئايالى، تېخى كۆرمىگەن بالىسىنىڭ ئۆزىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىغان چىرايى، ھەممە-ھەممىسى ئالدىدا، تورۇستىلا لەيلەپ يۈرەتتى. شۇ چاغ كاللىسىغا كىچىك چاغلىرىدا ئاڭلىغان «ئادەم ئۆلۈشتىن ئاۋۋال نۇرغۇن نەرسىلەر كۆرۈنىدۇ» دېگەن سۆز پەيدا بولدى. «ئەزرائىل، توختاپ تۇر، بىرئاز توختاپ تۇر، ئۆيدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈۋالاي!» ئۇ شۇ خىياللار بىلەن ناھايىتى تەستە يانفونىنى قولىغا ئالدى.

نەچچە نومۇرنى قانداق باستىكىن يەنە توختىۋالدى، شۇئان ھەممىسىنىڭ يىغا باسقان چىرايى، ئۆي ئىچىدىكى تىپىرلاشلار، ھەممە ئىش كۆز ئالدىغا كەلدى. ئەمدى ئاۋازىنى ئاڭلىماي ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ سۆزلەشسەم ئۆلارغا ئۆلۈم خەۋىرىمنى ئېيتقىنىم شۇ، سۆزلەشمىسەم... ياق، ياق، ئەزرائىل، مەن ئۆلمەيمەن، تېخى بېسىپ بولالمىغان نۇرغۇن، نۇرغۇن يوللار مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، مەن ئۇ يوللارنى باسىمەن. سەن مېنى يېڭەلمەيسەن.

جۇرئەت ئاخىر چېكىش خىياللاردا ھوشىدىن كەتتى.

بىر چاغلاردا ھوشىغا كەلگەندە، شۇنچىلىك سەگەكلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تىرىكلىكىگە ئىشەنمەي ئۆزىنى چىمداپمۇ باقتى، ئاغرىقنى سەزدى. ھەممە نەرسە جايىدا. شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ھاياتلىقىغا ئىشەندى. ئورنىدىن قوپۇشقا تەمشىلىۋىدى، بەل يېنىدىكى چوقچىيىپ چىققان سۆڭەككە كۆزى چۈشتى، غولى بەكلا چوقچىيىپ كەتكەن بولۇپ، بەل، قورساقلىرى يوقلا بولۇپ كەتكەچكە كەمىرى بېلىدە تۇرماي ئويناپلا قالغانىدى. ئالتە ئايدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆردى. ئۆز-ئۆزىگە «تاماق يە جۇرئەت، ئەمدى يېمىسەڭ ئۆلىسەن» دېدى-دە، تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغ كېچە سائەت ئۈچ بولغان بولۇپ، ئەتراپتا ئاشخانىلار تېخى ئېچىلمىغانىدى. پەقەت 70-80 مېتىر يىراقتا بىر ماگىزىننىڭ چىرىغى يېنىپ تۇراتتى. يېرىم ئۆمىلىگەندەك مېڭىپ خېلى ئۇزۇندا ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى. جۇرئەتنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەن مۇشتلىرىدا ئۇرۇلغان ئىشىك 10 مىنۇتلاردىن كېيىن خوجايىننى ئاران ئويغاتتى.

— نېمە ئىشىڭ بار،— خوش ياقمىغاندەك سورىدى دۇكان خوجايىنى.

— ماڭا بىرنەرسە سېتىپ بەرسىڭىز، قورسىقىم بەكلا ئېچىپ ئۆلەي دېدىم.

— ئەتە كەل، دۇكاننى تاقىدۇق،— دۇكان خوجايىنى كەينىگە قاراپ ماڭدى.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، يېگۈدەك بىرنەرسە سېتىپ بېرىڭ، بولمىسا مەن ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىمەن.

شۇنداق قىلىپ جۇرئەت دۇكان خوجايىنىنىڭ ياردىمى بىلەن دۇكانغا كىردى. ئۇنىڭ ئاغزىغا سالغان نەرسىنى چاينىغۇدەكمۇ ھالى قالمىغانىدى. ئىككى سائەت ئىچىدە بىر خالتا پېچىنىنى پاك-پاكىز يەپ تۈگەتتى. ئەتىسى يىراقتىكى خويزۇ ئاشخانىسىدا غىزالىنىپ، ئىككى كۈن دەم ئېلىپ، يەنە يولغا چىقتى.

## «قاراڭلار، بۇ بىزنىڭ جەڭگىۋار ئاتقا!»

5-ئاينىڭ 24-كۈنى شەنشىنىڭ باۋجىدىن گەنسۇنىڭ تيەنشۈيگىچە بولغان 310-نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىدا تەبىئەت ئۇنى تۇنجى جەڭگە چاقىردى. توختىماي چۈشۈۋاتقان كەپتەر تۇخۇمىدەك چوڭلۇقتىكى مۆلدۈر دىئامېتىرى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى دەرەخلەرنى ياندىن ئۇرغانچە سۇندۇرۇپ تاشلىسا، يەرلەرنى تۆشۈك-تۆشۈك قىلىپ ئويماقتا ئىدى. مۆلدۈر زەربىسى موتسىكىلىت قالپىقىنىڭ نەچچە يېرىگە دەز سالدى. جۇرئەت قاتۇرۇپ تىكىلگەن كۆندەك قېلىن خۇرۇم چاپىنىنىڭ مۈرە، دۈمبىلىرىگە چۈشكەن مۆلدۈرلەر ئاغرىقىدىن چىدىيالماي ۋارقىراشقا باشلىدى.

بىردەمنىڭ ئىچىدە ئەتراپ خۇددى كېچىدەك قاراڭغۇلىشىپ، ئالدىدىكى تېخىمۇ ئېغىر كۈنلەردىن بېشارەت بېرىۋاتاتتى.

شەنشىنىڭ تاغلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك توپا تاغلار ئىدى. بىر چاغدا ئەھۋال تېخىمۇ يامانلىشىپ تاغ ئۈستىدىن ئېقىۋاتقان سۇلار لاي-لاتقىلارغا ئايلىنىشقا باشلىدى. لاي ئېقىنلار بىر ئېقىشىدا بىر بىنا، بىر بىنادەك بۆلەكتە ئېقىپ تاغ ئاستىدىكى دەل-دەرەخ، ھەممە نەرسىنى توپان بالاسىدەك باستۇرۇپ تۈزلىۋېتەتتى. شۇ تاپتا بىردىنبىر يول تېزدىن تاغ چوققىسىغا چىقىۋېلىش ئىدى. جۇرئەت دەرھال ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندى. يوللار پاتقاقتا تولۇپ كەتكەچكە موتسىكىلىت قەدەمدە بىر يىقىلىشقا باشلىدى. باشقا چاغ بولسىدى 300 كىلو ئېغىرلىقتىكى (يۈك-تاقى بىلەن قوشقاندا) موتسىكىلىتنى ھەرگىزمۇ يۆلىيەلمىگەن بولاتتى. ئەمما بۇ قېتىم

يەتتە - سەككىز ئاي يول يۈرۈپ كۈچىنىڭ خوراپ، ئاجىزلاپ كەتكىنىگە قارىماي يىقىلسا يۆلەپ هايات ئۈچۈن جەڭگە ئاتلاندى. ئاخىر مىڭ جاپادا تاغ ئۈستىگە چىقىۋالدى. تاغنىڭ ئۈستىگىغۇ چىقىۋالدى، ئەمما بەرىبىر چۈشۈش كېرەكتە!

تاغ ئاستى پۈتۈنلەي لاي - پاتقاقتا تىقىلىپ كەتكەن بولۇپ، يول بەكلا خەتەرلىك ئىدى. مۆلدۈردە غاراسلاپ سۇنغان دەرەخلەر ئەتراپقا تولۇپ، يولنى توسۇۋالغانىدى. دەرەخلەر پۈتۈنلەي تىكەنلىك بولغاچقا قول بىلەن يۆتكەپ مېڭىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ جۈرئەت دەرهال، يېنىدىن هەمراهلىق ئايرىماي يۈرىدىغان زۇلپىقاردەك ئۇزۇن پىچاقنى ئۆتۈكىنىڭ قونجىسىدىن شارتتىدە سۇغۇرۇپ قولىغا ئالدى، ئاندىن دەرەخلەرنى چاناپ، كېسىپ مېڭىشقا باشلىدى. قول قاپىرىپ، قان جىرىلداپ چىقىپ بىردەمنىڭ ئىچىدە قولىنىڭ ئالىقان بارماقلىرىنى قىپقىزىل قانغا بويىدى.

دەرەخلىكتىن ئۆتۈپ كەڭ يولغا چىقىش بىلەن يول تېخىمۇ قىيىنلاشتى. ئەگەر سەللا بىخەستەلىك قىلسا يولدىكى سۇ توشۇۋالغان ئازگاللارغا موتسىكلىت بىلەن چۆكۈپ كېتىپ، هاياتىدىن ئايرىلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز ئېغىرلىقىغا بىرمۇنچە يۈك - تاقلار قوشۇلۇپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن موتسىكلىتمۇ ئۇنى كۈچىدىن بەكلا خورىتىپ چارچاتقان بولۇپ، بۇ هارغىنلىقلارنىڭ نېرۋىغا تەسىر قىلىشى تەبىئىي ئىدى. شۇنىڭ بىلەن يولنىڭ ئوي - دۆڭنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. جۈرئەت قولىغا دەرەخنىڭ سۇنغان ئۇزۇن، پۇختا غولىدىن بىرنى ئالدى - دە، يەرگە سانجىشقا باشلىدى. دېگەندەك سانجىلغان تاياق خېلى كۆپ يەرلەردە ئازگاللارنىڭ تېگىگە بويلىماي قالدى. جۈرئەتكە خۇددى ئۆلۈم ئازگاللىرى ئۆزىنى تارتىۋاتقاندەك تۇيۇلسىمۇ، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دېگەن هاياتلىق ساداسى ئۇنى داۋاملىق يول ئىزدەشكە، بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كېتىشكە ئۈندەيتتى. شۇنداق قىلىپ جۈرئەت كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان بۇ 20 مېتىرلىق هالاكەت يولىدىن ئاخىر قۇتۇلۇپ خېلىلا يەڭگىللەپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغىنى 20 مېتىرلىق بۇ يولدىن بىر يېرىم سائەتتە ئاران قۇتۇلۇپ چىقتى. هەممە ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى. كېيىنكى يوللاردىمۇ 15 مېتىردا بىر موتسىكلىتتىن چۈشۈپ، تىزىغا كەلگۈچە لاي - پاتقاقنى كېچىپ، يولنىڭ چوڭقۇر يېرىنى تەكشۈرەتتى، ماڭاتتى. هاياتلىق، هاياتلىقىدىكى ئەڭ بۈيۈك نىشانى ئۈچۈن يول ئىزدەيتتى.

شۇنداق قىلىپ، تەبىئەتنىڭ تۇنجى جېڭىدە ئاچ قورساق 37 سائەت جەڭ قىلغان جۈرئەت ئۆزىنىڭ يېڭىلمەس روھ ۋە باتۇرانە شىجائىتىنى تۇنجى قېتىم تەبىئەتكە تونۇتتى.

ئۇ، بۇ تاغدا ئۆزى يالغۇز قېلىپ شۇنچىلىك ئادەمسىراپ كەتتىكى، هەتتا ئەتراپتىكى مەنزىرىنى خاتىرە ئورنىدا سۈرەتكە تارتىۋاتقان ئۆز قولىدىكى سىنئالغۇ ئاپپاراتىنىڭ كامېراسىنى ئۆزىگە توغرىلاپ، ئەينەكتە كۆرۈنگەن ئۆز ئەكسىگە قاراپ سۆزلەپ كەتتى:

- هە، قانداقراق ئەهۋالىڭلار، قارايمىزغۇ... - ئۇ شۇ گەپنى قىلدىيۇ، بويىغا يىغا ئولاشتى.

جۈرئەت بىر زامانلاردا ئۆزىنى «روبىنزون كىروزودەك ئادەمزاتسىز، هېچكىم بارالمايدىغان يېگانە ئارالدەك بىر يەردە يالغۇز ياشاپ باقسام» دەپ تەنهالىقنى شۇنچە ئارزۇلاپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدىلىكتە تەنهالىق، جان - جېنىغا تىغدەك پېتىپ كېتىۋاتقان تەنهالىق ئۇنى ئازابلاپ بەكلا غېرىب، بەكلا پەرىشان هالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ، ئۆز ئەكسىگە باشقا ئادەم ئورنىدا خېلىغىچە يەنە ئاللىنېمىلەرنىدۇر دەپ سۆزلەپ كەتتى. بىر چاغدا ئېسىنى يىغىپ، باياتىن ئۆزى بىلەنلا قېلىپ، يولدىكى سۇدەك ئاقىدىغان، ئۇپىدەك يۇمشاق توپىنىڭ پاتقاققا ئايلىنىشى بىلەن قۇلىقىغىچە پېتىپ قالغان نېرىسىدىكى قارا ماشىنىنى سۈرەتكە تارتتى، ئاندىن ئۆزىنىڭ پاتقاق دەستىدىن كۆرگىلى بولمايدىغان، ئەمما تىزىنى دەسسىتىپ توختىتىپ قويۇلغان بولسىمۇ خۇددى ئاسمانغا هازىرلا ئۇچۇپ كېتىدىغان دۈلدۈلدەك كۆكرىكىنى كېرىپ تۇرغان موتسىكلىتىغا كامېرانى توغرىلىدى - دە:

- قاراڭلار، بۇ بىزنىڭ جەڭگىۋار ئاتقا!... - دېدى مۇرەككەپ تۇيغۇ ئىلكىدە.

## «ياشىسۇن جۈرئەت!...»

زېمىن روهىدىن قەهرىمان تۇغۇلىدۇ. قەهرىمان ئەل - خەلقىنىڭ ئوغلى بولغاچقا، ئۇنىڭ قىلىۋاتقىنى هەممىمىز قىلالايدىغان ئاشۇ ئىشلار بولماستىن، زېمىن خەلقىنى لەرزىگە سېلىپ، هەممىگە شان قوچىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش.

قوياش گۈرۈلدەپ كېلىۋاتقان كۈچلۈك سادادىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، زېمىن، خەلققە ئۆز قەهرىمانىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك شۇ كۈنلەردە باشقىچە نۇرلۇق تۈسكە كىرگەنىدى.

تەبىئەتنىڭ تۇنجى سىنىقىدا پۇت - قوللىرى يارىلانغان، يول بويى ئاخىرقى پۇللارمۇ ئاخىرلىشىپ بارغانچە هالسىزلىنىپ كېتىۋاتقان جۈرئەت شۇ تاپتا هەممىنى ئۇنتۇغان بولۇپ، هارغان قەددىنى تېزرەك ئانا يۇرت، خەلق قوينىغا

ئېتىشقا ئالدىراپ، ئەڭ تېز سۈرئەتتە ماي كىلاپاننى بولۇشىغا دەسسىمەكتە ئىدى.

ئاجايىپ ئارزۇ - ئارمانلارغا تولۇپ ياشايدىغان جۇشقۇن، سەزگۈر ستۇدېنتلار ئۈچۈن بۇ كۈنلەردە بىرەر قەھرىماننىڭ كۆپەيگەنلىكىنى ئاڭلاش، جەڭگىۋار ھاياتىدىكى ئۇنتۇلماس خۇشاللىق، بەخت سانىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار تەشكىللىگەن ئاددىي، ئەمما ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلىرى بىلەن ئۇلۇغ روھلارنى يارىتقان ئۆز قەھرىمانلىرىغا تەنتەنە قىلىشنى ئۇنتۇلمايتتى.

1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دەرۋازىسى ئالدى جۇرئەتنى كۈتۈۋېلىشقا چىققان ستۇدېنتلار بىلەن قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن بولۇپ، بۇنداق جانلىنىپ باقمىغىنىغا خېلى چاغلار بولۇپ قالغانىدى. گەرچە، دەرس ۋاقتى بولغاچقا بۇ مەكتەپتىكىلەردىن ئىككى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىلا جۇرئەتنى قارشى ئېلىشقا مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېلىدىغىنىنى ئاڭلاپلا قالغان ئوقۇغۇچىلار ئۆزلۈكىدىن يىغىلىپ نەچچە مىڭدىن ئاشقانىدى.

جۇرئەت ئاخىر ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ مېھرى ئىللىقلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ۋە سېخىيلىقتا ھاتەمگە ئۈلگە بولىدىغان ئۆز ئۆيىنى، قەدىردان ئاتا - ئانىسىنى، چىداملىق ئايالى ۋە نارەسىدە قىزى گۈلنىگارنى سېغىنىپ ئۆلەي دەپ قالغانىدى. ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا دىيارىنىڭ كۆزى، يۈرىكى بولغان ئۈرۈمچىنىڭ ئىس - تۈتەك بىلەن بۇلغانغان بۇلۇتلۇق ئاسمىنىمۇ، ئۆزگىرىشچان ھاۋاسىمۇ، ئىس - تۈتەك دەستىدىن قارىداپ كەتكەن ئاق قۇشقاچلىرىمۇ، ناخشا - مۇزىكىنى قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك بولۇشىغا قويۇۋېتىپ سودا قىلىدىغان لېنتىچىلارمۇ، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايدىغان ئاشخانىلاردىكى مەززىلىك كاۋاپ ھىدى، يېسە - يېسە يەنە يېگۈسى كېلىدىغان لەڭمەن، پولۇلار... ھەتتا كۆزىگە سۈرگۈدەك بولۇپ كەتكەن بۇ ئانا يۇرتنىڭ ھەربىر چىمدىم تۇتىيا، ئەزىز توپىسىغىچە ھەممە، ھەممە نەرسىسىنى سېغىنىپ ئۆلەي دېگەنىدى.

جۇرئەت بوراندەك كېتىۋاتقان بولسىمۇ بۇلارنى، بۇ كۆرۈنۈشلەرنى خۇددى مەززىلىك مېۋە ھىدىنى پۇرىغاندەك پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا سۈمۈرۈپ ئۈلگۈردى. شۇ تاپتا ئۇنى ئاتا - ئانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى، ئۇنىڭ ساۋاقداش، يېقىن ئەل - ئاغىنىلىرى، شۇنداقلا ئۆزى توغۇلغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى دەرسنى تاشلاپ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ قارشى ئېلىش ئۈچۈن مەيدانغا تۆپلىشىپ، كۈچلۈك ھاياجان ۋە تۆت كۆز بىلەن ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرمەكتە ئىدى. ئۇ، بۇنى دادىسىنىڭ بەرگەن تېلېفونىدىن ئۇققانىدى.

جۇرئەت قايناق ھايات قوينىغا چۆمۈلگەن ئىتتىپاق تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىدىكى تۆت كوچا دوقمۇشىدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ماڭىدىغان 1- يولىغا قايرىلغىنىدا، قاتناش ساقچىسى ئۇنى توستى. بۇ ساقچى قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان بولسىمۇ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش تەس ئەمەس ئىدى.

- ھە، ھەجەپ نوچىغۇ سىلە...- دېدى قاتناش ساقچىسى.

- مەن... مەن، جۇرئەت بولىمەن...- ئۆز يۇرتۇمغا بارسام، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە كىشى مېنى تونۇپ كېتىدۇ، ھەتتا قاتناش ساقچىلىرىغىچە ماڭا ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىشىدۇ، دەپ ئويلىغان جۇرئەت بۇ ساقچى ئۆزىنى تونۇمىغان بولسا، ئوقۇشماسلىق بولغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى ئويلاپ شۇنداق ئىزاھات بېرىپ سالدى.

- جۇرئەت بولساڭ نېمە بوپتۇ، كىمنىڭ بالىسى سەن، بىرەر رەئىسنىڭمۇ يا؟...

- رەئىسنىڭ بالىسى ئەمەس، ئاددىيتىنكى بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ. بىراق مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمنىڭ ئەھمىيىتى رەئىس بالىلىرىنىڭكىدىن كەم ئەمەس.

- نېمە دېمەكچى سەن؟ ئەكىلە پىراۋاڭنى، كۆرۈپ باقاي،- ساقچى جۇرئەتنىڭ پىراۋىسىنى قاپىدە تارتىۋېلىپ كاسا يانچۇقىغا سالدى.

- ئۇنداق قىلماڭلار،- دېدى جۇرئەت بىر ئامال قىلىپ ئىشنى ياخشىلىق بىلەن پۈتتۈرۈۋالاي دېگەننىلا ئويلاپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ شۇ تۇرقى ئۆزىنىڭ يولىغا قاراۋاتقان ستۇدېنتلارنى بەك ساقلىتىۋەتمەي، ئۇلارنىڭ دەرس ۋاقتىنى ئېلىپ قويماي دەپ قانچىلىك ئالدىراۋاتقىنىنى ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى. ناۋادا چىشىغا تېگىپ قويسا، ئىشنىڭ تېخىمۇ بۇزۇلۇشىدىن ئەنسىرىگەن جۇرئەت ئامالنىڭ بارىچە سىلىق قىلىشقا، ياۋاش - يۇمشاق بولۇشقا تىرىشىۋاتاتتى،- مېنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ساقلاۋاتقىلى خېلى بولدى. ئۇلارنىڭ داۋاملىق ۋاقتىنى ئالغۇم يوق.

- چوڭ، ئاساسىي كوچىلاردا موتسىكلىت مىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ قائىدە بويىچە بىر تەرەپ قىلىمىز.

جۇرئەت يانفوننى ئېلىپ دادىسىغا تېلېفون بەردى:

- ساقچى پىراۋامنى تارتىۋېلىپ بەرمەيۋاتىدۇ، قانداق قىلىشىمنى بىلمىدىم،- دېدى ئۇ.

— مەن تېخى ئۇ نېمانداق گەپ بولالمايدۇ دېسەمزە، ھە، مۇنداق دەپ قوي! — تېلېفوندىن دادىسىنىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ سۆزلىگىنى ئاڭلاندى. كېيىنىڭ ئۇرامىدىن جۈرئەتتىنمۇ ئۆتە خاپا بولۇۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى، — ھەي، سەن نېمانداق قىلدىڭ، ئادەم بولغاندىكىن دېسەڭ بولمامدۇ، بېيجىڭنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىدىن پالانى كوچىسىدا ماڭدىم، شاڭخەينىڭ پالانى - پۇستانى كوچىلىرىدا بىمالال ماڭدىم، ئۇنىڭدىن باشقا ئىچكىرىدىكى ھەرقانداق بىر شەھەرنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىدا ماڭدىم، ئۇلار ھەجەپ مېنى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىپ ماڭدۇرىدۇيۇ، ئەمدى مۇشۇ ئۆز يۇرتۇمغا كېلىپ يولدا ماڭالمادىمەن، دېسەڭ بولمامدۇ. شۇنچە خەق سېنىڭ يولۇڭغا قاراپ تۇرسا، قانداق گەپ بولۇپ كەتتى بۇ.

ئوبۇلقاسىم ئاكىنىڭ تىلغا ئالغىنى بەرھەق راست ئىدى. جۈرئەت شاڭخەيگە كىرگەندە، بىرىنچى كۈنى قاتناش ساقچىلىرى ئۇنى توسۇپ: «سېنىڭ بۇنداق مېڭىشىڭگە بولمايدۇ» دېيىشتى. بۇ چاغدا جۈرئەت: «ئۇنداق بولسا مېنى قاتناش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئالدىغا ئاپار، ئۇنىڭغا مېنىڭ گېپىم بار» دېگەن پىكىرنى قىلدى. ئۇلارنىڭ باشلىقى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، جۈرئەت ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى، شاڭخەيدە بېجىرىشكە تېگىشلىك جىننىس رېكورتىغا ئائىت ئىشلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى، شۇنداقلا ئۇ يەردىكى شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنى، ھەرقايسى ئاخبارات ئورۇنلىرى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن جىددىي كۆرۈشمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، قاتناش ئەترىتىنىڭ باشلىقى چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ جاۋابەن:

— ياخشى ئىشكەنغۇ، بۇ. قوللاشقا تېگىشلىك ئىشكەن، بولدى، سىز يولىڭىزغا كېتىۋېرىڭ، مەن پۈتۈن شەھەردىكى ھەرقايسى قاتناش ساقچىلىرىغا بىر ئۇيغۇر يىگىتى «يېڭى قىتئە» (شىنداجۇۋ) ماركىلىق موتسىكلىت بىلەن ماڭىدۇ، ئۇنى توسۇماڭلار دەپ بىر تۇتاش ئۇقتۇرۇۋېتىمەن، سىزنى ھېچكىم توسۇمايدۇ، — دېدى.

بەرھەق، جۈرئەت بۇ شەھەردە خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالدى. ئۇ شاڭخەينىڭ ھەرقانداق كوچىسىدا، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەركىن، ئۆزى خالىغانچە موتسىكلىت مىنىپ يۈرەلىدى. كوچا - يوللاردا توسۇۋېلىنغان باشقا كىشىلەر توسالغۇسىزلا كېتىۋاتقان جۈرئەتنى كۆرسىتىپ: «ئۇ ھەجەپ ماڭسا بولىدىكەنۇ، بىز ماڭساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟» دېيىشەتتى. بۇنداق چاغدا قاتناش ساقچىلىرى كۆپچىلىككە شۇنداق چۈشەندۈرەتتى:

— ئۇ دېگەن جىننىس رېكورتى ياراتماقچى بولغان ئالاھىدە كىشى، سىلەرگە ئوخشىمايدۇ...

جۈرئەت باشقا شەھەرلەردىمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىمالال يۈرەلىگەنىدى. — ۋەي، جۈرئەت نېمە بولدى ساڭا. جىمىپلا كەتتىڭغۇ، — باياتىن خىيالغا كەتكەن جۈرئەت چۆچۈپ ئۆزىگە كەلدى. دادىسى تېلېفوندا ھە دەپ سۆزلەۋاتاتتى، — ئۇنداق بولسا جايىڭدا جىمىدەك تۇرۇپ تۇر، مەن بىر باراي، ئاندىن بىر گەپ بولار.

ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى شۇ پاراڭ بولۇنۇپ، ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەيلا دادىسى تاكسىدا يېتىپ كەلدى.

بىراق، بۇ ساقچى يەنىلا گەپ يېمىدى، ئەكسىچە ئوبۇلقاسىم ئاكىغا تولۇق تەگدى. بۇنىڭدىن قاتتىق ھارسىنغان ئوبۇلقاسىم ئاكا ئاخىر بولماي ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىگە بېرىشقا مەجبۇر بولدى. ھېلىمۇ تەلىيىگە يارىشا، بۇ يەردە بىر تونۇشى چىقىپ قالدى. بۇ كىشى مۇشۇ ئىدارىنىڭ ئاساسلىق خادىملىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىسمى مۇھەممەت ئىدى. مۇھەممەت ئاكا بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ:

— ئاھا، شۇ ئىشمىدى، يۈرسىلە، قاتناش ئەترىتىگە، — دېدى-دە، ئوبۇلقاسىم ئاكىنىڭ بىلىكىدىن سۆرەپ دېگۈدەك ئىشخانىدىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

ئۇلار قاتناش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بىلەن كۆرۈشتى.

— خاپا بولماڭلار، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئىدارە نامىدىن ناماقۇل بولاي، يۈرۈڭلار، مەن سىلەرنى بىرىنچى قول باشلىقىمىزنىڭ قېشىغا ئەكىرەي، ئۇمۇ بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ قالسۇن، — دېدى.

بىرىنچى قول باشلىق بۇنى ئاڭلاپ:

— بولدى، دەرھال جۈرئەتكە ئالاھىدە يۈرۈش كىنىشكىسىدىن بىرنى بېجىرىپ بېرىڭلار، بۈگۈندىن باشلاپ ئۇ خالىغان كوچىدا، خالىغان ۋاقىتتا ماڭالايدۇ، ھەتتا ماشىنىلار ئەڭ كۆپ ۋاقىتتىمۇ مېڭىشقىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلىدە 50 يۈەن رەسمىيەت ھەققى ئېلىناتتى، بولدى، بىز بۇ ھەقنى كۆتۈرۈۋېتەيلى، بۇ بىزنىڭ سىلەرگە قىلغان كىچىككىنە بولسىمۇ سەممىي ياردىمىمىز بولۇپ قالسۇن، — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ جۈرئەتنىڭ قەلبى لەرزىگە كەلدى. شۇنچىلىك چۈشىنىشكە ئېرىشكىنى ئۈچۈن ھېلىقى ساقچىنى كۆڭلىدە كەچۈرۈۋەتتى. ئوبۇلقاسىم ئاكا ئۇلارغا كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپ ئىشخانىدىن چىقىشتى.

جۈرئەت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مىڭلاپ ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ يولىغا قاراپ، كۆزلىرى تېشىلەي دېگەنىدى...

— كەلدى! كەلدى! — موتسىكلىتنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنى باسالماي قېلىشتى. جۈرئەت شىنجاڭ

ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئالدىدا توختىغان مۇتىسىكلىتنى تېخى ئۈچۈرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا ستۇدېنتلار قولىدا ئېگىز كۆتۈرگەن دەستە - دەستە گۇللەرنى تەقدىم قىلىشتى ۋە بوينىغا ئالاھىدە ياسالغان گۇلچەمبىرەك ئېسىپ، جۇرئەتنى قۇچاقلىرىغا ئېلىپ ئاسمانغا ئاتقىلى تۇردى.

ئۇلار بىردىنلا ياڭراق ئاۋازدا شوئار توۋلاپ كېتىشتى:

- ياشىسۇن جۇرئەت! . . . ياشىسۇن. . .

بۇ مەنزىرىدىن بالىلارلا ئەمەس، ھەتتا جۇرئەتنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. . . «ئاھ، خەلقىم. . . سىلەر غەلىبەمگە نەقەدەر زار بولۇپ كەتكەن - ھە؟! . . . مەن جان كەتسىمۇ چوقۇم سىلەرنىڭ مەندىن كۇتكەن ئۈمىدىڭلارنى ئاقلىماي قويمايمەن! . . . » دەپ يەنە رەت قەسەم ئىچتى ئۇ ئىچىدە.

ئۇ، خېلىغىچە ئۆزىگە كېلەلمىدى، بىر چاغدا تۇشمۇ - تۇشتىن تەڭلەنگەن قوللارنى، قوللاردا ئۇزۇن سوزۇلغان خاتىرىلەرنى كۆردى.

- ماڭا قول قويۇپ بېرىڭ!

- بىز سىزدىن پەخىرلىنىمىز.

- ئاخىرقى غەلىبىنى تېزرەك قۇچىشىڭىزنى كۇتىمىز.

خېلىدىن بېرى بىر چەتتە ئۆزىنى باسالماي قاراپ تۇرغان ئاتا - ئانا، قىزىنى كۆتۈرۈۋالغان گۇلبەھرە ئوقۇغۇچىلاردىن بىرئاز بوشىغان جۇرئەتكە قاراپ ئېتىلدى.

شۇ مىنۇتلاردىكى ئوغلىنىڭ ھالىتىنى ئاپىسى پاتىگۇل ھەدە شۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

- جۇرئەت ئىچكىرىدىن قومۇلغا كېلىۋاتقاندا، قومۇلدىكى موتسىكلىت ئەترىتىدىن 30 چە ئادەم ئالدىغا موتسىكلىتى بىلەن چىقىپتۇ. . . بالامنىڭ بۇرنى سەۋزىدەك ئىششىپ، چىرايلىرى ھازىرلا گۆردىن چىققاندەك. . . بوران - چاپقۇندا، چۆللۈكلەردە يۈرۈۋېرىپ تىرناقلىرىنىڭ ئاراچلىرى چاك - چاك يېرىلىپ كېتىپتۇ. جۇرئەتنىڭ يۈزلىرى كۆپتەك ئىششىپ يۇيالماس بولۇپ قاپتۇ. مەن ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتىم. . .

جۇرئەت ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ، كۆز ياش قىلىشتى، ئوماق قىزىنى باغرىغا باستى. شۇ تاپتا ئۇنىۋېرسىتېت ئالدىدىكى ستۇدېنتلار قەلبى ئاللىبۇرۇن ئۇلارغا قوشۇلۇپ بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. . . بۇ كۆنى تەبىئەتمۇ ئاشۇ كۆرۈنۈشلەردىن تەسىرلەنگەندەك، ئاسمان سىمىلداپ كۆز يېشى تۆكۈشكە باشلىغانىدى. . .

## يۇرتۇم، مېنى يۆلىۋال

كۆز ئالدىدىكى نۇرغۇن ئىشلار ئۇنى پەقەتلا ئارام ئالغۇزمىدى. ئەتىسى سەھەردىلا ئورنىدىن تۇردى.




- بالام، نېمانداق سەھەر تۇرۇۋالدىڭ؟ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغلىغا ئەتىگەنلىك تاماق تەييارلاۋاتقان پاتىگۇل ھەدە ھەيران بولۇپ سورىدى.

- ئاپا، قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى مۇشۇ پۇرسەتتە بېجىرىۋالمىسام بولمايدۇ.

- ئىقتىسادنى دېمەكچىمۇ سەن بالام؟

- ئەڭ مۇھىمى شۇ ئاپا، خۇدا بۇيرۇسا ئۇ- رۇمچىدە 100 مىڭ يۇەندەك پۇل يىغىلغان بولسا بەكلا ياخشى بولاتتى،- جۇرئەت ھەمىنى بىرەرقۇر پىلانلاپ قويغانىدى.

- شۇنچىلىك پۇل يىغىلارمۇ بالام؟

- چوقۇم يىغىلىدۇ.

بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىددىي ئىمتىھان مەزگىلى بولغاچقا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن باشقا مەكتەپلەردە ئىمتىھان سەۋەبى ئىمزا قويۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىدى.

جۇرئەت سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان- دا، پۇلنىڭ بۇنچىلىك ئۆزىنى كۆرسىتىپ

كېتىدىغىنىنى بىلمىگەنىدى. ئۇ پۇلنىڭ قۇدرىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ ئىچىدە شۇنداق نىدا قىلاتتى: «مانا مەن دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىغان نى - نى ئەرنىڭ تىزىنى ئەگدۈرىدىغانمۇ پۇلكەن، ئۇنىڭ تىزىنى تىك تۇرغۇزۇپ، قەددىنى راۋرۇس كېرىپ يۇردۇرىدىغان نەرسىمۇ يەنە شۇ پۇلكەن. شۇ تۇرقى مەن پۇلدىن قىسىلىپ، تىزلىرىم پۈكۈلۈپ ھالىمدىن كەتتىم. يۇرتۇم، مېنى يۆلىۋال!»

ئىئانە يىغىش تۇنجى بولۇپ ئۈرۈمچىدىكى «كىرورەن رېستورانى» دىن باشلاندى. شۇ قېتىمقى پائالىيەتتە پۈتۈن ئۈرۈمچىدىن يىغىلغان 4 - 5 ئۇستەل سودىگەردىن 10050 يۈەن پۇل چۈشتى. ئەگەر 23 ئۇستەلگە چاقىرىلغانلارنىڭ ھەممىسى تولۇق كەلگەن بولسىدى، ئىش ئويلىغىنىدەك بولۇپمۇ قالار ئىدى. قىزىق يېرى باغاق بېرىلمىسىمۇ ئاڭلاپ كەلگەن ۋە ئابلىمىت ھاجىم سىرتتىن تۇۋلاپ كىرگەن ئاددىي سودىگەرلەر، رەخت، ئاياغ ساتىدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەردىن يىغىلغانىدى.

ئەينى ۋاقىتتا مېۋە - چېۋە بازىرىدا بىرگە يول باسقان مېۋە - چېۋە سودىگەرلىرى ھەسەن ھاجى باشچىلىقىدا ئىئانە يىغىش پائالىيىتى تەشكىللەپ 8200 يۈەن پۇل بىلەن جۈرئەتكە ئاق يول تىلەشتى.

«كىرورەن رېستورانى» دىكى ئىشلاردا جىق كۆچىگەن ئابلىمىت ھاجىم يەنە جۈرئەتنى باشلاپ چېگرا رايون مېھمانخانىسى ئالدىدىكى ئوقەتچى باللارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

- مانا ماۋۇ 50 كويىنى ئاز بولسىمۇ سېلىپ قويۇڭ.

- ماۋۇ 100 كويىنى سېلىپ قويۇڭ.

- سەپىرىڭىزگە ئۇتۇق يار بولسۇن ئوغلان!

- ئوغۇل بالا دېگەن شۇ...

ھەش - پەش دېگۈچە بۇ يەردىمۇ 2700 يۈەن پۇل چۈشتى.

بىر ئاي جەريانىدا ئۇ نۇرغۇن جايلارغا باردى. بەزى سودىگەرلەر:

- بۇرۇنراق بولغان بولسىمۇ، يا كېيىنرەك بولماپتۇ. ھازىر سودا تازا ئۆلۈك بولۇپ قېلىۋاتامدۇ، - دېيىشىپ يولغا سالدى.

غۇلجا، قەشقەر تەرەپلەرنى ئەڭ ياخشى پۇل يىغىش بازىسى كۆرسىتىپ ئۇنى دەرھال شۇ يەرلەرگە ئاتلىنىشقا ئۈندىدى. بىر كۈن كېچىكىش جۈرئەت ئۈچۈن ئەڭ زور پاجىئە بولۇپ چوقۇم 2000 - يىل سائەت 0 دىن 0 ئۆتكەندە كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بېرىشى كېرەك. ئەمدى ئۈرۈمچىنى يەنە ئايلىنىپ يۈرۈۋېرىشكە بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن جۈرئەت قالغىنىنى ئالدىمدىن كۆرەي دېگەن نىشان بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە تەييارلىق قىلدى.

- ئوغلۇم، يول ئۇزۇن، ئالدىڭدا نېمە كۈنلەر كېلىدۇ. بۇنىسى قاراڭغۇ. ئاز بولسىمۇ ماۋۇ 15 مىڭ يۈەننى ئېلىۋال.

ئوبۇلقاسىم ئاكا شۇنچە يىللاردىن بېرى قەلەم ھەققى ۋە ئايالىنىڭ كومپيۇتېر ئارقىلىق توقۇمىچىلىق قىلىش بىلەن ئاز - ئازدىن يىغقان بۇ پۇللارنى جۈرئەتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

- ياق، دادا، ئاپا، سىلەرنىڭ مېنى قوللىغىنىڭلار مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئىلھام، مەن بىر تەۋەككۈلچى. ھەرقانداق كۈنلەرگە مەن رازى، بۇ پۇلنى ئۆزۈڭلار ئىشلىتىڭلار، - جۈرئەت سۆزىنى تۈگىتىپلا ئۆرۈلۈپ ماڭدى.

- توختا ئوغلۇم، سېنىڭ نېمىگە موھتاجلىقىڭ بىزگە ئايان، بۇ پۇلنى ئالغىن.

شۇنداق قىلىپ جۈرئەت 35 مىڭ يۈەن پۇل بىلەن 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سەھەردە ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ يەنە سەپەرگە ئاتلاندى.

چۆچەك شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۈرۈمچىدىكى بىرەيلەن ئېيتىپ بەرگەن دىلشادباي ئىسىملىك ياش سودىگەرنى ئۆي سېلىۋاتقان يېرىدىن تاپتى

- ۋاي، مۇنداق دەڭ، نېمىدېگەن ئۇلۇغ سەپەر بۇ، - جۈرئەتنىڭ بايانلىرىدىن تەسىرلەنگەن دىلشادباي سۆزىنى تۈگىتىپلا يېنىدىن دەرھاللا 5 مىڭ يۈەننى چىقىرىپ جۈرئەتكە تەڭلىدى.

- ئۆيىنى سەل چوڭايتايلى دەپ مۇشۇ قۇرۇلۇشنى باشلىغان، شۇڭا قولۇم سەل قىسقا بولۇپ قالدى، ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلىڭ، سەپىرىڭىزگە ئاق يول تىلەيمەن.

ئۇزۇندىن بېرى ئۇنى ئوت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقان رەھمەتتاي باشچىلىقىدىكى باللار غۇلجىغا كېلىشى بىلەنلا پائالىيەت ئويۇشتۇرۇپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئىمزا قويۇش پائالىيىتىنى قىلغاندا جەمئىيەتتىكى باللار بىر ئىئانە ساندۇقى قويۇپ قويغان بولۇپ، ئىككى كۈن ئىچىدە ياشلار، دېھقانلار، باشقىلار تاشلىغان پۇل 1780 يۈەنگە يەتتى.

ئاتۇش دۆلەتلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى خىزمەتداشلار ئارا يىغىشقان 1000 يۈەن پۇلنى ئېلىپ، زور ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن موتسىكلىتنىڭ رولىنى قەشقەرگە بۇرىدى. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا كەلگەندە تەتىللىك كۇرسىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار ئىمزا قويۇش پائالىيىتىدە يىغقان 700 يۈەن پۇلنى جۈرئەتكە تۇتقۇزدى. ئۇياق چېپىپ، بۇياق چېپىپ قەشقەر شەھىرىدە كۆرۈشمىگەن سودىگەرلەرمۇ ئاز قالدى. ئۇلارنىڭ ئېيتقان ھالىغا يېنىدىكى پۇللاردىن ئۇلارغا بۆلۈپ بەرگىلى تاسلا قالدى.

- ئالدىڭىزغا مېڭىپ بېقىڭ، خۇدايىم بېرىپ قالار.

بۇ ئۇلارنىڭ ئورتاق ساداسى بولۇپ چىقتى. موتىسىكلىت بارا - بارا ئانا يۇرت، ئۈمىدكە تولغان خەلقنى يىراقتا قالدۇرۇپ تېخىمۇ ئېغىر كۆڭۈللەرگە قاراپ ماڭماقتا ئىدى.

## بۆرىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسقا تۇتۇلۇش

جۇرئەت قەشقەردىن ئايرىلىپ پىلانى بويىچە قاغىلىق ئارقىلىق شىزاڭنى توغرا كېسىپ چىڭخەيگە چۈشۈش ئۈچۈن قاغىلىققا يېتىپ كەلدى. قاغىلىقنىڭ شىزاڭغا قاراپ ماڭغان دۆلەت تاشيولىنىڭ 164 - 200 كىلومېتىر بۆلىكىدىكى 39 كۆۋرۈكنىڭ ھەممىسىنى كەلكۈن ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يەردىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئارقىغا يېنىپ قاغىلىق ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ يولغا پىششىقان 70 ياشلاردىكى بىر بوۋاينى ئاخىرى تاپتى.

- خوتەننىڭ كەڭقىرغىز يېزىسى دېگەن يېرىدا بۇرۇندا ئەجدادلىرىمىز ھەرەمگە ماڭغان بىر چىغىر يول بار. نەرسە - كېرەكلىرىڭنى قوتاز ئېشەكلەرگە ئارتىپ 5 كۈن يول يۈرسەڭ يول بار يەرگە چىقىسەن، خەير ئاللا سىنى ئامان قىلسۇن.

ئۇ بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ كەڭقىرغىز يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. ھايال قالماي ئىككى ئادەمنى تېپىپ ئۇلارغا 1000 يۈەندىن پۇل بېرىدىغانغا كېلىشىپ موتىسىكلىتنى چۇۋۇپ بەش ئېشەككە ئارتتى-دە، سەھەردىلا سەپەرگە يۈرۈپ كەتتى. بەش كۈنلۈك يول، بەش سائەت ئىچىدىلا ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ، 50 - 40 سانتىلىق تار يولدا تاشلارغا ئۇرۇلغان ساندۇقلار ئېچىلىشقا باشلىدى. «يېنىش كېرەك، دەرھال يېنىش كېرەك» جۇرئەت قەتئىي قاراردا كەينىگە يېنىپ ئاخىرى خوتەننىڭ نىيە ناھىيىسى ئارقىلىق تەكلىماكاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

ئۇ بارغانچە ئاسمانپەلەك قۇمتاغ ۋە بىر-بىرىگە تۇتىشىپ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياتقان بارخانلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىۋاتاتتى. پىژغىرىم ئىسسىق ھەرىدەك چاقاتتى. قۇملۇقتا سايىدىغۇدەك يۇلغۇنلارنىڭ سايىسىگە كېلىپ بىردەم سالقىنلاپ ياكى يۇلغۇن چاغلىق نەرسە بولمىغان قاقىر يەرلەردە موتىسىكلىتنى كۆندىلەڭ قىلىپ توختىتىپ، ئۇنىڭ كىچىككىنە كۆلەڭگىسىگە بېشىنى تىقاتتى... بۇنداق چاغلاردا، قىزىپ كەتكەن قۇم ئاياق ئۈستىدىنمۇ ئۆتۈپ پۇتلىرىنى پىژىلدىتىپ كۆيدۈرسە، قىزىپ كەتكەن موتىسىكلىتنىمۇ دىمىق ئىسسىق ھۇپۇلدەپ ئۇرۇلاتتى. سۇسىز چاڭقاپ ئېغىز-بۇرۇنلىرىنى گەز باغلاپ يېرىلىپ كېتەتتى. بەزى كۈنلىرى قۇملۇقنىڭ دەھشەتلىك بورىنى قۇتراپ شېغىل ئارىلاش چەش قۇملارنى ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە ئۇرۇپ قامچىلايتتى. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ خۇددى بىر توپ لۈكچەكلەرنىڭ ئۇپچە مۇشت-تېپىكلىرىگە چىدىماي يۈز-كۆزىنى ئېتىۋالغان ئادەمدەك ئېتىپ ياتاتتى، بىراق، كۆزلىرىگە، ئېغىز-بۇرۇن، قۇلاقلىرىغا قۇملار تىقىلغىنى تىقىلغانىدى. ئۇ، ئاغزىغا كىرىپ گىچىلداپ تۇرغان قۇملارنى ئەلەم بىلەم تۈكۈرۈۋېتىپ يەنە بىر ماڭدام، بىر ماڭدامدىن ئىلگىرىلەيتتى...

ئەنە شۇ تەرىزدە نەچچە كۈن مېڭىپ، ئاران دېگەندە قۇم يولى ئارقىلىق كورلىغا چۈشۈپ چاقىلىققا يېتىپ كەلدى.

چاقىلىقتىن ئايرىلىپ ئالتۇنتاغ ئارقىلىق چىڭخەي كەلگەندە، نۇرغۇن يوللارنى كەلكۈن ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، كەلكۈن سۇلىرى ئېرىق بويلاپ ئېقىپ، تاغقا چىققۇچە ئاجايىپ توسالغۇلارنى ئېلىپ كەلدى. ئىككىنچى كۈنى كەچقۇرۇن، چىڭخەيگە كىرىش بىلەن شىددەتلىك كەلكۈن دەرياسىغا يولۇقتى. موتىسىكلىتنىڭ ئوتى ئۆچۈرۈلگەن بولۇپ، پەقەت دەريا سۈيى ھەممىگە خىرىس قىلغاندەك شىددەتتە ئېقىپ كېچە جىمجىتلىقنى بۇزماقتا ئىدى. شۇ تاپتا ئالدىراپ تەۋەككۇل قىلىشقا بولمايتتى. دەريانىڭ ئوي - دوڭغۇل، چوڭقۇر - تېيىزلىقى جۇرئەتكە نامەلۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول بويى بەل بويى سۇلاردا يۈرۈپ، تاغدا قار كەچكەچكىمۇ بەكلا چارچاپ، مۇزلاپ كەتكەنىدى. «قانداقلا بولمىسۇن ئارام ئېلىپ، تاڭ يورۇغاندا ئۆتۈش كېرەك». دەريا ۋەھىمىسىگە قېتىلغان كېچە سوغۇقى ئۇنى تېخى ئالدىراپ ئارام ئالدۇرۇدىغاندەك ئەمەس ئىدى. كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئاستى تەرىپى پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئوت قالاپ، كىيىملەرنى قۇرۇتقاچ ئىسسىقراق يېتىش ئۈچۈن ئوتۇن ئىزدەشكە كىرىشتى. ئەتراپنى پۈتۈنلەي تاش قاپلىغان بۇ تاشلىقتىن ئوتۇن ئەمەس، بىر تال گىياھمۇ ئۇچرىتالمىدى. ئەمدى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتۈش كېرەكمۇ؟ ھاۋا بارغانچە سوۋۇماقتا ئىدى. جۇرئەتنىڭ كاللىسىغا دەرھال بىر ئەقىل كەلدى. كىيىم - كېچەك سومكىسىنى ئېچىپ، ئىككى قۇر ئىچ كىيىم، چاپان، ئىشتاننى ئالدىدى-دە، بېنزىن چاچتى، كىيىمنىڭ ئەتراپىغا تاشلارنى تىزىپ سەرەڭگە چاقتى.

قىزدۇرۇلۇپ ئاستىغا قويۇلغان تاشلار ھايال

ئۆتمەيلا ئەسلى تەبىئىتىگە قايتىپ، هارغىنلىق ئىچىدە كۆزى بىر ئاز ئۇيقۇغا ئىلىنغان جۇرئەتنى تېزلا ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. پۈتۈن بەدىنى شۇ قەدەر مۇزلاپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى سىل كېسەل ئادەملەردەك تىترەشكە باشلىدى. پۇت - قوللىرىنىڭ پەيلىرى تارتىشىپ كەتكەچكە بىر هازادىن كېيىن ناهايىتى ئەستە ئورنىدىن تۇردى. پۇت - قوللىرنى ئۇرۇپ يۇرۇپ، قان يۇگۇرتتى. بەدىنى بىر ئاز ئىسسىشقا باشلىدى. دەرهال بۇ يەردىن ئايرىلمىسا زادى بولمايتتى. كىيىملەر يەنە هۆل بولسا، ئالدىدا ئۇنى قۇرۇتقۇدەك يەرنىڭ بولۇشىمۇ ناتايىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كىيىم - كېچەكلەرنى سىلىپ تاشلاپ، دەرياغا چۈشتى. ئەتىگەندىكى تاغ سۈيىنىڭ سوغۇقلۇقى ئۇنى توڭلاتسا، ئاستىدىكى تاشلار پۇتلىرىنى قىيىشقا باشلىدى. چوڭقۇرلىقى بەلدىن ئاشقان، شىددەتلىك دەريا سۈيىگە موتسىكلىتنى سېلىش ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغانلىق بولاتتى.

شۇنىڭ بىلەن سەهەردىن باشلاپ چۈشكە يېقىن موتسىكلىتنى چۈۋۈپ تۈگەتتى. موتسىكلىتنىڭ چۈۋۈلغان هەر بىر بۆلىكى ئۈچۈن دەريادىن ئىككى قېتىم ئۈزۈشكە توغرا كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئۈچ سائەتتە هەممە نەرسە ئاران قارشى قىرغاققا ئۆتكۈزۈپ بولۇندى.

ئۇ شۇ تاپتا شۇنچىلىك توڭلاپ كەتتىكى، ئۆزىنى باشقۇرالمايلا قالدى. چىشلىرىنىڭ بىر - بىرىگە تېگىشلىرىدىن پۈتكۈل جاهان تىترەپ، سوقۇلۇۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. تىترەكتىن هوۋ - هوۋ قىلغان ئاۋاز شۇنچە ۋەھىمىلىك بىلىنمەكتە ئىدى.

قانداقلا بولمىسۇن بۇ يەردىن تېزدىن ئايرىلىش كېرەك ئىدى. مۇزلاپ تىترەۋاتقان قوللاردىن هەرقانچە قىلسىمۇ بولتىلار چۈشۈپ كېتىپ، توختىمىدى. قولنى قىزدۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇۋلغان ئەتىركە، ئامبۇرلار زەربىسىدىن قولى بىردەمنىڭ ئىچىدە ئىششىپ، كۆكۈرۈپ كەتتى. «ئامال يوق ئالدى بىلەن جاننى قۇتقۇزۇش مۇھىم، ئادەم يوق بۇ يەردە كىممۇ مېنى قۇتقۇزالايدۇ، ئۆز كۈچۈملا مېنى قۇتقۇزالايدۇ» . شۇلار كاللىسىغا كەچكەندىن باشلاپ چۈشتىن سائەت 5 - 4 لەرگە يېقىن ئاخىرى موتسىكلىتنى قۇراشتۇرۇپ بولدى. قاراڭغۇ، بارا - بارا يېقىنلاپ كەلمەكتە. ئەمدى كۆيدۇرگىدەك هېچنەرسە قالمىغان بولۇپ، بۇ يەردە قونۇپ سەهەر ئاتلىنىشقا قەتئىي بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇزلاپ قاتتىق هالسىراپ كەتكەچكە، كېچىلەپ يول يۇرۇپ بولسىمۇ ئادەم بار يەرگە يېتىۋالمىسا بولمايتتى.

كېچە، قاپ - قاراڭغۇ، ئىنسى - جىن يوق تاغ ئارىسىدا ئەمدى پەقەت موتوسىكلىتلا كېچە جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. كېچە سائەت ئۈچلەر بولغان چاغ. نەچچە سائەتلەپ يۇقىرى خوتتا، ئوي - دوڭغۇللاردا چايقان بۇ تۆمۈر باتۇرمۇ ئاخىرى قىزىپ، ئىگىسىگە ئارام ئېلىۋېلىشنى ئېيتتى. ماتورنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن ئوتنى ئۆچۈرۈپ، چىراغلارنى ياندۇرۇپ قويدى. كېچە ئايمۇ چىقمىغان بولۇپ، تىنماي هۆركىرەۋاتقان موتسىكلىتمۇ زۇۋانىدىن توختاپ شۇ تاپتا كېچە جىمجىتلىقى هۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. هەر قېتىم توختىغاندىكى ئادىتى بويىچە بۇ قېتىممۇ قول چىرىغىنى ياندۇرۇپ، كومپاستا يۆنىلىش بەلگىلەشكە كىرىشتى. شۇ ئەسنادا تاغنىڭ يان باغرىدىن ئاڭلانغان شاراقلىغان ئاۋاز ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزدى. بۇ يەردە ئادەم بارمىدۇ دېگەن ئويدا 300 نەچچە مېتىر يىراقلىقنى بىمالال يورۇتالايدىغان قىممەت باهالىق ئالىي قول چىراغنى دەرهال ئاۋاز ئاڭلانغان تەرەپكە تۇتتى. 200 نەچچە مېتىر يىراقلىقتىكى تاغنىڭ يان باغرىدىن ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان جۈپ، جۈپ كۆكۈش كۆزلەر كۆرۈندى. «هە! قوي ياكى قوتاز ئوخشىمامدۇ» . ئىلگىرى ئىچكى موڭغۇل يايلاقلىرىدا كېچىسى ماڭغاندا چىراغ يورۇقىدا قوي، قوتازلارنىڭ كۆزىمۇ ئەنە شۇنداق يورۇغان ئىدى.

«ياق، ياق،- ئۇ دەرهال بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك چۆچۈپ كەتتى،- بۇ يەرلەردە هەتتا ئوت - چۆپمۇ بولمىسا قوي، قوتازلار نېمىش قىلىدۇ» . شۇ ئوي بىلەن ئىككىنچى قېتىم قول چىراغنى ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە تۇتتى.

بۇ قېتىم ئۇ كۆزلەر خېلىلا يېقىنلاپ قالغان بولۇپ، تۈكلىرى پارقىرىغان، قۇيرۇقلىرى شىپاڭشىغان سىما كۆزىگە كۆرۈندى.

- بۆرە، چىلبۆرە!- قاتتىق بىر ۋاقىراپلا قولىدىكى قول چىراغ، خەرىتىلەرنى تاشلىدى - دە، موتسىكلىتقا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. شۇ پەيتتە ئۆزىدىكى تەبىئىي ئىقتىدار بىلەن ئاشۇ سۆيۈملۈك هەمراهىلا ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالالايتتى. موتسىكلىت تۇزلەڭلىككە قاراپ چېپىۋاتقىنىدا بۆرىلەرمۇ ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ قېلىشقانىدى.

«قانچە. . . قانچە بۆرىدۇ، تېزرەك چاپ، ئۇلار يېقىنلاپلا قالدى،- جۇرئەت كەينىگە قاراشقىمۇ پېتىنالمايتتى. گاهى موتسىكلىت سۈرئىتىنىڭ ئاستىلاپ، بۆرىلەر 10 نەچچە مېتىر ئارىلىقتا يېقىنلاپ قالغاندا، ئېچىرقاپ كەتكەن چىلبۆرىلەرنىڭ خىرىسلىرى، ئاچلىقتىن غۇچۇرلىغان چىشلىرىنىڭ هەمدە ۋەهشىي هۇۋلىغان ئاۋازلىرى قۇلاق تۇۋىدە ئاڭلانغاندا ئۇ بۆرىلەرنىڭ ئاز بولغاندا يەتتە - سەككىز ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇ موتسىكلىت

بىلەن قوشۇلۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

— ھا! ھا!...

شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا ھاياتلىق، ھايات قېلىشتىن باشقا ھېچنەرسە قالمىغانىدى.

قوغلاش، قېچىش ئىچىدە 30 كىلومېتىردىن كۆپرەك يول بېسىلغاندىلا ھارغان بۆرىلەر بىر - بىرلەپ توختاپ قېلىشتى. ئاخىر بىر يەرگە يىغىلىشقان بۆرىلەر يېڭىلدۇق، يېڭىلدۇق دېگەندەك قىلىشىپ ھالسىز ھۇۋلاشقانچە كەينىگە قاراپ يول ئېلىشتى.

بايىقى ھايات - مامات يولىدا جۇرئەت ئۈچۈن يەتكىچە چايقالغان موتسىكلىت تاغ يولىغا يېقىنلاشقانچە ئېگىز - پەس، ئوي - دوڭغۇللاردا تېخىمۇ چايقىلىپ شۇ تاپتا جۇرئەتنى ئۆز ئۈستىگە ئولتۇرغۇسىز قىلىۋەتكەنىدى. ئەمما بايىقى قورقۇنچ جۇرئەتنى توختىماستىن مېڭىشقا ئۈندەيتتى.

جۇرئەت ئىككى سائەت ماڭغاندىن كېيىن، تاغنىڭ يان باغرىدىن تاققا چىقىپلا ئارام ئالماققا توختىدى. يىراقتا توساتتىن كۆرۈنگەن گۈلخان خۇددى قاراڭغۇ زۇلمەتتىكى غايەت زور قۇياشتەك، ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاللىدە يورۇتۇۋەتتى. شۇ تاپتا ئارقىسى قاپقاراڭغۇ زۇلمەتكە تولغان، ئۇمىد نۇرى ئەنە شۇ گۈلخان ئەتراپىدىكى ئادەملەردىلا قالغاندەك قانداقتۇر بىر كۈچ، قىسقىسى ئىنسانىي مۇھەببەت تۇيغۇسى ئۇنى ئالدىراتماقتا ئىدى.

«بۆرىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسقا تۇتۇلۇپتۇ» دېگەندەك، گۈلخان ئەتراپىغا يېتىپ كېلىش بىلەنلا ئۈچ - تۆت كەپىدىن چىقىشىپ قورال، گۈرجەكلەرنى كۆتۈرگەن بىر توپ ئادەم ئۇنى قورشىۋالدى.

— نېمە ئادەمسەن؟ - ھايت - ھۇيت دېگۈچە سۇرلۇك بىر ئادەمنىڭ قولىدىكى تاپانچا ئۇنىڭ مېڭىسىگە تەڭلەندى. «ئاھ خۇدا، بۇ قاراقچىلاردىن رەھىم كېلىدىغاندەك ئەمەس، ئەلپازىدىن چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار مېنى ئېتىپ تاشلايدۇ، ۋەتەن، خەلققە ئاتىغان ئوتلۇق يۈرىكىم ئەرزىمەس چۈپرەندىلەر قولىدا تىتىپ تاشلىنامدۇ ئەمدى؟!»

— ئۈن - تىنسىز كېتىپ قالغۇسى بار ئوخشايدۇ. ئاكا، دەرھال ئۇنى ئىتتىۋېتەيلى.

ھەممىسى ئۇيغا كەتكەن جۇرئەتكە تىكىلگەنچە ئارقا - ئارقىدىن تۇۋلاشقا باشلىدى. شۇ تاپتا جۇرئەتنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ پۇت - قوللىرى بوششىپ كەتتى. — نېمە قىلىسەن بۇ كېچىدە،— مېڭىسىگە تاپانچا تەڭلىۋالغان كىشىنىڭ قۇلاق تۈۋىدىكى ئاۋازى ئۇنى كاللىسىدا پەيدا بولغان بايىقى چاقمەقتەك سوئاللاردىن ئويغاتتى.

— مەن بىر تەۋەككۈلچى، مېنىڭ باشقا مەقسىتىم يوق، مەن مۇشۇنداق... جۇرئەت ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىگەچ بىر تەرەپتىن ئىسپات، رەسىملەرنى ئۇلارغا كۆرسەتتى، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر خېلى جان كىرىپ قالغانىدى. شۇ ئەسنادا كۆزى ئىتتىكلا ئاق دوپپا كىيگەن ئىككى خۇيزۇغا چۈشتى.

— سىلەر مۇسۇلمانمۇ؟ مەنمۇ مۇسۇلمان،— ئۇلارغا يەنە قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— مۇنداق - دە، بىز تېخى يا بۇلاڭچى يا چەسنىچە ياسىنىپ بىزنى پايلاپ كەلگەن ساقچى ئوخشايدۇ دەپتۇق،— بولدى، قورالنى يىغىشتۇرۇڭلار، ھەممىمىز مۇسۇلمانكەنمىز!

ئۇلار ئەسلى چىڭخەيدىكى قانۇنسىز ئالتۇن قازغۇچى خۇيزۇلار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن جۇرئەتنى گۈلخان يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ نان ۋە ئىچىملىكلەرنى بەردى. گۈلخان ئالدىدىكى ئىسسىق ھارارەتتە جۇرئەتنىڭ توڭلىغان بەدىنىگە ئاستا - ئاستا ئىسسىق يۈگۈرمەكتە ئىدى.

بۇ ئىنسانلارنىڭ چىرايى شۇنداق قورقۇنچلۇق بولۇپ، پات - پاتلا يەر ئاستىدىن جۇرئەتكە قاراپ قوياتتى. «يامانلىقنى ئويلىمىغۇچە ياخشىلىق يوق» دېگەندەك، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغان بۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى ئۇنىڭغا بارا - بارا باشقىچە بىلىنىشكە باشلىدى. دېمىسىمۇ شۇ چاغدا ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى بۇلاپ كېتىش ئۇلار ئۈچۈن كىچىككىلا ئىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىردىنلا ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەش، مۇداپىئەلىنىش ھالىتىگە ئۆتتى.

— يېتىپ ۋاقتىدا ئارام ئالغىن،— ئۇلاردىن بىرسى ئېغىز ئاچتى.

— رەھمەت، پەقەتلا ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ،— ئۇ شۇنداق دېگىنى بىلەن شۇ مىنۇتلاردا ئۇيقۇ، دەم ئېلىشقا قانچىلىك موھتاجلىقىنى ئۆزى بىلەتتى. شۇنداق قىلىپ كىرپىك قاقماي تاڭنىمۇ ئاتقۇزۇپ سەپەرگە ئاتلانماقچى بولدى.

— ئادەم بار يەرگە يەنە قانچىلىك بار؟

— ئالدىڭغا 30 كىلومېتىردەك ماڭساڭ چىڭخەينىڭ لاڭخۇ دېگەن يېرىگە بارىسەن. ئۇ يەردە ياتاقلار بار.

شۇنىڭ بىلەن جۇرئەت ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ يەردە ياتاققا ئورۇنلاشتى. يول بويى نۇرغۇن ئوي - دوڭغۇل تاشلىقلاردا، بۆرە ۋەقەسىدە كارامەت چاپقان بۇ ھەمراھىدىن ئەھۋال سورىماقچى بولۇپ، ئۇنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئارقا چاقنىڭ 10 سانتىمېتىردەك يېرىنى تاش جىجىۋەتكەنلىكى بايقالدى. شۇنىڭ بىلەن سىناپ بېقىش ئۈچۈن

بىرنى تېپىۋىدى، ئويلىمىغان يەردىن پوستىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چاق يېرىلىپ كەتتى. (ئادەتتە بۇ خىل موتسىكلىتلارغا ئىچ كامېر ئىشلىتىلمەيتتى).



توۋا، تەقدىر دېگەنمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن، شۇنچە ئويى - دوڭغۇل، تاغ يوللىرىدا يېرىلماي، ئەمدى بىر تېپىككە پايلىمىغىنىنى ماۋۇ چاقنىڭ. ئەگەر تۈنۈگۈن كېچىدە چاق يېرىلىپ كەتكەن بولسا ھەر تەرەپتىن كەلگەن ئاچ بۆرىلەر بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇنى ۋەھشىيلەرچە تالاپ كېتەركەندۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ جان تالىشىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، سوغۇق تەرگە چۆمدى.

## «ئېچىمدىكى دەردلىرىمنى ئاڭلايدىغانغا ئادەم يوق...»

ئاي، كۈنلەر ئۆتۈپ 11 - ئايلارمۇ كېلىپ قالدى. جۇرئەت كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بارغانچە ھالسىزلىنىشقا باشلىدى، ئۇ ئالتۇنتاغ ئارقىلىق چىڭخەيدىن شىزاڭغا كىردى. بالا كەلسە قوش كېتۇ، دېگەندەك، شىزاڭدىن سىچۈەنگە ئۆتىدىغان يولنىمۇ كەلكۈن ئېلىپ كەتكەن، تاغ ئۆرۈلۈپ، يول توسۇلۇپ قالغانىدى. ئۇ ئامالسىز كەينىگە قايتتى. چىڭخەي شىنىڭغا كېلىپ سىچۈەنگە ئۆتۈش مۇساپىسىدە يول تەكرار بېسىلغاچقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىينالدى. يېندا، يۈننەنگە كېلىپ شىشۇاڭبەنادىن چىققاندا ماي قاچىلاشقا ئېلىپ قويغان 27 يۈەن پۇلدىن باشقا پەقەتلا پۇل قالمىدى. جۇرئەتنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ غولدۇرلاپ كەتتى. ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، بۇ پۇلنى ئۆزۈمنىڭ قورسىقىغا ئىشلەتمەيمەن. موتسىكلىتمۇ چاقى ھەر بىر ئايلانغىچە ماڭا نەچچە رەت «پۇل! . . . پۇل!» دەپ غەلۋە قىلىدۇ. ئۇنىڭ غەلۋىسىنى بېسىقتۇرماي، ئۇنىڭغا ئۇدۇللۇق ماي ئالماي بولمايدۇ. شۇ تاپتا يولدا بىر مىنۇت ئارتۇق توختاش ياكى كېچىكىش، مەن ئۈچۈن ئۆز نەپسى، تىنىقى توختاپ قالغانلىق بىلەن تەڭ.

ئەنە شۇنداق ئويلىغان جۇرئەت يول بويى تاغلارغا چىقىپ ياۋا بانانلار بىلەن قورساق تويغۇزدى، كېچىسى يول ياساش ئىشچىلىرى يامغۇردىن پاناھلىنىشقا ياساپ قويغان ئۆڭكۈرگە كىرىپ پاناھلاندى. بۇنداق ۋاقىتتا، ئۇ ئۆڭكۈر ئېغىزىغا ئەسكى چېگە تاغار ئۇچرىسا شۇ تاغارنى تارتىپ، بولمىسا، كۆلا ياكى شاخ - شۇمبىلارنى توسۇپ ئىشىك ئورنىدا ئىشلەتتى.

1999 - يىلى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ شىپىڭ ناھىيىسىدىكى تاغ ئۆڭكۈرىدە قورساق ئاچلىقىدىن زورلاپمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلتۈرەلمىدى.

بىر چاغدا يانفونى جىرىڭلىدى. بۇ يانفوننى جۇرئەت مۇبادا موتسىكلىت ئادەمزاتسىز چۆل - باياۋان ياكى تاغ ئىچىدە بۇزۇلۇپ قالغۇدەك بولسا، جىددىي كېرەك بولىدۇ، دەپلا سېتىۋالغانىدى. بۇ يانفونغا تېلېفون كەلسىمۇ، تېلېفون بەرسىمۇ ئوخشاشلا پۇلغا ماڭغاچقا، بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن پۇل كېتەتتى. ئادەتتە، ئۇنىڭغا ئەل - ئاغىنىلىرى، ئاتا - ئانىسى، گېزىتخانىلارنىڭ مۇخبىرلىرى ۋە يەنە ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان ئالاقىدار كىشىلەر توختىماي تېلېفون بېرىپ تۇراتتى. ھازىر تېلېفون بېرىۋاتقىنى ئۆيدىكىلەرمىدۇ ياكى مەنمۇ تونۇمايدىغان بىرەرسىمىدۇ. ئەگەر، باشقىلار بولسا تايىنى يوق ئىشلارغا ئاۋارە قىلارمۇ، دەپ خېلى دېلىغۇل بولۇپ، ئاخىر تېلېفوننى ئېچىۋىدى، دادىسى ئوبۇلقاسىم ئاكا بولۇپ چىقتى.

- قانداقراق ئەھۋالىڭ، ياتاقا چۈشتۈڭمۇ ياكى باشقا يەردە يۈرەمسەن؟

ھەقىقىي ئەھۋالنى دەپ ئاتا - ئانىسىنى ئەنسىرىتىشنى، ئۇلارنىمۇ ئازابلاشنى راۋا كۆرمىگەن جۇرئەت:

- ياتاقتا چۈشتۈم، - دېدى.

- مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە، زۇكاماداپ قالمىغانسەن، ئاۋازىڭ بولەكچىلا چىقىدىغۇ.

- شۇ، زۇكاماداپ. . .

دادىسى ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش ھەققىدە بىرمۇنچە ياخشى گەپلەرنى قىلدى.

ئاندىن سورىدى:

- تاماق يېگەنسەن؟

- تاماق يېدىم.

جۇرئەت دادىسىغا يالغان سۆزلەۋاتقىنىدا، بىردىنلا بويىغا يىغا ئۇلىشىپ چەكسىز غېرىبلىق بېسىپ كەتتى... ئۇ، ئادەتتە ھەپتىدە بىرەر يەردە ياكى ئىككى يەردە ئۇچراپ قالىدىغان مۇسۇلمانچە ئاشخانىلاردا بىر قېتىم تاماق يەۋالسا، ئۈچ - تۆت كۈنلەپ ئۈچ ۋاخ پېچىنە بىلەن ئۆتەتتى، پېچىنىدىن چىقىپ كەتسىمۇ يېمەي ئامالى يوق ئىدى. پېچىنىنىڭ ئۇزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولمىغاچقا، جۇرئەت يېقىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن شەھەرلەرگە كىرىپ مۇسۇلمانچە ئاشخانا تاپالماي قالغانلىرىدا ئۇزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش پارشوكى ئالاتتى - دە، ئۇنى قايناق سۇغا چىلىپ تاماق ئورنىدا ئىچەتتى ياكى تەييار چۆپنى خۇدانىڭ قۇرۇق سۇيىگە دۇملەپ ئىچەتتى. ئەمدىلىكتە بولسا، نە شۇ پېچىنە، نە تەييار چۆپمۇ يوق، ئاچلىقتىن ئۆز گۆشىنى يېگۈدەك بولۇپ كەتكەنىدى.

- گۈلبەھرەچۇ، بارمۇ؟ - ئىختىيارسىز سوراپ سالدى ئۇ ئايالىنى.

جۇرئەت ئايالى بىلەن تىنچلىق سوراشتى، ئاندىن:

- خوتۇن، بۈگۈن كېچە تالادا قالدۇق. يوتقان - كۆرپە بولسىمۇ ئەۋەتمەمسىلە،- دېدى سەمىمىي يۇسۇندا چاقچاق قىلىپ. جۇرئەتنىڭ بۇ چاقچىقى، خۇددى جەڭدە ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ، ئۆلۈش ئالدىدا مەغرۇر ئۆلەي دەپ ئەتەي چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكىنىدەك شۇ قەدەر ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇ شۇتاپتا، ئاتا - ئانامغا راست گەپنى قىلغىلى بولمىغاندىكىن، خوتۇنۇمدىن بولسىمۇ بىرەر ئېغىز تەسەللىي بولغۇدەك ياخشى گەپ ئاڭلارمەن، دەپ ئويلىغانىدى. ئەپسۇس، كۈتمىگەن يەردىن ئايالى:

- خوپ بوپتۇ، ئۆزىڭىز تاپقان بالا بولغاندىكىن...- دېدى. گەرچە، بۇ ئايالىنىڭ چېنىقمەن، پۇل تاپىمەن، جىننىس رېكورتى يارىتىمەن، دەپ يۇرۇپ ئۇدا ئۈچ يىلچە ئۆيدىن ئايرىلىپ كېتىشىگە بولغان بىر خىل نارازىلىقىدىن شەكىللەنگەن قېيداش بولسىمۇ، بۇ گەپ جۇرئەتكە بەكلا ھار كەلدى. بىرەر - يېرىم ئېغىز ياخشى گېپىنىڭ تايىنى يوق، مېنىڭ ئايالىم بولغان كىشىمۇ شۇنداق دەمدۇ؟! باشقىلارنىڭ چۈشەنمەسلىكىگىمۇ مەيلى، ئۇمۇ بولسا چۈشەنسە، مېنى بىر چۈشىنىپ باقسا بولمامدۇ... نېمىدەپ ئۇنىڭغا بېشىم ئىششىپ قالغاندەك گەپلەرنى قىلغان بولغىيدىم؟...

ئۇ ئويلىغانچە غېرىبلىق، تەنھالىق خۇددى ئۆزى تونۇۋاتقان چىراغسىز ئۆڭكۈردەك قاراڭغۇ، مۇدھىش روھىغا ئاستا - ئاستا يېپىلماقتا ئىدى. «مەن نېمىشقا ئۆيۈم تۇرۇپ ئۆيسىز، تالادا قالدىم؟ نېمە ئۈچۈن يامان ئىش قىلمىساممۇ ئاتا - ئانامغا يالغان ئېيتتىم؟... مېنى ھېچكىم چۈشەنمىدى، ھېچكىمنىڭ چۈشىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەسكەن». بۇنداق ئويلار ئۇنى بەكمۇ ئازابلىدى. باشپاناھسىز، يەككە - يېگانە، يالغۇز ھېس قىلدۇردى...

ئۆمرىدە ئۇ ھېچقاچان بۇنچىلىك يالغۇزلۇق، بۇنچىلىك غېرىبلىق ھېس قىلىپ باقمىغانىدى. شۇ كۈنى ئۇ خاتىرىسىنى ئېلىپ مۇنۇ قۇرلارنى يازدى:

«1999 - يىلى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مەن يۇننەن ئۆلكىسىنىڭ شىپىڭ ناھىيىسىدە. مەن سەپەرگە چىققىلى 1 يىل 20 كۈن بولدى. سەپەرگە چىققاندىن بېرى ھازىرقىدەك يالغۇزلۇق، ئاجىزلىقنى سەزمىگەنىدىم... چۈنكى بىرسى سەپەر ئالدىراش، ياندىكى ئىقتىسادىمۇ بار ئىدى. لېكىن ھازىر سەپەرمۇ ئاز قالدى، ياندا ئىقتىسادىمۇ تۈگىدى. كۆڭلۈم بەك يېرىم... ئالدىمدا نۇرغۇن ئىشلار كۈتۈپ تۇرىدۇ. ھەممە ئىشقا ئىقتىساد كېرەك. ئاللادىن پۇل تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ، ئىچىمدىكى دەردلىرىمنى ئاڭلايدىغانغا ئادەم يوق، مەن ئۈچۈن يۇرتۇم يىراق، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار يېقىن بولۇپ قالدى...»

يانفوننىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى، جۇرئەتنى بايىقى غېرىبلىق تۇيغۇسىدىن خېلىلا تەستە تارتىپ چىقتى.

- جۇرئەت، قانداق ئەھۋالىڭ، ھازىر نەدىسەن؟ مەن ئەنۋەر،- بۇ جۇرئەتنىڭ ئىشلىرىدا باشتىن - ئاخىر ئالاقە قىلىپ كېلىۋاتقان «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى ئەنۋەر ئېزىزنىڭ ئاۋازى ئىدى.

- ئەنۋەرمۇسەن؟! - جۇرئەت شۇ تاپتا باشقىلاردىن ئازار يەپ ئانىسىنى كۆرگەندە تىلىقىپ يىغلاپ كەتكەن كىچىك بالىدەك راسا بىر يىغلىۋالغۇسى كەلدى. ئەمما شۇئان «ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، سەن يىغلىساڭ باشقىلار سېنى نېمىدەيدۇ، يىغا ساڭا يارىشامدۇ؟ سەن ھەقىقىي ئەركەك بولماقچىغۇ، ئۇنداقتا شۇنى ئۇنتۇما ئەركەكنىڭ يېشى ھامان ئىچىگە ئاقىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۈلگۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ مىنۇتلاردىكى غېرىبلىق تارىخىنىڭ بايىلا يېزىلغان نىداسىنى ئەنۋەر ئېزىزغا ئوقۇپ بەردى. شۇ كۈنكى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئەنۋەر ئېزىز ئۇنىڭ بۇ خاتىرىسىنى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە دەرھاللا ئېلان قىلىۋەتتى.

بىر كۈنى ئوبۇلقاسىم ئاكا گېزىتتىن بۇ

خەۋەرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ شۇندىلا جۇرئەتنىڭ ئۆزلىرىگە ئىغىرچىلىق سىلىۋېرىشنى خالىماي بۇنى ئىيتمىغانلىقىنى بىلدى - دە، يىغلاپ تاشلىدى. . .

ئوبۇلقاسىم ئاكا بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلى قاتتىق پاراكەندە بولۇپ تۇرسىمۇ، بۇ ئىش توغرۇلۇق ئايالىغا بىر ئىغىزمۇ تىنمىدى. چۈنكى جۇرئەتنىڭ ئاپىسى پاتىگۇل ھەدە بۇنداق خەۋەرنى ئاڭلىسا ئايلىنىپ قالاتتى. نىمىلا دىگەنبىلەن ئانا بولغان ئادەم يەنىلا چىدىمايدۇ - دە!

ئوبۇلقاسىم ئاكا دەررۇ ئۈچ يىرىم مىڭ يۈەننى تەييارلاپ پوچتىخانىغا چاپتى. . .

## پۇلغا تامغان كۆز يىشى

1999 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇرئەت خەينەن ئۆلكىسىنىڭ يىنىدىكى قوشنا ئۆلكە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خەيئەن ناھىيىسىگە يىتىپ كەلدى. بۇ چاغدا يىنىدا پەقەت گۇاڭشىغا كەلگەندە ئۇ يەر - بۇ يەردە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلار ياردەم قىلغان 200 يۈەن پۇلدىن پەقەت 29 يۈەنلا قالغانىدى.

ئۇنى پۇلنىڭ تاشتەك ئىغىر غىمى يەنە يەلكىسىدىن باستى. جۇرئەت بىشى چۈشكەن ھالدا كوچىدا موتىسكلىتى بىلەن كىتىۋاتاتتى، قىزىل چىراغياندى. شۇ ئارىدا يىشىل چىراغ يىنىپ بولغۇچە يولنىڭ پىيادىلەر ئۆتۈش ئۈچۈن سىزىپ قويۇلغان ئاق سىزىقلىرىنى بويلاپ ئۆتۈشكە باشلىغان كىشىلەر توپىدىن بىر خەنزو بوۋاي چىقىپ كەلدى - دە، جۇرئەتكە:

- ۋوي، سەن جۇرئەتقۇ ،- دىدى. جۇرئەت كۆڭلەكلىرى يىرتىلىپ، ئەسكى چۈخىيىنىڭ ئۇچىدىن پۇتى كۆرۈنۈپ قالغان، ئاق چاچ بىر بوۋايغا قاراپ باش لىڭشىتتى. بۇ بوۋاينىڭ چىرايىدىن بىر خىل تەبەسسۇم يىغىپ تۇراتتى. ئۇ:

- سىنى تىلىۋىزوردا كۆرگەن. مەن دىھقان، يىنىمدا بىرەي دىسەم جىق پۇلۇم يوق، مە، بۇنى بولسىمۇ ئالغىن! ئوغۇل بالىكەنسەن، - دىگىنىچە جۇرئەتنىڭ دولىسىغا پاققىدە بىرنى شاپىلاقلاپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ بوۋاي ئۆزىنىڭ كىر تۇتۇپ قاسماقلىشىپ كەتكەن، يىرتىلىپ كىيگۈدەك ھالى قالمىغان كۆڭلەك ۋە چۈخەيلەرنى داۋاملىق كىيىپ يۈرۈپتۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بەرگەن شۇ بەش يۈەننى ئۆزىنىڭ كۆڭلىكى ياكى چۈخىيىنى يەڭگۈشلەشكە ئىشلەتكەن بولسا، بەلكىم يىتىپمۇ قالار ئىدى. بىراق بۇ بوۋاي ئۆزى كۆڭلەك ياكى چۈخەي ئىلىشقىمۇ كۆزى قىيمىغان شۇ پۇلنى جۇرئەتكە خۇشخۇيلۇق بىلەن بەردى. ئۇنىڭ ئۆزى شۇنچە

نامرات بولسىمۇ، روھى باي ئىدى. بەلكىم، بۇ بوۋاي جۇرئەتكە بەش يۈەن بەرگىنىنى ئۆمرىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش قىلدىم، دەپ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى بىر ئۆمۈر بەختلىك ساناپ يۈرۈشىمۇ مۇمكىن. ھەتتا، ئۇ تونۇش - بىلىشلىرى ئالدىدا بۇنى پەخىرلىك ھىسسىياتى بىلەن تالاي قىتىملاپ سۆزلەپ يۈرەر. دىمىسىمۇ، ئۇ شۇنىڭغا ھەقلىق. ئۇنىڭ شۇ ئاددىي، كىرسىز، غۇبارسىز، بوۋايلاردەك سەممىي، چىن قەلبىدىن چىقىرىپ بەرگەن شۇ بەش يۈەن پۇلىدا بەش مىڭ يۈەننىڭ ۋەزنى بار. . . جۇرئەتنىڭ ھەممە كىيىملىرى، پۈتكۈل تۇرقىدىن قاتتىق نامراتچىلىق تۆكۈلۈپ تۇرغان، ئەمما شۇنچە ئىسسىق چىراي بۇ بوۋاينىڭ دوستانە شاپىلىقى تەگكەن بەدىنىگە ئاجايىپ ئىسسىق بىر خىل ئىقىم تارىلىپ، بۇرنىنىڭ ئۇچى غىدىقلانغاندەك، ئۇنى يىغا تۇتقاندەك بولدى. . .

جۇرئەت خەينەندىن يولغا چىقىپ، پۈتكۈل مەملىكەتتىكى 31 ئۆلكە (تەيۋەن بۇنىڭ سىرتىدا)، 400 دىن ئارتۇق شەھەرنى ئايلىنىپ، ئاخىر يەنە خەينەن ئۆلكىسىدىكى ئۆزى سەپەرگە چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تاللىۋالغان خەيكۇ شەھىرىگە قوشنا ئۆلكە گۇاڭدۇڭنىڭ خەيئەنگە مۇدەتتىن بىر ھەپتە بۇرۇن يىتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىر ھەپتە بۇرۇن كىلىشتىكى مەقسىتى نىمە؟ چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىدىغان، ئۇنىڭ جىننىس رىكورتى يارىتقانلىقىنى ئالاقىدار ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرىغا يەتكۈزىدىغان، ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ نەق مەيدانغا ئەكىلىدىغان ئادىمى يوق، خەيكۇدىكى رەسمىيەتلىرىنى بىجىرىپ تەييار قىلىپ بىرىدىغان ئادىمى يوق، شاڭخەي جىننىس باش شىتابىنىڭ شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق ئورنىدىكى خادىملارنى ۋە مەركىزىي خەلق تىلىۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىدىغان، جۇرئەتنىڭ تەشۋىقات ۋە باشقا مۇھىم، جىددىي ئىشلىرىغا ھە - ھۇ دىيىشىدىغان ھىچكىمى يوق. . . جۇرئەت موتىسكلىتىنى بىر يەرگە قويۇپ، ئۆزى چاپمىسا، ۋاقىت، ئورۇن مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ باشقىلارغا ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قويمىسا بولمايتتى. 32 يۈەنگە خەينەنگە پاراخوتتا ئۆتۈش ئۈچۈن بىلەت ئىلىشقا توغرا كىلەتتى. بىرىپ - كىلىشكە 64 يۈەن پۇل كىتەتتى. ئۇ يانچۇقىدىكى پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغسىمۇ بۇنچىلىك پۇل چىقماي قالدى. بۇ تازا ھالقىلىق پەيت ئىدى. ئۇنىڭ بىشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. قانداق قىلارمەن؟

سومكىسىنىڭ ياندىكى يىتىم يانچۇقىنى ئاختۇرۇش ئۈچۈن قول سىلىپ كۆرۈۋىدى، قولىغا بىر تۇتام پۇل ئورۇندى. . . بۇ پۇللار

جۇرئەت تۇرپانغا بارغاندا مەلۇم بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ ، 2 ـ سىنىپىدىكى، ھەتتا باشلانغۇچنىڭ تەييارلىق سىنىپى ئورنىدا ئېچىلغان باللار باغچىسىدىكى باللاردىن يىغىلغانىدى. شۇ چاغدا، بۇ باللار سەممىي كۆڭلى ھېسابىدا ھەر بىرى بىر مو، ئىككى مو، بەزىسى بىر يۈەن، بەزىسى بەش تىيىن بولۇپ 17 يۈەن ئۈچ مو پۇلنى يىغىپ جۇرئەتكە يوللۇق تۇتقانىدى. جۇرئەت ئۇنى خەجلىۋېتىشكە كۆزى قىيماي، سومكىسىنىڭ يان يانچۇقىغا سېلىپ قويغانچە ئارىدىن بىر يىلچە ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئۇنى ئۇنتۇپمۇ قالغانىدى. مانا ئەمدى يەنە شۇ پۇل چىقىپ قالدى. . . جۇرئەت بۇ پۇللارنى بىر پۇڭ، ئىككى پۇڭ بولسىمۇ رەتلىگەچ يەنە بىر ساناپ چىقتى. توپتوغرا 17 يۈەن ئۈچ مو. جۇرئەت رەتلەنگەن بۇ پۇللارنى تۇتقانچە ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى. . . ئۇنىڭ كۆزىدىن توختاۋسىز قۇيۇلۇۋاتقان ياشلىرى قولىدىكى ئاشۇ سەبىي باللارنىڭ پۇللىرى ئۈستىگە تېمىپ چۈشەتتى. . .

## جۇرئەتنىڭ غېمىگە يەنە غەم قوشۇلدى

1999 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى نۇسرەت قۇچۇشقا ساناقلىقلا كۈن قالغانىدى. بىراق جۇرئەتنىڭ يېنىدا پەقەتلا پۇل قالمىدى. پۇل قالماسلىق، ئاچ قېلىش دېگەنلەرگە بىر يېرىم يىلچە ۋاقىتتىن بېرى تالاي ئۇچراپ كۆنۈپ كەتكەن جۇرئەتنىڭ ئەمدىلىكتە قورساق ئۈچۈن كۆرەش قىلغۇدەك بىر مىنۇتمۇ ۋاقتى يوق ئىدى. باسقان مۇساپىسىنىڭ ماتېرىياللىرىنى خەرىتىلەرگە بىرمۇ ـ بىر سېلىشتۇرۇپ جامائەت گۇۋاھلىق ئورنىغا ئاپىرىش، ئۇنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈش، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرىنى تەكلىپ قىلىش، شاڭخەي جىنىس رېكورتى باش شتابىدىكىلەرنى خەيكۇ شەھىرىگە تەكلىپ قىلىش، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى تەنتەنىلىك جاكارلايدىغان ياخشىراق بىر مەيدان راسلاشقا ئوخشاش ئىشلار ئۇنىڭغىلا قاراشلىق ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ يەردە پۇت ـ قولىغا يېتۈك بولغۇدەك بىرەر يېقىنى يوق بولۇپ، ھەممە ئىشقا ئۆزى چاپمىسا بولمايتتى. بۇ تېخى ئادەتتىكى ئىشلار ئىدى. ھەممىدىن يامىنى يەنە شۇ پۇلنىڭ غېمى ئىدى. شۇ كۈنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرى ھەم جىنىس رېكورتىنىڭ شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق باش شتابىدىكى ۋالى يىجۇغا ئوخشاش كىشىلەر ۋە بۇ شەھەرنىڭ شەھەر باشلىقلىرىنى تەكلىپ قىلىشى، ئۇلارنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى تۆلىشى ئۈچۈن خېلى كۆپ پۇل بولمىسا بولمايتتى. تېخى ئۇ يەنە خەيكۇنىڭ

بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا جان، سودا ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن ئۇيغۇر باللىرىنى يىغىپ، شۇ كۈندە بۇ مەيدانغا چاقىرماقچى ئىدى. شەھەرنىڭ ئۇيەر ـ بۇ يېرىگە چېپىپ يۈرۈپ بىردىن ـ ئىككىدىن خەۋەر قىلىشى كېرەك ئىدى.

قاتتىق ھارغىنلىق، پۇلنىڭ بولمىغىنى، ۋاقىتنىڭ قىستاپ كېلىشلىرى جۇرئەتنى بەكلا جىددىيلەشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا غۇلىچىنى كەڭ ئېچىپ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان نەتىجە بىلەن ئۆز ئارىلىقىنى بىر ئەينەك تام ئايرىپ تۇرغاندەكلا ئىدى. شۇ ھارغىنلىقىدا ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى تەشكىللەپ، ئورۇنلاشتۇرىدىغانلار بولسىدى، ھەممە ئىشلارنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ 73 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنىڭ ھاردۇقىنى نەچچە كۈن قانغۇچە ئۇخلاپ چىقىرىۋالغان بولاتتى. ئەمما قېنى شۇ كىشىلەر؟

جۇرئەت ئەتىسى تۈزۈك ئۇخلىمايلا ئورنىدىن تۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ تېخىمۇ مىنۇت، سېكۇنت قوغلىشىدىغان كۈنلىرى باشلىنىپ كەتتى. ئۇ تۇنجى قەدەمنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن باشلىدى. ئۇلار بىلەن ئاۋۋال تېلېفوندا ئالاقىلىشىپ باقتى. ئۇلار جۇرئەتكە، ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئادەم ئەۋەتسە ئۇلارنىڭ شاڭخەيدىن خەينەننىڭ خەيكۇ شەھىرىگە بېرىپ كېلىش ئايروپىلان بېلىتىنىڭ ھەققى ۋە ئۇلارنىڭ ياتاق، تاماق پۇللىرىنى ئىدارىگە ئالدىن ئەۋەتىپ بەرمىسە بولمايدىغانلىقى، يالغۇز رىياسەتچىنىڭ رىياسەتچىلىك قىلىش ھەققىلا 10 مىڭ يۈەن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

بۇنى ئاڭلاپ جۇرئەتنىڭ كاللىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. «ئاھ خۇدا، ئەمدى بۇنچىۋالا پۇلنى نەدىنمۇ تاپارمەن؟» دېمىسىمۇ بۇ كۈنلەردە تاماقنىمۇ باشقىلارنىڭ پۇلىغا يەپ گاھى ئاچ، گاھى توق يۈرىدىغان جۇرئەت ئۈچۈن 10 مىڭ يۈەننى تېپىش ئىلگىرىكى ئەڭ ئېغىر كۈنلەردىنمۇ ئېغىر تۇيۇلۇشقا باشلىدى. . . بىراق ئۇلار كەلمىسە، ئۇلارنى مەن جىنىس رېكورتىنى يارىتىمەنمۇ جاكارلىغان نەق مەيدانغا ئەكېلەلمىسەم قانداق بولىدۇ؟ بۇ خۇددى نامرات بىر ئادەمنىڭ كىيىم تىكتۈرۈش ئۈچۈن مىڭ تەستە رەختنى سېتىۋالغان بولسىمۇ، تۈگمىسىگە كەلگەندە چىدىمىغاندەك بىر ئىش ئەمەسمۇ. دېمىسىمۇ بىزدە كىتاب كۆرىدىغانلاردىن تېلېۋىزور كۆرىدىغانلار كۆپ، بۇ بىر تەبىئىي ئەھۋال. شۇڭلاشقىمۇ بۇنداق ئۇلۇغ روھ، مۆجىزىلەرنى تېلېۋىزور ۋاسىتىسى بىلەن خەلققە تونۇتۇش ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە، ئالۋەتتە. شۇڭا ئۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكىلەرگە:

ـ قېنى، مەن كۈچىمنىڭ بارىچە يەنە بىر چېپىپ باقاي، پۇلنىڭ ئىشى ھەل بولۇپ قالسا

ئەجەب ئەمەس، ــ دېدى.

ــ بولىدۇ، ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى. بىز سىزنىڭ خۇشخەۋىرىڭىزنى كۈتىمىز.

جۇرئەت يەنە ئىقتىسادىي ئىشلارغا چېپىشقا باشلىدى.

ئۇ ئەمدى شاڭخەي دۇنيا جېنىنىس باش شتابى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى تەكلىپ قىلىشى كېرەك ئىدى.

ــ بۇنىڭ ئۈچۈن 10 مىڭ يۈەن كېتىدۇ، ــ دېدى ۋاڭ يىجۇ جۇرئەت تېلېفون بەرگەندە، ــ بىزنىڭ بېرىش ـ كېلىش، ياتاق، تاماق چىقىملىرىمىزنى كۆتۈرۈشۈڭ، شۇنداقلا رەسمىيەت ھەققى تۆلىشىڭ كېرەك.

جۇرئەت ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتىپ چۈشەندۈرۈپ باقتى.

ــ جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ماتېرىياللىرىڭنى تەكشۈرتتىڭمۇ؟

ــ ياق، تېخى!

ــ بۈگۈن سەن جامائەت گۇۋاھلىقى رەسمىيىتىنى پۈتتۈرۈپ بولساڭ، نەق مەيداندا گۇۋاھلىق بەرسىلا ئىناۋەتلىك، پۇلۇڭ بولمىسا بىزنى ئۇ يەرگە ئاپىرىمەن دەپ قىينالغۇچە، ماتېرىياللىرىڭنى كۆتۈرۈپ شاڭخەيگە كەلسەڭ، بىز گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەن ماتېرىياللارنى ئېتىراپ قىلىۋېرىمىز.

بۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟ جۇرئەت خەيكۇدىن يولغا چىققان، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يەتمەكچى بولغان نوقتىسىمۇ دەل خەيكۇ تۇرسا. ئەمدىلىكتە نېمە بولۇپ كەتتى بۇ ئىشلار. بۇ يەردىن شاڭخەيگە بېرىپ بولغۇچە ۋاقىت كېتىدۇ، ئۇنىڭغا بۇنداق كەڭتاشا ۋاقىت نېمىش قىلسۇن؟ بۇ يەردە مەيداننىڭ ئىشىنىمۇ پۈتتۈرۈپ قويغان تۇرسا.

ــ ياق، مەن سىلەرنى ئامال بار مۇشۇ يەرگە ئەكېلىشىم كېرەك. مەن پۇلنىڭ ئامالىنى قىلىپ كۆرەي.

ئۇ ئېغىزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن كىمدىن، قانداق ئۇسۇلدا بېرىپ بۇ پۇلنى ھەل قىلىشنى بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ چېپىشقا باشلىدى. تونۇش ـ بىلىشلىرىنى ئىزدىدى، يالۋۇردى، ئەمما ھېچقانچە پۇل يىغالمىدى. يىغىلغان پۇللارمۇ باشقا رەسمىيەتلەر ئۈچۈن تېزلا ئۆدۈللۈق خەجلىنىپ تۈگىدى.

كۈننىڭ بارغانچە يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ جۇرئەت تىت ـ تىت بولۇپ، غېرىبلىق ھېس قىلىشقا باشلىدى... شۇ كۈنلەردە بەيجى ئىسىملىك خەنزۇ دوستى ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالدى، تەقدىر ئۇلارنى ئۇچراشتۇرمىغاندا، ئۇ يەنە نېمە كۈنلەرنى كۆرەر بولغىيدى.

ــ مېنىڭ يېنىمدا بار ـ يوقى مۇشۇ 10 مىڭ يۈەنلا پۇل، مۇشۇ پۇلنىڭ ھەممىنى بېرەي، ساڭا شۇنچىلىكلا ياردەم قىلالايمەن. يېتىشىچە ئىشلىتىپ تۇر، ــ دەپ 10 مىڭ يۈەننى ئۇنىڭغا سۇندى.

ــ روھمەت ساڭا، رەھمەت. پۇل تاپسام، قىلغىنىڭنى ھەسسىلەپ قايتۇرىمەن! ــ جۇرئەت خۇشاللىقىدا يوغان بەستى بىلەن ئۇنى شۇنچىلىك قاتتىق قۇچاقلىدىكى، دوستى تىنالمايلا قالدى.

ئەمما بۇ پۇل بىلەن ھەر ئىككى تەرەپنى تەڭ تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ بولغىلى بولمايتتى. 10 مىڭ يۈەن پەقەت بىر تەرەپنى ئەكېلىشكىلا يېتەتتى.

جۇرئەت ئاخىر شاڭخەي جېنىنىس باش شتابىنىڭ ئادىمىنى ئەكېلىدىغان، بېرىپ ـ كېلىش ئايروپىلان كىراسى، ياتاق، تاماق ھەممە چىقىملىرىنى كۆتۈرىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

يامغۇر يېغىپ ئايروپىلان ئۇچالماسلىق ۋە ياكى قانداقتۇر كاشىلىلارنىڭ چىقىشى بىلەن ۋاڭ يىجۇنىڭ ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىدى بولغاي، تېلېفون ئارىلىقىدا جۇرئەت قىستۇرۇپ قويىدى:

ــ ۋاڭ ئەپەندىم، پۇلنى تاپشۇرۇۋېلىپلا خەيكۇغا بىر ـ ئىككى كۈن بۇرۇن كېلەلىسىڭىز ياخشى بولاتتى.

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، چوقۇم شۇنداق قىلىمىز.

شۇنداق قىلىپ جۇرئەت 10 مىڭ يۈەن پۇلنى مۇددەتتىن بۇرۇن يوللىۋەتتى.

ئىشنى تۈگىتىشكە يانفونى ئۇنىڭ بىكار بولۇشنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا سايراپ كەتتى.

ــ جۇرئەت قانداق بولدى؟ بىز مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن. پۇلنى ئەۋەتسەڭ، بېرىپ نەق مەيداندىن تارقاتساق ياخشى بولاتتى.

ــ ھازىرلا شاڭخەي جېنىنىس باش شتابىغا 10 مىڭ يۈەن ماڭدۇردۇم. يېنىمدا تاماق يېگىدەكمۇ پۇلۇم قالمىدى، نەچچە كۈنلا قالدى، قارىغاندا، يەنە 10 مىڭ يۈەن تاپالىشىم مۇمكىن ئەمەس ئوخشايدۇ، ــ جۇرئەت قاتتىق خورسىنغاندەك

ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى.

- سېنىڭ ئۇنچىۋالا قىيىنچىلىقىڭ بولسا، بولدى، سېنىمۇ ئۇنچە قىينىمايلى. مەخسۇس مۇخبىرىمىزنى ئەۋەتىش مۇمكىن بولمىسىمۇ يەنە باشقا ئامالىلارمۇ بار. سەن ئاشۇ يەردىن ئاپپارات تاپالىساڭ، نەق مەيداننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ياخشىراق ئېلىپ، بىزگە ئەۋەتىپ بەر، ياكى شۇ يەردىكى تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى ياخشىراق سۈرەتكە ئالسۇن، بىز بۇ يەردە قويۇپ بېرەيلى، ئۆزىمىز بارمىساقمۇ بولىدۇ. بولدى، بىز بۇ ئىشقا مەسئۇل بولايلى، - دېدى.

ئەمدىلىكتە جورئەتنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ



ئىش باسقان پوتكول موساپىلىرىنى قانۇنىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش ئىدى. جورئەت شاڭخەي جىنىنس باش شتابىغا پۇل ماڭغۇزۇپ پوچتىخانىدىن چىققاندا چۈشلۈك دەم ئېلىشىمۇ توشۇپ، ئىشقا چۈشۈشكە چارەك سائەتلا قالغانىدى. 15 مىنۇتقىچە خەيكو شەھەرلىك قانۇن گۇۋاھلىق ئورنىغا يەتمەكچى بولۇپ يول ئالدى.

جورئەت سومكىسىدىن بارلىق ماتېرىياللارنى چىقىرىپ شۇ يەردە خىزمەت قىلىدىغان نېرىقى ئۈستەلدىكى خەنزۇ قىزنىڭ ئالدىغا قويدى - دە ئۇلارغا كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇلار تېز- تېزلا كۆرۈپ بىر ياقتىن ھېسابلاشقا كىرىشىپ كەتتى. . .

- رەسمىيەت ھەققىڭىز. . .- بىردەمدىلا پۇلنى چىقىرىپ بولدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئانچە كۆپ ئالمىغۇدەك، دەپ ئويلىدى جورئەت.

- تەخمىنەن 75 مىڭ يۈەندەك تۆلىگۈدەك-سىز.

- نېمە دەۋاتىسىلەر ئەمدى؟! - جورئەت بۇ سۆزنى ئارانلا قىلالىدى. پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، بىر چاغلاردا ئالتۇن تاغنىڭ كەلكۈنىدە قالغاندىنمۇ دەھشەتلىكرەك بىر سوغۇق ئېقىم ئۇنى چىرمىۋالدى.

- خەلقئارالىق ئىشلارغا گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن ئېلىنىدىغان ھەق تۆلچىمى ئاشۇنداق يۇقىرى. ئامال يوق، - جورئەتنىڭ بىچارىلەرچە تۇرقىغا قاراپ، بىر نەرسىنى پەملىگەن قىز شۇنداق چۈشەنچە بەردى.

جورئەتكە شۇ تاپتا ھەممە ئىش تۈگەشكەندەك ، تارتقان كۆڭلىرى شۇنىڭ بىلەن ئۆز يۈرىكىنىڭ ئازابلىق قىسمىتىگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەكلا تۇيۇلدى.

- بۇنىڭدىن سەل تۆۋەنلەتكىلى بولماسمۇ؟- جورئەت بۇ سۆزنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. چۈنكى بۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققىنىنى ئەمەس، نەچچە يۈز يۈەن ئۈچۈنمۇ خېلى كۆڭلەر چاپىسا بولمايتتى. ئەمما ئۇلار ئېيتقان پۇلنى تېپىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

- پۇلىڭىز يەتمىسە، پۇل تاپقاندىن كېيىن ئاندىن كېلىپ بېجىرىڭ بولمىسا،- ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بەردى.

بۇنى جورئەت قاچانلا تۆلىسە بولىدىغان ئىش

بولسىدى، ئۇنچىۋالا ئېغىرمۇ كەلمەس ئىدى. بۈگۈنلا تۆلىۋەتمىسە، ئۇنىڭ 2000 - يىلى سائەت 0 دىن 0 مىنۇت ئۆتكەندە، يېڭى ئەسىرنىڭ قوڭغۇرىقى چېلىنغاندا جىننىس رېكورتىنى ياراتقىنىمنى ئېلان قىلىمەن، دېگىنى بىكارچى بولامدۇ؟ ئەگەر، ئۇنى بېجىرمىسەمچۇ؟ ئۇنى بېجىرمەي دېسە، جىننىس رېكورتى ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ پۇلنى قانداق قىلارمەن، دەپ بېشى قاتتى. ئۇنىڭ غېمىگە يەنە بىر چوڭ غەم قوشۇلدى.

## چولپانغا ئايلانغان جۇرئەت ئۆزىنى بىنانىڭ 26 - قەۋىتىدىن تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچى بولدى

شۇ كۈنلەردە جۇرئەتنى بىر بولسىمۇ خاتىرجەم قىلغىنى ئاشۇ كۈنى موتىسىكلىتنى مىنىپ كىرىدىغان مەيدان ئىشى ئىدى. بۇنى ئەينى چاغدىلا موتىسىكلىت زاۋۇتى سەن بىزنىڭ موتىسىكلىتىمىزنى مىنىپ غەلىبە بىلەن كەلسەڭ مەيدان چىقىمىنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئالىمىز دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. بولمىسا كۆتىرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال، دېگەندەك شۇنچە غەملىرى ئۈستىگە يەنە بىر چوڭ غەم قوشۇلغان بولاتتى.

شىنداجۇۋ موتىسىكلىت شىركىتى خەيكۇ شەھىرىدىكى داڭلىق سارايلارنىڭ بىرى بولغان «دېخاۋ» سارىيىنىڭ 26 - قەۋىتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇلار جۇرئەت ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغان «جۇڭياڭ» (مەركىزىي) مەيدانىمۇ «دېخاۋ» سارىيىنىڭ يېنىدىلا ئىدى.

- ئىشلىرىم جاپا تارتسامۇ ھەر ھالدا ئاز - ئازدىن پۈتۈۋاتىدۇ. سىلەر بولغاچقا ھېلىمۇ مەيدان ئۈچۈن چېپىشتىن ساقلىنىپ قالدىم،- شۇ تاپتا جۇرئەت بىر خىل ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئىچىدە ئىلگىرىكى ۋە ئالدىدىكى جاپالىق كۈنلەرنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەندەكلا ئىدى. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ خاتىرجەم، قانغۇچە ئولتۇرۇۋالماقچى بولۇپ كىرىسلوغا چۆكتى.

بىراق شىركەت باشلىقىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ كىچىككىنە ئارامىنىمۇ بۇزۇپ تاشلىدى.

- جۇرئەت، شىركىتىمىزنىڭ 10 - چېسلا خەلقئارالىق سودا كېڭىشىش پائالىيىتى بارئىدى. سەن مەيدانغا شۇ چاغدا موتىسىكلىتىڭنى مىنىپ كىرسەڭ، داقا - دۇمباقلارنى چېلىپ، سېنى ياخشىراق كۈتۈۋالساق بوپتىكەن.

شىركەت باشلىقىنىڭ ئاغزىدىن تويۇقسىز چىققان بۇ سۆز جۇرئەتنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى.

- 10 - چېسلا؟ !- جۇرئەت ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىدىكى شىرەنى مۇشتلاپ قايىندى،- نېمە دەۋاتىسەن ئەمدى، مېنىڭ قىلغان كۈرەشلىرىم، سىلەرنىڭ ئاشۇ 10 - چېسلادىكى خەلقئارالىق بازىرىڭلاردا مەن ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنىڭ موتىسىكلىتىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈنمىدى؟ ئەينى چاغدا سىلەر نېمىدەپ ۋەدە بەرگەن،- جۇرئەت ھايات - ماماتلىق پەيتتە پەرۋاسىز ئېيتىلغان سۆز ئالدىدا ئاچچىقتىن يىرىلايلا دەپ قالدى.

- خاپا بولما، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال جۇرئەت، مەن دېگەن يەنىلا ئىككىنچى قول، ھەممە ئىشتا مېنىڭ دېگىنىم ھېساب ئەمەس،- شىركەت باشلىقى ئۆز كۆڭلىنى چۈشەندۈرۈشكە ئالدىرىدى.

سۆزىنىڭ ئورامىدىن بۇ ئىشنىڭ ئاللىبۇرۇن سۇغا چىلاشقىنىنى پەملەپ بولغان جۇرئەت غەزەپ، نەپرەت، ئاچچىق، ئەلەم ئىچىدە ئۆزىنى باسالماي لاغىلداپ تىترەيتتى.

- بۇ بىر ئالدامچىلىققۇ، سىلەر نېمىدېگەن شەخسىيەتچى. سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلار زادى نېمە، قىلالمايدىغان ئادەم نېمىشقا ماڭا ۋەدە بېرىسىلەر، سىلەر مۇشۇنداق قىلىپ ماڭا سۇيىقەست قىلماقچىمۇ، مېنى نابۇت قىلماقچىمۇ؟ ! . . .

- جۇرئەت، سەن ھەرگىز ئۇنداق ئويلىما، مەن راستىنلا ئامالسىز.

- ئەينى چاغدا ۋەدە بەرگەن مەيداندا سەنمۇ بار ئىدىڭغۇ، ئەمدى سېنىڭ پىچىقىڭ كەسمىسە، كېسىدىغىنى نەدە،- جۇرئەتنىڭ ھېلىلا ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالىدىغاندەك ئەلپازى شىركەت باشلىقىنى خېلىلا چۆچۈتكەنىدى. جۇرئەت ئۇنىڭ ياقىسىنى ئالمىغىنى بىلەن بايىقى دىرېكتور ئۈستىلىگە غەزەپ بىلەن ئۇرۇلغان مۇشتىدىن تىترەپ كەتكەندە، بۇ دىرېكتور ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ قالغانىدى.

- بالدۇرراق ئېيتىشساڭ، يول بويى يېمىسەممۇ، قېنىمنى سېتىپ بولسىمۇ پۇل يىغمامتىم مەن، ياكى ئۆز ۋاقتىدا موتىسىكلىتنى باشقا شىركەتتىن سېتىۋالماتتىم. قوپ ئەمدى، نەدىن بولسا ماڭا پۇل تېپىپ بەر،- جۇرئەتنىڭ بۈركۈتنىڭكىگە ئوخشاش ئۆتكۈر كۆزلىرى شىركەت باشلىقىغا غەزەپ بىلەن تىكىلگىنىدە، ئۇ ئۆزىنى ئەتەي ئەپقېچىپ بىردىنلا ئۈن - تىنسىز جىمىۋالدى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارە ئىدى. شۇ تاپتا ئاچچىقتىن كۆزلىرى ياشلانغان جۇرئەت ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلگىنىچە يەنە ئارتۇق

سۆزلىيەلمەي قالدى.

ئىشخانا دېرىزىسى ئوچۇق بولۇپ، سىرتتىن كىرگەن غۇر - غۇر شامال ئىچىنى چاياندەك چېقىپ ئارام بەرمەيۋاتقان ئاچچىق دەستىدىن خىيالغا كەتكەن جۈرئەتنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلماقتا ئىدى. «ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن خەلقىمگە قارايمەن، يۇرتۇمغا قايتىمەن. بۇ يولدا تاپقان - تەرگىنىنى ئايىماي ماڭا تۇتقۇزغان، ھەر جايدا مېنى قوللىغان ئاشۇ كىشىلەرگە قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟ كىچىك بولسىمۇ قەلبىنى، روھىنى چۈشىنىدىغان، جۈرئەت ئاكام قاچان غەلىبە خەۋىرىنى ئېلىپ قايتىپ كېلەر دەپ تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقان تۇرپاندىكى ئاشۇ بالىلارنىڭ كۆزىگە قانداق قارايمەن؟ . . . »

جۈرئەت شۇ خىياللار بىلەن ئوچۇق دېرىزە ئالدىغا كەلدى. شۇ مىنۇتلاردا ئۇ ئۆزىنى تاشلاپ بۇ دەرد - ئەلەم، قىسمەتلەردىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولۇۋاتاتتى. 26 - قەۋەتتىن پەسكە قارىدى، شۇنچىكى ئالدىغا قىيسايسىلا ئۆزىنى تاشلىۋېتەتتى. . . بۇنداق ۋاقىتتا ئۆلۈۋالىمەن، دەپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى تاشلاش ئۈچۈن بېرىش ئۇنىڭغا شۇنداق ئېغىر كەلدىكى، دېرىزە ئالدىدا بىر پەس تۇرۇۋېتىپ تۆۋەنگە قارىدى، پەستىكى ئادەملەر چۈمۈلىدەك كىچىك كۆرۈنەتتى، ئارقىسىدىكى باشقا دېرىزىدىن كىرگەن شامال بۇ دېرىزىدىن گۇرۇلدەپ چىقىپ تۇراتتى. شۇ پەيتتە خۇددى ئۇنى بىرسى پەسكە تارتىپ ئالدىغا توختىماي چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئالدىغا بېرىپ قارىسا، بىرسى ئۇنى ياقىسىدىن پەسكە تارتقانچە: «سەكرە، سەكرە! » دېگەندەك تۇيۇلدى. شامالمۇ ئۇنى، سەن ئەمدى تۈگەشتىڭ، تارتىشقۇدەك ھېچنەرسەڭ قالمىدى، سەكرە، سەكرەپ ئۆلۈۋال، دەۋاتقاندەك، تەبىئەت، تەڭرىمۇ ئۇنىڭغا بېشارەت بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. . . غۇرۇلداپ چىقىۋاتقان سالقىن شامالمۇ مەيلىگە قويۇپ بەرسە ئۇنى ئۇچۇرۇۋېتىدىغاندەك، ئۇچۇرۇپ پەسكە چۈشۈرۈۋېتىدىغاندەك قىلاتتى، تەبىئەتنىڭ بېشارەتلىرىمۇ ئۇنى ئۈمىدسىز دوزاخقا تاشلىۋېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

. . توختاپ تۇر، بىر ئويلىشاي! . . .

جۈرئەت ئارقىسىغا بىر قېتىم ياندى. ئۇ ئارقىدىكى تامغا تاقاشقۇچە كېتىۋېتىپ ئويلاپ باقتى، زادىلا باشقا ئامال يوق ئىدى. ئۇ ۋەدە بېرىپ ئۇتتۇرىغا چىققان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئەمدىلىكتە بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ئولتۇرسا. . . جۈرئەت ھەقىقەتەن كۆچىدى، ئاخىر ئۆزىنىڭ كۆچى يەتمىدى، بۇنداق رەسۋالارچە مەغلۇبىيەتنى قوبۇل قىلغۇچە ئۆلگەن ياخشى دېگەن ئوي بىلەن ئىككىنچى قېتىم يەنە دېرىزە تۈۋىگە كەلدى . ئۇ ئەڭ ئالدىغا كېلىپ پۈتىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ بېشىنى دېرىزىدىن شۇنداقلا تېشىغا ئىتتەرسە، ۋاقىدە ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدۇ. 26 - قەۋەتتىن پەسكە چۈشكۈچە ئارىلىقتا قانداق بولۇپ كېتىشىنى ئۆزىمۇ ئۇقمايدۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ۋەلەم يەجەق بولۇپ مېڭىسىنىڭ قېتىقى چېچىلىپ كەتكەن، چىرايى تونۇغۇسىز بىر جەسەت پەيدا بولدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئىدى. جەسەت ئەتراپىدا ساقچىلار، تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن يىغىلغانلار ئېچىنىش ئىچىدە قاراپ تۇرۇشاتتى. بۇ يەرگە بىردىنلا ئۇنىڭ دادىسى ئوبۇلقاسىم ئاكا، ئاپىسى پاتىگۈل ھەدە، بالىسىنى كۆتۈرۈپ تۇل قالغان بىچارە ئايالى پەيدا بولدى.

. . جۈرئەتنىڭ ئاپىسى باشقىلار تارتىپ ئاجراتسىمۇ ئۇنىماستىن ئوغلىنىڭ جەسىتى ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، ياقا يىرتىپ يىغلايتتى. . . جۈرئەتنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى. بىراق ئۆلىدىغاندا مەردانىرەك بولاي، يىغلاپ ئۆلۈش ئوغۇل بالىغا ياراشمايدۇ، دەپ ئۆزىنى ئەتەي بەزلىگەن بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن قاپسىلىپ قالغان يىغىسى ھازىرلا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك، ھازىرلا ئۇ ھۆكىرەپ يىغلىۋېتىدىغاندەك ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن شۇنداق جەڭ قىلماقتا، ھايات - ماماتلىق جەڭ كاللىسىدا ئىككى تەرەپ بولۇپ داۋاملاشماقتا: بىر تەرەپتە شەيتىنى، بىر تەرەپتە ئۇنىڭ روھى. شەيتىنى: «ئۆزۈڭنى ئات جۈرئەت، باش ئاغرىقىدىن، ھەممە نەرسىدىن بىراقلا قۇتۇلىسەن، بۇ دۇنيادىن بىريولى ئازاد بولىسەن» دەيتتى. يەنە بىرتەرەپتە ئۆزىنىڭ روھى: «توختاپ تۇر، ئالدىرىما جۈرئەت . . . » دەپ ئۇنى ئارقىغا تارتاتتى، ئۆلۈۋېلىش ۋاقتىنى ئامالىنىڭ بارىچە ئارقىسىغا سۈرەپ ئاۋارە ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ روھى ئۇنىڭغا ياخشى بىر چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرەلمەيتتى. شەيتىنى: «روھىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئۆزۈڭنى قۇتقۇزىدىغان بىردىنبىر يول مۇشۇ» دەيتتى. روھى بولسا: «مۇشۇ ئېغىر كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، توختاپ تۇر. . . » دەيتتى. شۇنداق قىلىپ جۈرئەت ئارقىسىغا ياندى. ئۆز

روهى ئۇنى بۇ يەردىن ئۆزىنى ئېتىش نىيىتىدىن قايتۇرغانىدى. ئۇ كاللىسىنى سىلكىۋېتىپ يەنە ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىكى تامغا تاقاشقۇچە چېكىنىدى. بۇ چاغدا كاللىسى پۈتۈنلەي قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغان، ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئىچىگە سىغدۇرغۇسىز قاتتىق ئاچچىق تۈپەيلى قانلار مېڭىسىگە ئېتىلىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. «مېنىڭ قىلغان ئەقىدىلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ يوققا چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتقانلار زادى كىم؟ . . .»

ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇنداق ئاچچىق ئىچىدە تۇرغاندا ھەر كىم ئۆزىدىن ئەمەس، باشقىلاردىن كۆپرەك ئىزلىسە، مەسىلىنى ئۇلارغا ئارتىپ ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن قۇتقۇزۇشنى ئويلىسا كېرەك. جۇرئەتمۇ شۇتاپتا ئۆزىنى 26 - قەۋەتتىن تاشلاپ ئۆلۈۋېلىش بىلەن ئاچچىقىنى، نارازىلىقىنى، شەپقەتسىز رېئاللىق ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش، شۇنداقلا ئۆز ئۆلۈمى تەسىرلىك بىر ھېكايە سۈپىتىدە كېيىنكىلەر قەلبىدە ساقلىنىپ قالسۇن، مېنى ھازىرقىلار چۈشەنمىسە ئەنە شۇ كېيىنكىلەر ئارىسىدىن غورۇرى بار ئوغۇل بالىدىن بىرسى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ: «جۇرئەت ئەينى ۋاقىتتا زادى نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى 26 - قەۋەتتىن تاشلاپ ئۆلۈۋالدى؟» دەپ بىر نەرسە يېزىپ چىقار، شۇ ئارقىلىق ئۇ خەلقئالەمگە ھەق - ناھەقنى قايتىدىن تونۇتار، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆزىنى يەنە تاشلاش ئويىدا كېتىپ باراتتى. ئۈچىنچى قېتىم: «مانا، ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدە ئۈچ قېتىم دېرىزە ئالدىغا كېلىپ بولدۇم. مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم، دەيدىغان بىر گەپ بار. ئەمدى ئۆزۈمنى تاشلىيالمىسام، ئوغۇل بالا بولماي قالىمەن. بولدى، ئەمدى ئۆزۈمنى تاشلاي. ئۆزۈمنى تاشلىسام ئۆلىمەن. مۇشۇ 26 - قەۋەتتىن پاققىدە چۈشسەم، مېڭەمنىڭ قېتىقلىرى چىقىپ كەتكەن، ۋەيرانە ھالدا يېتىپ قالىمەن . . . باشقىلار جەسىتىمنى رەسىمگە ئېلىپ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبىمنى تەكشۈرۈپ بېقىشىمۇ مۇمكىن. ئۇلار تەكشۈرۈپ ھەقىقىي ئەھۋالنى - مېنىڭ دۇنيا جىنىس رېكورتى يارىتىپ بولۇپمۇ ئۇنىڭ رەسمىيىتىنى ئۆتكۈدەك پۇلۇمنىڭ يوقلۇقى ياكى مۇناسىۋەتلىك بەزى كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ بەرمىگىنى ئۈچۈن ئۆلۈۋالغىنىمنى بىلسە، ئاندىن مەن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئاقلىنىپ چىقارمەن. . . شۇ چاغدىكى كىشىلەر ماڭا، مېنىڭ بۇنداق پاجىئەلىك ئۆلۈمىمگە ئېچىنار، بىر پارچە ئوت بولۇپ يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان يۈرىكىمنى شۇ چاغدا كىشىلەر كۆرۈپ يېتەر. خەلقىم شۇندىلا مېنى چۈشىنەر، مەندىن كېيىن چىققان ھەرقانداق ئوغۇل بالىنى بېشىدا كۆتۈرۈپ، ھەر قانداق قىيىنچىلىقى بولسا، ئۇلار بىلەن تەڭ تۇرار، كېيىنكى ئەزىمەتلەرنىڭ بىر ئىشلارنى تەۋرىتىشىگە ئاز - تولا بولسىمۇ يول ئېچىلار» دېگەنلەرنى ئويلىغاچ داۋاملىق ئالدىغا ماڭاتتى. بۇ قېتىم ئۆزىنى دېرىزىدىن قەتئىي ئېتىش نىيىتى بىلەن كېلىۋاتقاچقىمۇ قەدەملىرى ئىلگىرىكىدەك بارا - بارا ئاستىلاپ بارماستىن، ئەكسىچە بارغانچە ئىتتىكلىگىلى تۇردى. تارتسا يېپىلىپ - ئېچىلىدىغان بۇ شۇنچە چوڭ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى تاشلىۋىدى قوللىرى بىردىنلا ئىككى چەتكە كېرىلىپ، دېرىزىنىڭ گىرۋىكىگە مەھكەم ئېسىلىۋالدى. بۇ چاغدا باش ھەتتا ئۇنىڭ گەۋدە قىسمىمۇ دېرىزىدىن چىقىپ پەسكە ساڭگىلاپ بولغانىدى. . . ئۇ شۇ تەرىزدە تۇرۇپ قالدى. . .

جۇرئەتنىڭ سەل نېرىسىدا، موتىسىكلىت زاۋۇتىنىڭ ئىككىنچى قول دېرېكتورى نېمە قىلىشنى بىلمەي ئۇنىڭغا قارىغىنىچە تۇراتتى. يەتتە - سەككىز مىڭ يۈەننى چىقىرىپ بېرىشكە ئۇنىڭمۇ ئامالى يوق ئىدى. ئامال قىلسا مەيدان ئۈچۈن كېتىدىغان شۇ پۇلنى شەخسىي پۇلىدىن چىقىرىپ بېرىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ بۇ ئىش ئۈچۈن يېنىدىن شۇنچىلىك پۇلنى ئۇنچە ئوڭاي چىقىرىپ بەرمەيتتى. ئۇ، جۇرئەتنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى ئۇقماي بەخىرامان تۇراتتى. بەلكى ئۇ ئىچىدە جۇرئەتنى ئاچچىقتىن كېسىلىپ بېشى ئاغرىپ كەتكەچكە سەگىدەش ئۈچۈن بېشىنى تالادىكى شامالغا تۇتۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى. جۇرئەتنىڭ ئۆلۈۋېلىش خىيالىنىڭ بارلىقى، ئۆزىگە ئىش تېرىپ يۈرۈۋاتقىنىنى بىلمەيتتى. بۇ ئۇنىڭ ئوخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى.

ئۆزىنى تاشلىسىلا ئۆلۈمدىن يېنىۋالغىلى بولمايدۇ، ئۆلۈمگە ئەڭ يېقىن دەرىجىدە يېقىنلاشقاندا ھاياتلىق ئۈمىدىنىڭ قەدرى شۇنچە

روشەنلىشىدىكەن. جۇرئەت بىر پەس تۇرۇۋېتىپ: «ھايات يەنىلا نېمىدېگەن گۈزەل! توختا جۇرئەت، سەن نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىڭ؟ يەنە بىر قېتىم ئارقىڭغا قايتىپ باق! ئەمدى غۇلاچ تۈگەپ غېرىچ قالغاندا مۇشۇ ۋاقىتلىق، كىچىككىنە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى دەپلا جاننى سېلىپ بەرسەڭ، بۇ سەندەك بىر روھى كۈچلۈك، ئىرادىسى پولاتتەك بىر تەۋەككۈلچى ئەركەكنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەسقۇ. يەنە كېلىپ، سەن ئۆزۈڭنىلا ئويلىما، سېنىڭ غەلىبەڭدىن يۈرەكلىرى ئېتىلىپ كەتكۈدەك شادلىنىدىغان مىڭلىغان، مىليونلىغان خەلقىڭنى، ئۇلارنىڭ شۇ تاپتا سېنىڭ غەلىبە خەۋىرىڭنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقىنىنى ئويلا! ...» دېدى ئۆز - ئۆزىگە.

جۇرئەت ئارقىسىغا ياندى. ئۇ رېئاللىق، ئاچچىق رېئاللىق قوينىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ دىرېكتورغا ئەڭ ئاخىرى يەنە بىر قېتىم يالۋۇرۇپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى:

— مەن مۇشۇنچىۋالا كۈلپەتلەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ، مۇشۇنچىلىك مۇساپىنى باسقۇچە مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلىپ، ھەممە ئىش ئاخىرلاشقاندا، سىلەرنىڭ چەتكە چىقىۋالغىنىڭلار نېمىسى؟! ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن ماڭغاندا سەن زاۋۇتىڭلارنىڭ باشقا يەردىكى ئۇششاق، تارماق شىركەتلىرىگە ئۇنىڭ ئىشلىرى بولسا ياردەملىشىڭلار، دەپ ئۆز نامىڭدا ئۆز قولۇڭ بىلەن بىر پارچە خەت يېزىپ بەرگەن. ئۇنىڭ ماڭا نۇرغۇن ياردىمى تەگكەن، سەن ماڭا باشتا چوڭ ياردەم قىلغان. بىز ئۇيغۇرلاردا: «تاز بولساڭ گەدەنگىچە بول» دەيدىغان تەمسىل بار. بىرسىگە ياخشىلىق قىلسا، ئاخىرىغىچە قىلغان ياخشى. ئەمدى ئاخىرىدىمۇ ياردەم قىلىپ، شۇ ياردىمىڭنىڭ نەتىجىسىنى، ئەجرىڭنىڭ مېۋىسىنى كۆرگىن. قولۇمغا پۇل كىرسە، چوقۇم سەن قىلغان ياردىمىڭنى قايتۇرىمەن، — جۇرئەت بىر پەس تۇرۇپ كېتىپ يەنە داۋام قىلدى، — مەن نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا قىينىلىپ مۇشۇ ئىشنى قىلىۋاتىمەن؟ ۋەتىنىم، خەلقىم، پۈتكۈل جۇڭگولۇقلارنىڭ غۇرۇرى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟! تالاي كېچىلەردە ئاچ قورساق، ئۇيقۇسىز تىنىماي مېڭىشلىرىم 2000 - يىلى سائەت 0 دىن 0 مىنۇت ئۆتكەن ۋاقىتنى نىشان قىلىشىم يېڭى ئەسىردىكى دۇنيانىڭ تۇنجى جېنىنىس دېگىنى بۇ زېمىندىن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىن ياڭرىتىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟!...

شىنداجۇۋ موتسىكلىت زاۋۇتىنىڭ ئىككىنچى قول دىرېكتورى بۇ سۆزلەر ئالدىدا ئۆزىنى تۇنجى قېتىم ئەڭ ئۇلۇغ بىر كىشى ئالدىدا تۇرغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. بايىقى سۆزلەر ئۇنىڭغا خېلىلا تەسىر قىلغانىدى.

— سېنىڭ بېشىڭغا شۇنچە كۈن كەلگەندىكەن، بولدى، شىركەتتىن چىقارمىسا، مەن ئۆزۈم شەخسىي پۇلۇمدىن كۆتۈرەي، — دېدى.

جۇرئەت ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى:

— راستمۇ مۇشۇ دېگىنىڭ؟! راست كۆتۈرەمسەن؟!

— ئەمدى خاتىرجەم بول. سەن دېگەن ئاللىقاچان چولپانغا ئايلىنىپ بولغان ئادەم. ھەممە ئىشقا ئۆزۈڭ چاپمىساڭمۇ بولىدۇ. ئىشىڭنى خاتىرجەم قىلىۋەر، سېنىڭ شۇ كۈنى ئىشىڭنى كەچكە مەن ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرمىسەم، مېنى نېمىش قىلىۋەتسەڭ قىلىۋەت، ئۆزۈم كۆتۈرىمەن ئۇ پۇلنى.

— يۈر، ئەمىسە، — دېدى ئۇ يەنە مېڭىشقا تەمشىلىپ، — ھازىرلا بىز چۈشۈپ مەيدانغا قانچىلىك لوزۇنكا بىر نەرسىلەر كېتىدۇ، ئۆلچەپ، پىلانلاپ چىقايلى.

ئۇلار ئىككىسى مەيدانغا چۈشۈپ مېتىرلاپ كۆردى.

— سەن قالدى ئىشلارنى ماڭا قويۇۋەت، ھەممىسىنى ئۆزۈم قىلىمەن، ۋاقتى - ۋاقتىدا تېلېفون بېرىپ تۇرغىن، مەيدانغا سائەت نەچچىدە كىرىدىغىنىڭنى مەلۇم قىلىپ تۇرساڭلا بولىدى، — دېدى مۇتسىكلىت زاۋۇتىنىڭ ئىككىنچى قول دىرېكتورى.

شۇنىڭ بىلەن جۇرئەتنىڭ يەلكىسىدىن شۇنداق يوغان تاغدىن بىرسى غۇلاپ چۈشكەندەك ئۇھ، دەپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ زاۋۇت باشلىقى ئۆز يېنىدىن سەككىز مىڭ يۈەنچە پۇل چىقىرىپ مەيداننى ئىجارىگە ئېلىپ بەردى.

## خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق

«بولمىدى، ئۆيگە تېلېفون بېرەيمۇ، دادا،

ئاپا، ماڭا پۇل، خېلىلا كۆپ پۇل كېرەك دەپ ئۇلارنى يەنە كىشىلەرنىڭ ئىشىكىنى ئالدىغا چاپتۇرايمۇ؟ ياق، ياق ئەمدى بولمايدۇ. يۇرتۇمغا مۇراجىئەت قىلسامچۇ؟ جۇرئەت ھەممە پىلان، خىياللارنى ئويلاپ باقتى، ئەمما بىرەرىمۇ ئۇنىڭ يارا يۈرىكىگە داۋا بولالمايتتى. ئەمما قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى خىياللاردىن ئويغىنىپ گۇۋاھلىق ئورنىغا بېرىپ بېقىشقا ئۈندەۋاتقاندەك قىلاتتى. «ياق، دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە،ـ ئۇلار گەپنى ئاڭلىبۇرۇن ئېنىق ئېيتىمىدىمۇ، پۇل بولمىسا بۇ ئىشنى بېجىرگىلى بولمايدۇ دەپ» . جۇرئەتكە دېمىسىمۇ ئاشۇبىرلا يول قالغانىدى، بېرىپ ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ، يالۋۇرۇپ باقسام قانداق بولار؟

ئەتىسى جۇرئەت شۇنداق قارارغا كەلدى. «گۇۋاھلىق ئورنىغا ھەممە نەرسەمنى گۆرۈگە قويۇپ بولسىمۇ، رەسمىيەتنى ھازىرچە بېجىرىپ بېرىپ پۇلنى بىر ئۆمۈر قايتۇرۇشۇمغا ئۇنىسا پۈتۈن ئۆمرۈمنى سەرپ قىلىپ قەرزنى ئاران تۆگىتىدىغان قەرزدار بولۇپ قالسامۇ رازى» . ئۇ ئىشىكتىن كىرىشى بىلەن:

ـ ھەي، سەن 1996 ـ يىلى شىنجاڭدىن قوغۇن ئەكېلىپ زىيان تارتقان جۇرئەت سەنغۇ، ـ دېدى بىرسى ئۇنىڭغا.

جۇرئەت شۇندىلا ئۇنى تەستە ئېسىگە ئالدى. بۇ، جۇرئەت 1996 ـ يىلى ئىچكىرىگە قوغۇن تارتىپ زىيان تارتقان يىلى تونۇشۇپ قالغان بىر خەنزۇ كىشىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. شۇ چاغدا، ئۇ بۇ كىشىگە بىر نەچچە قوغۇننى بېكىرىغا بېرىۋەتكەنىدى. بۇنى ئۇ كىشى ئۇنتۇپ قالماپتۇ. «ھە، بۇ كىشى مۇشۇ ئورۇندا ئىشلەيدىكەن ـ دە، ئەسلىدە. ئۇنى ئادۋوكاتلىق قىلىدۇ، دەپ خاتا ئاڭلىۋالغان ئوخشايمەن» .

ـ ھە، بۇ سەنمىدىڭ،ـ دېدى جۇرئەتمۇ. ئۇلار قايتىدىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

«ئىش ئوڭغا تارتسا، شۇنداقمۇ تارتامدىغان، مۇنۇ توغرا كېلىپ قېلىشىنى. قارىغاندا، خۇدامۇ مېنىڭ بۇ ئىشلىرىمنى قوللاپ مەدەت بېرىۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىدى جۇرئەت.

ـ نېمە ئىشىڭ بارئىدى،ـ دېدى ئۇ جۇرئەتتىن سوراپ.

جۇرئەت بولغان ئىشلارنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.

ـ ئوھوي، راسا ياخشى ئىش قىپسەن، ئوغۇل بالىدەك ئىش بوپتۇ. توختاپ تۇر، مەن ساڭا يول كۆرسىتەي،ـ جۇرئەتنىڭ بۇ كونا تونۇشى خۇددى جۇرئەتنىڭ ئورنىدا ئۆزى نەتىجە قازانغاندەك قاتتىق خۇش بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ، شۇ زامات ئولتۇرۇپ ئىلتىماستىن بىرنى يازدى ۋە ئۇنى جۇرئەتكە بېرىپ:

ـ بۇنى باشلىقىمىزنىڭ يېنىغا ئەكىر، تامغا ئۇرۇۋەتسىلا كەچتىكى ھەقنىمۇ كۆتۈرۈۋېتىمىز، ـ دېدى.

ئۇنىڭ كەچتىكى ھەق دېگىنى بىرەر مىڭ يۈەن چامىسىدىكى ئېلىنىدىغان رەسمىيەت ھەققى ئىدى. ئۇ يەنە:

ـ ئاۋۋال باشتىكى بۇ ئىشنى ھەقسىز پۈتتۈرۈۋالساق، ئۇنىڭدىن كېيىنكى باشقا گۇۋاھلىق بېرىش ھەققىنى ئىشنىڭ ئاخىرىدا ھەل قىلارمىز. پۇل تاپارمىز، بىر يەردىن،ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن جۇرئەت ئۇ تەخلەپ بەرگەن ئىلتىماسقا قول قويدى، ئاندىن ئۇ جۇرئەتنى باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا ئۆزى باشلاپ ئەكىرىپ:

ـ ۋەتەن، خەلققە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدىغان ئىشكەن، بۇ،ـ دەپ ئىزاھلىدى.

ـ ئۇنداقتا ياخشى گەپكەنغۇ. بولىدۇ، ھەقسىز بېجىرىپ بېرىڭلار،ـ دەپ تامغىسىنى پوككىدە بېسىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى ئېلىنىدىغان مىڭ نەچچە يۈز يۈەنلىك ھەق ئېلىنمايدىغان بولدى.

بىراق، 75 مىڭ يۈەن پۇلنى تاپشۇرماستىن جامائەت گۇۋاھلىقى رەسمىيىتى ئۆتەپ بېرىشكە باشلىقمۇ تامغا ئۇرالمايتتى. شۇ ئەسنادا ھېلىقى خەنزۇ تونۇشى ئوغۇلبالىلىقىغا ئېلىپ شۇنداق دېدى:

ـ خاتىرجەم بول، مەن بۇ پۇلنىڭ ئامالىنى قىلىشقا تەڭ كۆچەيمەن!

جۇرئەت بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ قانچىلىك خۇش بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار، مالىيىنى تەكشۈرىدىغاندا بىر جاۋابنى بېرەرمىز، دەپ ئۆزلىرى بۇ ئىشنى ئۈستىگە ئېلىپ، پۇلنى تاپشۇرۇۋالمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئالدىن جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى. شۇغىنىسى، ۋاقتىدا ئۇنىڭ ھېساباتىنى ئۈزمەي بولمايتتى. جۇرئەت

چارچاپ يىقىلىپ قالاي دېگىنىگە قارىماي گاھ ئاچ، گاھ توق يۈرۈپ ئۈچ كۈن چېپىپمۇ بۇ پۇلنىڭ يولىنى زادىلا قىلالمىدى. ئۈچ كۈنمۇ ئۆتتى. شۇ تاپتا ۋاقىت ئەتىگەندىن - كەچكىچە نەچچە سائەتلا قالدى. بۇ كەچمۇ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتسە تۈگىگىنى شۇدە. ئۇنىڭ تۈيغۇسىدا «39 - پەلەمپەي» فىلىمىدىكىدەك يوغان سائەت ئىستىرېلكىسى دۇنيانى سۈپۈرۈپ كېتىدىغاندەك يوغان، كېلەڭسىز غولچىنى كېرىپ، زېمىننى ئاتلىغاندەك تاقلاپ - تاقلاپ ماڭماقتا. ۋاقىت قىستالغانچە ئۇ تىت - تىت بولاتتى، يەنە ئاتا - ئانىسىغا دېگۈسى كېلەتتى. بۇنىڭغا ئۇلارمۇ ئامال قىلالمايتتى، ئامال قىلدى دېگەندىمۇ ئۈلگۈرمەيتتى.

- جۇرئەت خۇش خەۋەر، خۇش خەۋەر!- قانۇن گوۋاھلىق ئورنىدىكى ھېلىقى خەنزۇ دوستى تۇۋلىغىنىچە كېلىپ ئۇنى بەكلا ھەيران قالدۇردى.

- نېمە خۇش خەۋەر؟ تېزرەك ئېيتساڭچۇ، ئازراق پۇلنىڭ يولىنى قىلغان ئوخشىمامسەن،- جۇرئەت جاۋابقا ئالدىرىماقتا ئىدى.

- ھەل بولدى، ھەممىسى ھەل بولدى،- بۇ جاۋاب جۇرئەتنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى.

- نېمە دېدىڭ؟

ئۇ ئۆزلىرىنىڭ رەسمىيەتلەرنى ئىشلەپ تۈگىتىپ، يوقۇرى - تۆۋەن ئورۇنلارغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش ئارقىلىق، دۆلەت مۇشۇ ئەسىرنىڭ تۇنجى مىنۇتلىرىدا ئېلىمىز ئۈچۈن كىمدە - كىم ئالاھىدە تۆھپە يارىتىپ، شان - شەرەپ قۇچسا شۇنىڭ گوۋاھلىق رەسمىيەتلىرىنى ھەقسىز بېجىرىپ بېرىش ھەققىدە مەخسۇس ئۇقتۇرۇش چىقارغانلىقىنى، جۇرئەتنىڭ بۇ ئىشى نەقلا شۇنىڭغا چۈشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

جۇرئەت بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن يىغلىغانچە ئالدىدىكى بىر تۈپ دەرەخنى مۇشتلاپ كەتتى. . .

ئۇنى تەبرىكلەپ تېلېفونلار ھەدەپ كەلگىلى باشلىدى:

- جۇرئەت، مۇبارەك بولسۇن! . . .

- ياشاپ كەت، جۇرئەت! . . .

ئەگەر جۇرئەت ئورۇمچىگە كەلگەندە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنلىپ، ئوغلى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئوبۇلقاسىم ئاكا ئۇنىڭ يانفون ئىشلىتىش ھەققىنى ئورۇمچىدە تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىۋالمىغان بولسا، يول بويىدىكى ۋە ھازىرقى تارتقۇسىز قىيىنچىلىقتا يانفونى ئاللىقاچان ئالاقىدىن توختىغان، ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان ئۇلارنىڭ مۇبارەكلەشلىرىنىمۇ ئاڭلىيالمىغان بولاتتى.

جۇرئەتنى ئەمدى تېخىمۇ ھاياجانلىق مىنۇتلار كۈتۈپ تۇراتتى. ھەرقايسى گېزىت ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى تۇشمۇ - تۇشتىن ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشقا باشلىدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا يوللاپ بېرىش ئۈچۈن سۈرەتكە ئالىدىغاندا، «شىنداجۇۋ» موتسىكلىت زاۋۇتىنىڭ شىفىرلىق ئالىي دەرىجىلىك ئاپپارتىنى ئېلىپ چىقىپ سۈرەتكە ئالدى. بىر نەچچە گېزىتخانىنىڭ ۋە يەرلىك (خەينەن ئۆلكىلىك) تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرى جۇرئەت ئۈچۈن ھەقسىز تەشۋىقات قىلىپ بەردى. شۇ كۈنى، خەينەن ئۆلكىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى جۇرئەت ئۈچۈن مەخسۇس پروگرامما ئىشلەپ، ئۇدا ئۈچ سائەتكىچە نەق مەيداندىن ئۇلاپ كۆرسىتىش بەردى.

جۇرئەت بۇ چاغدا قانچىلىك خۇش بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەيتتى. ئۇلار ئاخىر ھەممە ماتېرىياللارنىڭ گوۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈپ، شاڭخەي جېنىس باش شتابىدىكى ۋاڭ يىجۇمۇ بار نەق مەيدانغا تاشلىدى.



بۇ 2000 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە بىر نەچچە مىنۇت قالغان، ئىنسانلار يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇش هارپىسى ئىدى. يېڭى ئەسىرنىڭ چېلىنغان دېڭىنى ئاڭلاشقا يىغىلغان نەچچە مىڭلىغان كىشىگە تولغان جۇڭشيالىڭ مەيدانى ئۆز قاينام - تاشقىنلىقى بىلەن خەيكۇ شەھىرىگە يېڭى تۈس قوشقانىدى.

شاڭخەي جېنىنس باش شتابىدىكى ۋالڭ يىجۇ ئەپەندى، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى، موتسىكلىت شىركىتىنىڭ باشلىقلىرى، خەيكۇ شەھىرىدە ئىش - ئوقەت قىلىۋاتقان 20 چە ئۇيغۇرلار، شۇ تاپتا يېڭى ئەسىردىكى يېڭى مۆجىزە يېقىنلاپ قالغان موتسىكلىت ئاۋازىغا قۇلاق سېلىۋاتاتتى. بۇ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى بىر موتسىكلىت ئاۋازى بولماستىن، بەلكى دۇنيا تەنتەربىيە سەھنىسىدە يىلدىن - يىلغا باش كۆتۈرۈۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يېڭى ئەسىرگە قەدەم تاشلاش ساداسى ئىدى. ھەممىنىڭ قەلبىدە هاياجان، شادلىق، كۆزلىرىدە مەيدانغا موتسىكلىتى بىلەن كىرىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئەزىمەتنىڭ يولغا بولغان ئۈتەنك تەلپۈنۈش. . . ئۇ ئاخىر مەيدانغا، ئۆز سەپىرىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا يېتىپ كەلدى. بېشىغا چېمەن دوپپا كىيگەن بىر ئۇيغۇر يىگىتى يېتىپ كەلدى! بۇ يىگىت، پۈتكۈل جۇڭگونى ئۆزى يالغۇز موتسىكلىت بىلەن ئايلىنىپ، ئەڭ ئاخىرقى پەللىگە - مەيدانغا ئوتتۇقلۇق يەتكەن قەيسەر ئۇيغۇر يىگىتى جۇرئەت ئوبۇلقاسىم ئىدى.

- جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ باتۇر ئوغلانى جۇرئەت يېگانە موتسىكلىت بىلەن خەينەن ئۆلكىسىنىڭ خەيكۇ شەھىرىدىن 1998 - يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يولغا چىقىپ، قار - شۇرغان ۋە خىيىم - خەتەرگە تولغان 436 كۈن يول يۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، 312 شەھىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىر ئۆزى يولغا چىققان ئاخىرقى نۇقتا - خەيكۇ شەھىرىگە يېتىپ كېلىش ئارقىلىق، 2000 - يىلنىڭ تۇنجى جېنىنس دۇنيا رىكورتىنى ياراتتى، - دەپ تەنتەنىلىك جاكارلىدى ۋالڭ يىجۇ ئەپەندى.

بۇ چاغدا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى، پوجاڭزىلار، ۋارقىراش، يىغلاشلار مەيدانىنى بىر ئالدى. خەنزۇ يىگىتلىرى جۇرئەتكە چېچىش ئۈچۈن ئالاھىدە ئىشلەنگەن بىر بوتۇلكا شامپاننى بەردى. جۇرئەت ئۇنى چېچىش ئەمەس، ھەتتا كۆتۈرمەن دەپمۇ كۆتۈرەلمىدى. چۈنكى، ئۇ بىر يىلدىن ئارتۇق توختىماي كېچە - كۈندۈزلەپ مېڭىۋېرىپ، چارچاپ، جۇلقى چىقىپ كەتكەن، ئاشۇ بوتۇلكىنى كۆتۈرگۈدەكمۇ هالى قالمىغانىدى. بىر بوتۇلكا شامپان ئۇنىڭغا شۇ تاپتا بەكمۇ يوغان، بەكمۇ ئېغىر بىر قورام تاشتەك بىلىنگەنىدى. . . ۋالڭ يىجۇ جېنىنس رېكورتى يارىتىش گۇۋاھنامىسىنى جۇرئەتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ قولىنى ئاسمانغا ئېگىز كۆتۈرگەندە، تاپىنىنىڭ ئاستىدىن ئاجايىپ تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل سېزىم مېڭىسىگە غۇزژىدە قويۇلدى. ئۇنىڭ قانلىرى يېڭىۋاشتىن ئۇرغۇپ، پۈتكۈل جىسمى كۈچ - قۇۋۋەت ۋە خۇشاللىققا تولدى. جۇرئەت بۇ خۇشاللىقتىن گاراڭ مەست بولۇپ «ۋاي - ي - ي! . . .» دەپ ۋاقىرىۋەتتى. نەچچە سېكۇنتلۇق خۇشاللىقى ئالەمگە سىغمايتتى. بۇ كۆرۈنۈشنى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكىلەر پەيتنى چىڭ تۇتۇپ بەس - بەستە سۈرەتكە ئېلىپ ئۈلگۈردى.

جۇرئەتنىڭ بىر يېنىدا تۇرغان ئۇيغۇرلار ئۇنى گۈل - چېچەكلەرگە پۈركىمەكتە، «ياشىسۇن جۇرئەت! . . .» دەپ بولىشىچە شوئار توۋلاشماقتا.

ۋالڭ يىجۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

- بىز شىنجاڭلىقلارغا، ئۇيغۇرلارغا قايىل. ئۇلاردىن ئادىل هوشۇردەك قورقماس، باتۇر ئەزىمەتلەر چىققان. مانا ئەمدى جۇرئەت چىقتى. ئۇنىڭ جېنىنس رېكورتىنى ئېلىمىزنىڭ ئاۋمېنى قايتۇرۇۋالىدىغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق تويى بولىدىغان مۇشۇنداق بىر خاسىيەتلىك مىنۇتلارغا توغرىلاپ ئاخىرقى پەللىگە يېتىپ كېلىشى، شۇ ئارقىلىق بۇ ئۇلۇغ ئىشنى ۋەتىنىمىزدىكى هەر قايسى مىللەتلەرنىڭ، هەر بىر كىشىنىڭ قەلبىگە چېتىشى ئادەمنى تېخىمۇ سۆيۈندۈردى. . .

بۇ ئۇنتۇلماس مىنۇتلار دەل سائەت 0 دىن 0 مىنۇت ئۆتكەن، پۈتكۈل ئىنسانلار 2000 - يىلىغا قەدەم قويغان قۇتلۇق دەقىقىلەر بولۇپ، مەيدان گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرىغا، بەس - بەستە ئېتىلغان پوجاڭزىلار، چۇرقۇراشلار ۋە

هاياجانلىق كۆز ياشلىرىغا تولغانىدى... بېشىغا دوپپا، ئۇچىسىغا كانۋاي كۆڭلەك كىيىشكەن ئۇيغۇر بالىلىرى چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخار ئىلكىدە قەددىنى كېرىپ، شادىيانە ۋە مەردانە ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى...

## جۇرئەت ئاقىۋەت كوچىدا قالدى؟!

يېڭى يىل كېچىسى - جۇرئەتنىڭ دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقانلىقى ئالەمگە جاكارلانغان ئاشۇ قۇتلۇق كۈنى قەلبى هاياجانغا چۆمۈلگەن كىشىلەر پائالىيەت ئاخىرلىشىپ بىر - بىرلەپ تارقىلىپ كېتىشتى. مەيداندا جۇرئەت ئۆزى يالغۇز دېگۈدەك قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ نە بارغۇدەك يېقىن دوستلىرىنىڭ ئۆيى، نە بىرەر مېھمانخانىنىڭ ياتاقلىرىدا ياتقۇدەك پۇلى قالمىغانىدى. بىرەرسىمۇ ئۇنى يۇرۇڭ، بىر كېچە بىزنىڭكىدە قونايلى دېمىدى. چۈنكى هېچكىم ئۇنىڭ بۇنداق تالادا قالغۇدەك ئېچىنىشلىق هالىدىن خەۋەردار ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بىر ۋاخ تاماق يېگۈدەكمۇ پۇلى قالمىغانىدى. هەتتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق هۆكۈمەتنىڭ بۇ جايدىكى ئىش باشقارمىسىنىڭ ياتىقىدىمۇ پۇلى بولمىغاچقا داۋاملىق يېتىۋەرگىلى بولمىدى. باشقىلاردىن سوراي دېسە، سورىغۇدەكلا كىشىدىن تولا پۇل سوراپ ئەمدى بىر نەرسە دېيىشكىمۇ يۈزى چىدىمىغۇدەك هالغا كېلىپ قالغانىدى. ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەپتۇ، دېگەندەك، ئۇ هەرقانچە ئاچ قالسامۇ بىر كېچە چىدىسام ئۆلۈپ قالماسمەن دەپ ئويلاپ، بۇ كېچىنى تالادا ئۆزى يالغۇز ئۆتكۈزۈش نىيىتىگە كەلدى.

شۇ كېچىسى جۇرئەتنىڭ موتسىكلىتى گۈل - چېچەككە پۈركىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بويىنىغا دىماقنى يارغۇدەك خۇشبۇي، هەيۋەتلىك گۈلچەمبىرەكلەر ئېسىلغان. شاڭخەي جىننىس رېكورتى باش شتابىدىن كەلگەنلەر جۇرئەت قەرز ئېلىپ ياتقۇزۇپ قويغان بىر كېچىلىكى بىرەر مىڭ يۈەنلىك، بەش يۇلتۇزلۇق ئالىي دەرىجىلىك ياتاقتا هېچنەرسىدىن خەۋەرسىز هالدا شېرىن ئۇيقۇغا كەتكىنىدە، جۇرئەتنىڭ ئۇلارغا بار - يوق پۇللىرىنى خەجلەپ تۈگىتىپ، ئۆزىنىڭ ئاچ قورساق هالدا كېچىدە كوچىدا قېلىشى ئۇلارنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگە كىرىپمۇ چىقمايتتى. تېلېفونلار تېخىچە ئۈزۈلمەي كېلىۋاتاتتى. ئۇ، مەيداننىڭ 500 مېتىرچە نېرىسىدىكى بىر ئارقا كوچىغا موتسىكلىتىنى يېتىلىگەنچە كەلدى - دە، موتسىكلىتىنى توختىتىپلا يول تۈۋىدىكى سېمونت گىرۋەككە ئۆزىنى تاشلىدى.

جۇرئەت ئولتۇرغانچە ئەتراپقا نەزەر سېلىشقا باشلىدى. ئاسماندا ئېتىلىۋاتقان تەبرىك ساليۇتلىرىنىڭ يورۇق نۇرلىرى ئەتراپىنى يورۇتماقتا، كىشىلەر بولسا خۇشال، خاتىرجەم، بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەن...

ئۇنى تەبرىكلەپ مەملىكەتنىڭ هەممە يېرىدىن توختىماي تېلېفون كېلىپ تۇردى. شۇ ئاخشىمى تېلېفون ئۈزۈلمەي كېلىۋېرىپ، بىر ئاخشام ئىچىدە ئىككى باتارېيە تۈگەپ كەتتى.

ئىچكىرىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ياكى شىنجاڭلىق هەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى هەممىسى بىر تېلېفون ئالدىغا يىغىلىپ خەۋەر كۈتمەكتە ئىدى. تېلېفون ئالغانلار:

- ۋەي جۇرئەتكا، قانداق بولدى؟- دەپ سورايتتى قورقۇمسىراپ. چۈنكى، پۇلنىڭ يوقلۇقىدىن رەسمىيەتلىرىنى بېجىرەلمەي يۈرگەنلىكلىرىنى ئۇلار ئوبدان بىلەتتى.

- تەنتەنە قىلىڭلار، ئاخىر غەلىبە قىلدۇق،

- دەيتتى جۇرئەت ئۇلارغا.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ هەممىسى: «ۋاي!...» دەپ ۋارقىرىشىپ كېتەتتى، ئارقىدىنلا:

- ياشاپ كېتىڭ جۇرئەتكا! جۇرئەت ياشىسۇن! ...- دەپ ۋارقىرىشاتتى.

ئۇلارنىڭ يىغلاپ كېتىۋاتقىنىمۇ تېلېفوندا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

شۇ مىنۇتتا جۇرئەتنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرى شىنجاڭدىكى مەلۇم رېستوراندا توپلىشىپ، خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار تېلېفوندىن خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپلا ناخشىچىنىڭ قولىدىكى مىكرافوننى تارتىۋېلىپ:

-...دوستىمىز جۇرئەت غەلىبە قىلدى. بىز غەلىبە قىلدۇق!...- دەپ ۋارقىراپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي بىر - بىرىنى شۇ سورۇندىلا مۇشتلاپ كېتىشكەنىدى...

ئەتراپتىكىلەر ئۇلارنىڭ هېسسىياتىنى چۈشەنمىگەچكە مەست بولۇپ قاپتۇ، دېيىشەتتى.

. .

شۇ كۈنلەردە ھەيۋەتلىك شىنداجۇ موتىسىكلىت زاۋۇتىدىكىلەر جورئەت ھەققىدە بەس - بەستە پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى. شۇ پاراڭ ئۈستىگە ئۆزلىرى ھەۋەسلىنىپ گېپىنى قىلىشىۋاتقان جورئەت يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى.

- جورئەت، سەن مۇشۇنداق كۈنلەردە خوش بولماي نېمىگە قايغۇرۇپ يۈرىسەن؟ خوش بول، كۈل، قانغۇچە ئوينا، هاردۇقۇڭنى چىقار، - دېدى بىر ئىشچى ئۇنىڭ روھسىز، قايغۇلۇق چىرايىغا قاراپ.

- بىزنى سېغىنىپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ كېلە، كەل، مە، تاماكا چەك.

بۇ كىشىلەر بىر يىل بۇرۇن جورئەت موتىسىكلىت رېمونت قىلىشنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن ئىشچىلار ئىدى.

جورئەت زاۋۇت باشلىقىدىن ئارتۇق ئۈمىد كۈتمەيتتى، شۇڭا زاۋۇت باشلىقىنى ئىزلىمەستىن بۇلارنىڭ - ئادەتتىكى ئىشچى دوستلىرىنىڭ ئالدىغا بىر ھاجەت بىلەن كەلگەنىدى:

- شىنجاڭغا كېتىۋالاي دېگەن. . . تەنتەربىيە كومىتېتىدىكىلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، تېزدىن قايتىپ كەلسەڭ دەپ كېتىۋاتىدۇ. . .

- قارىغاندا، يەنە پۇلۇڭ قالمىغان ئوخشىمامدۇ. ساڭا پۇل بەرمىدىما؟ سەن شۇنچە چوڭ نەتىجە ياراتتىڭ، ئەجەبا ئۇلار پۇل بېرىشى كېرەك ئىدىغۇ. . .

- بولدى، بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى، - دېدى جورئەت ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، - ماڭا پۇل بېرىپ تۇرالامسەن؟

- قانچىلىك بولسا يېتەر؟

- ئايروپىلان بىلەن قايتمىسام، شىنجاڭ خەلقى مېنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ. بولسا ئۈچ مىڭ يۈەن بېرىپ تۇرغىن. مانا ماۋۇ سىنئالغۇ سەندە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئۇ ئىشچى خۇددى جورئەتنىڭ كېلىشىنى ئالدىن بىلىپ تەخلەپ قويغاندەك گەپ - سۆز قىلماي ئىچكىرىدىن شارتتىدە چىقىرىپ، ئۈچ مىڭ يۈەننى تۇتقۇزدى ئاندىن خاپا بولۇپ، - مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟ - دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭغا قايتىشى ئۈچۈن كىرا پۇلى پۈتكەن بولدى.

436 كۈن يول يۈرۈپ، 73 مىڭ كىلومېتىرنىڭ ھەر قەدەملىرىنى يەتكۈچە جاپا، قىيىنچىلىقلاردا بېسىپ 312 شەھەرنى ئايلانغان قورقماس، شىر يۈرەك تەكرىتاغ ئوغلى جورئەت 2000 - يىلى 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئانا يۇرت تۇپرىقىغا يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى جېنىس رېكورتى گۈۋاھنامىسىنى كۆتۈرۈپ قەدەم باستى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مجىت ناسىر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى ئايۇپ، دەۋران، خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت مائارىپ باشقارمىسى ۋە تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرى بولۇپ 100 دىن ئارتۇق كىشى ئايرودورومغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى.

كىشىلەر كۈتۈۋېلىش پائالىيىتى تەشكىللەپ ئۇنى تەبرىكلەشتى. مجىت ناسىر:

- «تەكرىتاغ ئوغلى» جورئەت دۇنيا جېنىس رېكورتىنى يارىتىش ئارقىلىق شىنجاڭ خەلقىنىڭ دوستلۇق سالىمىنى مەملىكىتىمىزنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە يەتكۈزدى. چۈنكى ئۇ جۇڭگونىڭ بارمىغان يەر، باسمىغان يوللىرى قالمىدى، شۇ نۇقتىدىن جورئەت پۈتكۈل ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاياغ ئىزىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇردى، - دەپ تەرىپلىدى.

## جورئەت ياراتماقچى بولغان يەنە بىر جېنىس رېكورتى

خەلقىمىزنىڭ ئانا ماكانى تەكلىماكان ئەسىرلەر مابەينىدە ئۆزىنىڭ چوڭقۇرىغا يوشۇرغان تىلسىماتلىرى بىلەن ئىنتايىن سىرلىق بىر دۇنيا بەرپا قىلغان. شۇڭا ھەر يەر - ھەر يەردىن كەلگەن كىشىلەر ئۇنىڭدىكى سىرلارنى يېشىشكە تىرىشىپ كەلگەن. ھەممە ئادەم بۇ يەرنى چۆش ۋە رېئاللىق ئارىسىدا تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ. . . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەلدىكى نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيىچى، تەۋەككۇلچىلەر، ئارخېئولوگلار ئۇنىڭ سىرىنى ئاچماقچى بولدى، ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلدى. ئەمما ھېچكىم بۇ ھەققتە ئۆز ھاياتى ئارقىلىق يېڭى رىۋايەت يېزىشقا

تېخى قادىر بولالمىدى. . .

2000 - يىلى 4 - ئاي تەكلىماكان يېڭى ئەسىردە ئەمدىلا ئويغانغاندەك بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئۆز ئۈستىدە ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىپ يۈرگەن بىر ئۇيغۇر يىگىتىگە كۆز تىكتى. جۈرئەت تەكلىماكانغا ئىچكىرىلەپ كىرىش ئارقىلىق، 2000 - يىلى 10 - ئايدا دۆلەت بايرىمىغا ئاتاپ يەنە بىر سوۋغا تەييارلىماقچى - تەكلىماكاننى شەرقتىن غەربكە قاراپ ئۇزۇن لىنيە بويىچە موتسىكلىت بىلەن كېسىپ ئۆتمەكچى بولدى. ئۇ «هالاكەت دېڭىزى» ئاتالغان ئاسمان - پەلەك قۇم بارخانلىرىغا، هايات - ماماتقا جەڭ ئېلان قىلدى! بۇ، جۈرئەت ياراتماقچى بولغان يەنە بىر گىننېس رېكورتى ئىدى.

بىز زىيارىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا تەكلىماكان ئۈستىدە ئېغىز ئاچتۇق.



- شۇنداق، - دەپ سۆز باشلىدى جۈرئەت، - تەكلىماكان ئەمدىلىكتە مېنى ئۆز قوينىغا، يېڭى جەڭگە چاقىردى. 4 - ئايدا تەكلىماكانغا 30 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرىپ سىناپ باقتىم. بىردەمنىڭ ئىچىدە قۇم مېنى يۇتۇپ كەتتى. . . پۈتۈن بەدىنىم قۇمغا كۆمۈلدى. مېڭىشىم بەكلا تەسكە چۈشتى. ئاخىر ئۆزۈم كۆزلىگەن 30 كىلومېتىر نۇقتىغا مىڭ تەستە يېتىپ كەلدىم. تەكلىماكان كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق. . . شۇ چاغدا ماڭا ئەڭ قورقۇنۇشلۇق تۇيۇلدى. راست، تەكلىماكانغا ئاتلىنىش بىر قېتىملىق هايات - مامات جېڭى بولىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، مەن بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئەمدى بۇ يولدىنمۇ يانمايمەن.

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئىلگىرى تارتقان جاپا، ۋە قىسمەتلىرى بىر- بىرلەپ كۆز ئالدىمىزغا كېلىۋالدى. هەي، ئەمدى ئۇ يەنە نېمە كۈنلەرنى كۆرەر؟ بۇ ئىشقا كېتىدىغان نۇرغۇن پۇل ئۈچۈن يەنە كىملەرگە يېلىنار؟ . . .

ئارىنى تەكلىماكان جىمجىتلىقىدەك بىر پەس جىمجىتلىق باستى.

- ئالدىنقى رېكورتىڭىزمۇ ئاجايىپ قىسمەتلەر بەدىلىگە يارىلىپتۇ. ئەمدى بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە نېمە كۈنلەرنى كۆرىدىغىنىڭىزنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

- هازىردىن باشلاپ ئاتلىنىش ۋاقتى بىلەن سەپەر چىقىملىرىنى بىرەر قۇر هېسابلاپ كۆردۈم. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۆلەت بايرىمى سوۋغىسىدا تۇنجى قەدەمنى تەكلىماكانغا باسماقچى. بىراق قاچان قايتىپ چىقىدىغانغا هازىرچە ئالدىن بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. هەقىقەتەن ئىككى چاقلىق ئادەتتىكى موتسىكلىت بىلەن قۇملۇققا كىرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئالدىنقى 30 كىلومېتىرلىق سىناق شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ، ئادەتتىكى موتسىكلىت بىلەن تەكلىماكاندىن ئۆتۈش هەرگىز مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئىلگىرىكى موتسىكلىت شىركىتىگە ئالاهىدە قۇملۇق موتسىكلىتى بۇيرۇتۇپ ياساتماقچى. هېسابلاپ كۆرسەم، ئۇنى ياسىتىشقا ئاز دېگەندە 55 مىڭ يۈەندەك پۇل كېتىدىكەن. هېچقانداق هاياتلىق يوق جىمجىت قۇملۇقتا تاسادىپىي چىققان بوران ياكى ئوڭۇشسىزلىقتا هاياتىمغا خەۋپ يېتىشنىڭ هەر هالدا ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سۈنئىي هەمراھ قول تېلېفونى، ۋە تىك ئۇچار ئايروپىلان هەققى ئۈچۈنمۇ ئاز دېگەندە 55 مىڭ يۈەن پۇل كېتىدۇ.

مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئوبۇلقاسىم ئاكا، پاتىگۈل هەدە ئوغلىنىڭ ئىلگىرىكى رېكورت ئۈچۈن ئوبدانلا ئورۇقلاپ، ئەسلىدىكى 80 نەچچە كىلوگرامدىن 70 نەچچە كىلوگرامغا چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي، ئۇيان - بۇيان چېپىپ، بىر خىل ئېيتقۇسىز غەم ئىچىدە بىرەر كېچىمۇ تۈزۈك كىرپىك قاقمايۋاتقىنىنى كۆرگىنىدە، يىغا ئىچىگە پاتمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇلار يەنىلا ئۆز باغرى ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىسە رازى ئىدى. ئەمما جۈرئەتنىڭ تەكلىماكاننى

كېسىپ ئۆتۈش پىلانىغا راستتىن ئېيتقاندا، پەقەتلا قوشۇلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇلار تەكلىماكان توغرىسىدا كۆرگەن، باشقىلاردىن ئاڭلىغانلارنى ئويلاپلا بۇنداق قاراملىق قىلىش نېمىدېگەن خەتەرلىك دېيىشكەنچە يالغۇز قالغىنىدا بىر - بىرىگە قاراپ چوڭقۇر خىياللارغا پاتاتتى. جۇرئەت قەيەرلەردىندۇر قايتىپ ئۆيگە پەيدا بولۇشى بىلەن ئۇنىڭغا تىنماي چۈشەندۈرەتتى. ئارخېئولوگ فېڭ جيامۇنىڭ يول باشلىغان يەرلىك مالچى بىلەن كېتىۋېتىپ، بىردەمدىلا يوقاپ كەتكەنلىكى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئۈستىدىن ئايروپىلان بىلەن نازارەت ۋە ياردەم قىلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، بىنورمال ھاۋا ئۇلارنىڭ كومپاسلىرىنىمۇ ئىشلىمەس قىلىۋەتكەنلىكتىن نىشاندىن ئادىشىپ قېلىپ، قايتىپ چىققانلىقى؛ بىر نەچچە يىل بۇرۇن نېفىت قېدىرىپ چارلاش ئەترىتىنىڭ بىر شوپۇرى قولىدا مىلتىق تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا ماشىنىسىنىڭ مېيى تۈگەپ قېلىپ، بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمى بىلەن ئۆزىنىڭ بار مېيىنى قاچىلىيالماي، ئاخىر بۆرىدىن بىرىنى ئېتىپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن بۆرىلەرنىڭ ماشىنىغا ئېسىلىشىپ تېخىمۇ دەھشەتلىك ھۇجۇم قىلىشى بىلەن ماشىنىدىن چىقالماي، نەچچە كۈنگىچە يەيدىغان يېمەكلىك ۋە ئۇسسۇزلۇقلىرىغىچە تۈگەپ، ئاخىر ماشىنىدا ئۆلۈپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئۆزى يازغان خاتىرە بىلەن ئون نەچچە كۈندىن كېيىن تاپقانلىقىدەك بىر قاتار ھالاكەتلىك قىسمەتلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. بۇ ئىشنى ئۇققان شىنجاڭ تەنتەربىيە كومىتېتى موتسىكلىت ئەترىتىنىڭ باشلىقى بىر كۈنى ئوبۇلقاسىم ئاكىغا:

— مەندە تەكلىماكانىنى كېسىپ ئۆتۈشكە تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنىڭ تولۇق ماتېرىيالى ئاساسىدا ئىشلەنگەن بىر ھۆججەتلىك سىنئالغۇ لېنتىسى بار. جۇرئەت ئۇنى كۆرۈپ باققان بولسا ياخشى بولاتتى. بىز شۇنچە قىلىپمۇ ئۇنىڭغا گەپ ئاڭلىتالمىدۇق. بۇ ھەرگىز ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ تەكلىماكانىنى شىمالدىن جەنۇبقا قارىتىپ قىسقا لىنىيە بويىچە ئەمەس، شەرقتىن غەربكە قارىتىپ ئۇزۇن لىنىيە بويىچە كېسىپ ئۆتۈشنى تاللىۋېلىشى، قاراپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك ئەمەسمۇ. سىلەرمۇ تەربىيە قىلساڭلار، ئۇ بۇ نىيىتىدىن يانسا بوپتىكەن، — دېدى.

جۇرئەت ئۆزىمۇ تەكلىماكانىنىڭ سىرلىقلىقىغا، تاللىۋالغان يولىنىڭ نەقەدەر خەتەرلىكلىكىگە ئىشىنەتتى ۋە بۇ تەرىپىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا ھەمىشە ئوبۇلقاسىم ئاكا بىلەن پاتىنگۈل ھەدىگە:

— دادا، ئاپا، ماڭا دۇئا بېرىڭلار، ماڭا مەدەت بېرىڭلار، سىلەرنىڭ قوللىشىڭلار، شۇنداقلا خەلقىمنىڭ قوللىشى مەن ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ كۈچ. ئەگەر تەكلىماكان تۇرپاننىڭ قۇم رايونىدىكى قۇملۇققا ئوخشاش بىخەتەر بولسا ئۇنىڭدىن ئۆتۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇ خەتەرلىك بولمىسا مەن قانداقمۇ بىر تەۋەككۇلچى بولاي؟ !
— دەيتتى.

ئۇ شۇنداق دېگىنى بىلەن بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بېشىدىكى ئەڭ چوڭ غەم يەنىلا ئىقتىساد مەسىلىسى ئىدى.

بەزىلەر، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، جۇرئەت مۇشۇ ئىشنى قىلىمەن، دەپ بېيىپ تىقىلىپ كەتتى، مىليونېرغا ئايلاندى، دېگەندەك پاراڭلارنىمۇ تارقىتىشتى. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولىدىغان بۇ سوئالغا جۇرئەتنىڭ ئۆز ئېغىزى بىلەن ئېيتىلغان مۇنۇ بايانلىرىدىن ئىشەنچلىك، ھەقىقىي جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ:

— ماڭا ھېچقانداق بىر ئورۇن رېكورت ياراتتىڭ، دەپ مۇكاپات سوممىسى ئۈچۈن بىر تىيىن بېرىپ باققىنى يوق. «جېنىنىس دۇنيا رېكورتى باش شتابى» دىن ئەزەلدىن رېكورت ياراتقانلارغا پۇل بېرىلمەيدۇ. لېكىن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا، سەن بىرەر تەنتەربىيە تۈرىدە نەتىجە قازاندىڭمۇ، چوقۇم نۇرغۇن پۇل بېرىلىدۇ، دەپ ئويلىشىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ماڭا ئىشەنمەسلىكى، ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك.

— ئالدىنقى بىر قېتىملىق كۆتۈۋېلىش پائالىيىتىدىمۇ بىرەيلەن رىياسەتچىلىك قىلىپ «ئىسمىنى ئاتاشنى خالىمىغان پالانى باي، پالانى كىشى مانچە پۇل ياردەم قىلدى، پالانى ئاخۇن مانچە تۈمەنلىك ئىناۋەتلىك چەك بەردى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ بىر تۇتام پۇلىنى «مانا بۇنى پوكۇنچى بەردى» دەپ سورۇندىكىلەرگە كۆرسىتىپ يۈرۈپمۇ

يىغىلغىنى بىر تۈمەنچە پۇل بولدى. نۇرغۇن خەقلەر، شۇ كۈنى 100 مىڭ يۈەنلەپ ئېلان قىلىنمىدىمۇ، شۇ پۇل قېنى؟ دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق باشقىلارنى ياردەم بېرىشكە قىزىقتۇرۇش، پۇل بېرىشكە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغىنىنى بىلمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، سورۇندا ئەسلى بىرەر يۈز مىڭ يۈەن ئاتالغان پۇللار كېيىن ھەممىسىنى قوشقاندا ئەمەلىيلەشكىنى ھېچقانچە بولمىدى. ھازىر بۇ ئىش جەمئىيەتتە رىياسەتچىنىڭ ئاغزىدىكى سان بويىچە تارقىلىپ يۇرۇپ ئەكسىچە رول ئويناۋاتىدۇ.



جۇرئەت يەنە ئۆزىنىڭ ئازاب دەردلىرى ھەققىدە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى.

- ھازىر مېنىڭ 80 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قەرزىم بار، ئۇنى بىر نەچچىسىدىن ئالغان. ئۇنى چوقۇم دەل ۋاقتىدا قايتۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. قەرز ئىگىلىرىمۇ تىنماي سۈيلەۋاتىدۇ، بۇ ماڭا ئىنتايىن ئېغىر روھىي ئازاب بولدى.

- يىگىتنىڭ خۇشلۇقى جەڭ كۈنىدە، قىزنىڭ خۇشلۇقى توي كۈنىدە، دېگىنى راست گەپكەن، بىز ئەركەكلەر جەڭ كۈنىدە ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى ئۆزىمىز ھەقىقىي تونۇپ يېتەلەيدىكەنمىز. ئاياللار ئۆز نەزەرىدىكى ئىشەنچلىك، تاغدەك بىر ئادەمگە ئېرىشكەن كۈنىدە ئاندىن ھەقىقىي خۇشاللىق تاپىدىكەن. ئەر - ئاياللارنىڭ پېتىشمايدىغان يېرىمىز شۇنىڭدىن ئوخشايدۇ. بىز ئەرلەر خوتۇننى قولتۇققا قىستۇرۇپ جەڭ قىلغىلى بولمىغاچقا يەككە - يېگانە چىققاندىكىن، بۇنىڭغا ئاياللار نارازى بولىدىكەن. ئۇلار بىز تارتقان جاپاغا چىدىمايدۇ. بىزنىڭمۇ ئۇلارنى جەڭدە بىللە جاپاغا سېلىشقا كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ. شۇڭا ئەر - ئاياللار بىرلىككە كەلمەك تەس ئوخشايدۇ. توغرا، ئايالىم مېنى دەپ ئاز بولمىغان جاپالارنى تارتتى. بىراق ئۇ ئېغىزىدىن بۇنى چىقارمىسىمۇ، پەش قىلمىسىمۇ مەن بىلىمەن. مىننەت قىلغاندىن كېيىنلا ئۇ ئادەم كۆزگە سەت كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ئۇ ئىسسىق ئۆيدە تۇرۇپ شۇنچە قاقشىسا، مەن كىمگە دەيمەن. ئۆي - ماكانسىز، سوغۇقتا، داللاردا قانچىلىك جاپا تارتقىنىمنى، ئالدى بىلەن ئايالىم بولغان ئادەم چۈشەنمىسە خەق قانداقمۇ مېنى چۈشەنسۇن؟!

جۇرئەت بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن بىرئاز يەڭگىللەپ قالغاندەك ئىدى. سۆھبەتتىن كېيىن جۇرئەت بىز بىلەن خوشلىشىپ ئاستا - ئاستا يىراقلارغا ئۇزاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە قايسى كۈنلەرنىڭ، قانداق قىيىنچىلىقلارنىڭ كۈتۈپ تۇرغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. ئەمما ئۇ 2000 - يىلى 10 - ئايدا تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ، جۇڭگولۇق بىر پۇقرانىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاسارىتىنى، كۈچ - قۇدرىتىنى جاھانغا يەنە بىر قېتىم تونۇتۇش ئۈچۈن تەكلىماكان قۇملۇقىنى بويسۇندۇرۇشقا جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بۇ خەتەرلىك ئىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە رەھبەرلەرنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى، قىسقىسى، ھەممىمىزنىڭ چوڭقۇر چۈشىنىشىگە باغلىق. جۇرئەتكە ئاق يول بولسۇن.



# ئىستەك ياپراقلىرى

دۇەن جيۇن

جېلىل خېلىل تەرجىمىسى

دۇەن جيۇن، خەنزۇ، 1950 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1979 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىلى فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، قازاق تىلى ئۆگەنگەن. 1983 - يىلى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قارمىقىدىكى «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنغان. ھازىر ئۇ، بۇ ژۇرنالنىڭ شېئىرىيەت تەھرىرى.

ئۇنىڭ شېئىر توپلاملىرىدىن «قەلب ئارىلى»، «ئىستەك ياپراقلىرى»، «قايناق ئىستەك» قاتارلىقلار بار. ئۇ يەنە شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنىڭ «ئەسىر ھالقىش» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەن.

* *

شائىرلار ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان تەنھا ئادەم. ئۇلارنىڭ كۆزى ئەسىرنىڭ چىقىش ئېغىزىغا تىكىلگەن. ئۇنىڭ قەلبىدە غەمكىن چىرايلار.

شائىر دۇنياسىدا پەقەت گۈزەللىككىلا ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىنىدۇ. شائىرنىڭ نەزىرىدە شەھەر خۇددى تەنھا ئارالغا ئوخشاش قۇرۇقلۇقتىن ۋە ئورمانلىقتىن يىراق تۇرىدۇ. كوچىلار بولسا دەريالارغا ئوخشاش بولۇپ، ئالدىراپ كېتىۋاتقان ئادەملەر تۇپى شەك - شۈبھىسىز بېلىقتۇر. بېلىقلارنىڭ ئۈزۈپ يۈرگەن كۆرۈنۈشى دەل كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق كارتىنىسى. بۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرىلا، ئۆزىنىڭ نەدىن كېلىپ نەگە بېرىشىنى سورايدۇ ياكى بۇنى بىلمەسلىك نۇرغۇن ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر خىل بەخت بولۇشى مۇمكىن.

شائىرنىڭ ھاياتىدا ئازاب سايىگە ئوخشايدۇ. سايە مەڭگۈ ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى بولمايدۇ. شائىر ھەرگىزمۇ تەلتۆكۈس، مۇكەممەل بولۇپ كېتەلمەيدۇ. خۇددى باللارغا ئوخشاش شائىرنىڭمۇ كىشىنى بىزار قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان تەرەپلىرى بار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شائىر يەنە نۇرغۇنلىغان ئادەم ئىگە بولالمايدىغان سۈپەتكە ئىگە. بۇ سۈپەتلەر بولسا ھاياتقا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ سىزنى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان كىشىلىك ھايات يولىغا باشلايدۇ.

شائىر ئىنسانلارنىڭ جەۋھىرى.

شائىرنىڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىسى، سەممىي ھېسسىيات بىلەن شېئىر يازماقتۇر.

## تاشقا سەپەر

تاشلار چېچەك ئاچقاندا تامام
تاشقا باشلىنىدۇ سەپەر.
ياتار ئۇلار باياۋاندا قىپيالىڭاچ
تىنچ، ئەمما ھاياسىز بەتتەر.

قورغاق شامال
ئۇنى چاك - چاك ئەيلىگەن ھەرئان
ياپيېشىل موخلار
تاش بۇنىڭغا قىلمايدۇ پىسەنت
ئۇ چۆلدىكى باش ئەگمەس مەردان.

ئىشىنىدۇ ئۇلار ھامانە
بىر كىملەر ئۆزىنى كېتىدۇ ئېلىپ
ئۇلار ياخشى كۆرەر سوقۇلۇشنى
بولاق كۆيىگە قولاق سېلىشنى
ئەقىلنى لال ئەيلىگەن نەپىس ئاۋازنى.

تاشقا باشلىنىدۇ سەپەر
چۆكۈپ چوڭقۇر سۈكۈتكە بەتتەر.

## قىسمىتىڭ

يوللىرىڭنى يازىدۇ سۇ
سۇنىڭ ئىچىدە يۈرەرسەن سۇ بوپ

خۇشاللىقنىڭ
دولقۇن بىلەن كەتكەن بىرىكىپ
خاراكتېرىڭ
بوران بولۇپ تۇرار ئۇشقىرتىپ
پىرىستان رىشتى
پەقەتكىنە بىر خىل تەسەللى
دولقۇن سادالىرى سادايىڭ سىېنىڭ
دېڭىز كېزىش ئادىتىڭگە كەتكەن ئايلىنىپ
سەن بولمىساڭ قالار دېڭىز زېرىكىپ
سەن بولمىساڭ قالار دەريا ياش تۆكۈپ
سەن ھاۋالىسى دېڭىز - دەريانىڭ
كۆزى ھەمدە مەۋج ئۇرغان قەلبىنىڭ

ھاياتىڭدا توختىماستىن كېزىسەن دېڭىز
مەڭگۈ ئەركىن، بىمالال شەكسىز

## چىراغ ئارغامچىسى

مەھرۇم قالدى تايانچىسىدىن
قاراڭغۇلۇقتا پۇلاڭلىغان قول
غايىب بولدى توساتتىن
ئۈزۈلدى چىراغ ئارغامچىسى
يوقتۇر نىشان ئىزلاردىن

ئېجىل بولۇپ نۇرلارغا كۆپ يىل
ياشىدى كىشىلەر ئالدىراپ بىكار
ئامەت ئىچرە سەزدى ئاپەتنى
كۈرمىڭ قېتىم سۆرىدى چىراغ ئارغامچىسىنى
ئەيلەپ ئۇنى ئۆزىگە چاكار

يوقتۇر رەزىللىك
ئادەتلەنگەن قول ئىشارىسىدىنمۇ بەتتەر خەۋپلىك
كەلسەڭمۇ گەر تېپىپ مىڭ خىل باھانەئاخىر
تاپالمايسەن ئۈزۈك ئۈچۈن بىرەر ئامالنى

## قۇربانلار

سادا بەردى قوڭغۇراق نېكەم
ئەمما ھەركىم تاتلىق ئۇيقۇدا
نۇرغۇن كىشى ياشايدۇ ئۆچمەي
جەننەت كەبى يىراق ئۇيۇقتا
ئۇلار تىنچ ئۇخلار قەبرىدە
روھى ئەمما گۈلدۈرمامىدەك
ھالقار زېمىن ھەمدە ئەرشتىن
قۇربانلارنىڭ مۇلايىم چېھرى
شېرىن كالام، قۇربانلىقى
ھەرقايسىمىز باقمىز تەشنا
ئامالسىز بىز رەت قىلىشقا ئۇلارنىڭ
يېقىنلىشىشىنى روھىمىزغا، قەلبىمىزگە
كېلەر ئۇلار مەزمۇت قەدەم تاشلىشىپ
ھالقىپ ئەسىر قاشالىرىدىن
گويا ماياك ئۇلار بىر توپ ئەماغا
كۆزىدىكى ئوت
چاچار ئىللىق نۇرلىرىنى
تىمتاسلىق ئارا
سەپتىن چۈشۈپ قالغۇچىنىڭ غەمكىن چىرايى
گۈل سۇنىدۇ قۇربانلارغا
ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ قۇربانلارغا
يادلار ئۇلار تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەرنى
خۇشاللىقنى، ئازاب، كۈلپەتنى
ئەمما قۇربانلار مەشئەلدۇر مەڭگۈ
تاللىغان ئۇلار ھاياتنىڭ لاۋالىرىنى
قورقمىغان ھەرگىز كۆيۈشتىن



مەيلى يانسۇن بىر تال سەرەڭگە ياكى
بىر پارچە كۆمۈر بوپ

ئۆلۈم بىر مەنزىرە
زۇلمەتتىمۇ
بېرەلەيدۇ كىشىلەرگە نۇر
كۆز يېشىنى سەل قىلىپ تۆكۈپ تۇرغاچ
ھاياتلار
قۇربانلارنىڭ روھىنى
قاپلىيالماس توزانلار

## يۇيۇنۇش

ئاۋۋال سۇنى ئويلايدۇ يۇيۇنىدىغانلار
قولۋاق سۇنى ئويلىغاندەك
ئەمما قىرغاقتا
تۇرار سانسىز قىپيالىڭاچ كىشىلەر
قاراپ سۇغا قورقۇپ تەمتىرەپ

سۇنىڭ ئورنى ئەمەس ھەرگىز ئېگىزدە
ئۇ ئىنتىزار دەريالاردا چېپىشقا
قارلىق تاغدىن زەڭگەر كۆكتىن

ئەكەلسە ئۇ يارقىنلىق
زېمىن ئورمان
تولۇپ كېتەر چاقناشقا

بىز ئىنتىزار يۇيۇنۇشقا
ھاياتىمىز سۇ ئىزدەشتە ئۆتەر سەپەردە
ئەمما سۇلار
يامانلىغاق ئايال كەبى تاشلاپ كەتتى بۇ يۇرتنى
چاڭ-توزانلار پۇرقىرايدۇ ئاسمان - پەلەكتە
سۇ بولسا پەستە
ئەڭ ئاخىرقى قورشاۋ ئىلكىدە

## ۋىدالىشىش

ۋىسال ئۈچۈن ئايرىلدۇق
ئاتەش كۆتۈش كۆيدۈردى يازنى
قەيەردىندۇر ئۇچۇپ كېلىپ نىگاھ
ئۈستىمىزدىن ياغار سىمىلداپ

شائىر بولۇپ ياشىدىم ئۇزاق
تاشار كۆكتىن جۇشقۇن ھېسسىيات
توختاتمىسۇن ھېچكىممۇ نەپەس
ھەم قالمىسۇن يىغىدىن توختاپ

ئايرىلىش دەملىرى
باقتۇق سۆزسىز تىكىلىپ
ئوقۇپ بىراۋ شېئىرنى
قويدى قوزغاپ ھەسرەتنى
ھەش - پەش دېگۈچە كەتتۇق يىراقلاپ
تەنھالىقتا ئۇزاتتۇق ھەر كۈنلەرنى
ئەرشتە بار چوقۇم بۆلەك بىر دۇنيا
بولمىسا گەر تۇرارمىدى يۇلتۇز شۇنچە
نۇرلىنىپ
دەم چاقنايدۇ بۇك ئېچىلغان كۆركۈم گۈلدەك
دەم گوياكى سېنتەبىرنىڭ جۇخار گۈلدەك

بىراق مېنىڭ يوق باغچام
تۇرۇپ قاشانىڭ سىرتىدا
بەكمۇ يىراقتىن باقىمەن ساڭا
سەن ماشىنا دېرىزىسىنىڭ ئۇ تەرپىدىن
ئالدىراپ كېلىپ كېتىسەن يەنە
مەيلى قانداق شەرەتلە قولنى
چۈشىنىمەن ئۇ قايسى مەنە
ئاۋازىڭمۇ يەتمىدى ئەمدى
مەن يىراقتىن تەلپۈنۈپ ساڭا
ئاستا - ئاستا
قالماقتىمەن ئايرىلىپ. . .

# بۇقۇلدايدۇ ئەركەكلەر شەھىرى

**ئەخمەتجان تۇرۇپ**

## قاغلار بايرىمى

ياشىماقتا بۇندا ئەركەكلەر
مەي ئىچىشىپ جەسەتلەر بىلەن.



يۈرىكىنى قىلغاچ زاكۇسكا،
قاۋاق ئاڭا ئەڭ گۈزەل ۋەتەن.

تاشلار يىغلار شۇڭا بۇقۇلداپ
ئەركەكلەردىن ئەرلىك تاپالماي.
قۇشلار يىغلار تىنجىق ھاۋادا
كۆكسى قېنىپ نەپەس ئالالماي.

ئەمما ئاپئاق، ئاپئاق قاغلار
كۆكئۆل ئوۋلار چىرايلىق ئۇندە.

ئەركەكلەردىن ئەرلىك تاپالماي
تاش ۋە قۇشلار يىغلار بۇ كۈندە.

## تەبىئەت

تەبىئەت سەن مېنى قۇچىقىڭغا ئال
بىخلانسۇن روھىمدا يۇمران گىياھلار.
ئىسلاشقان قەلبىمنى پاكلىسۇن تىمتاس،
شىپىرغا لىق تولۇپ ئاققان دەريالار.
تەبىئەت سەن مېنى قۇچىقىڭغا ئال
ياتلاشقان تۇيغۇلار كۆيسۇن گۇرۇلدەپ.
چوغلانغان ئارمانىنىڭ پەپىلىشىدە،
سۇبھىگە چۆمۈلەي دەمدەردەك ئۈنلەپ.
تەبىئەت سەن مېنى قۇچىقىڭغا ئال
سانجىلاي تەقدىرگە تاشتەك جىمىمدە.
بېشىغا قار قونغان ئەركەك چوققىلار
سۆزلىسۇن شىجائەت، غۇرۇر ھەققىدە.
تەبىئەت سەن مېنى قۇچىقىڭغا ئال
يات كۆزلەر تەگمىسۇن، كۆزمۇنچاق ئاساي.
تۈنلەرنى پارچىلاپ ئۇغۇزدەك ئاندىن،
باغرىڭغا مەڭگۈلۈك ئۇۋامنى ياساي.

## سۆيگۈ ۋەتىنى

– ئوغلۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ

ئوغۇل بولۇپ كەلدىڭ ئالەمگە،
ئوغۇل بولۇپ ياشىشىڭ كېرەك.
چوقۇماق بولسا ئازاب قۇشلىرى
يۈرىكىنى يېرىشىڭ كېرەك.

«ئوغۇز يار» دەپ قويدۇم ئىسمىڭنى،
ئەجدادىڭدەك چاقنىشىڭ كېرەك.
قىساس نېمە، شاپائەت نېمە،
مەڭگۈ ئەستە ساقلىشىڭ كېرەك.

بولمىسىمۇ ھېچنەرسەم ئوغلۇم،
مەن بەختلىك ۋارىسىم بىلەن.
چۈنكى، ئاتاڭ ئوتتۇز يىل تەرلەپ
روھ چۆلىدە توغدى بىر دۇنيا.
قەلبىم سۆيگۈ ۋەتىنى بىلسەڭ،
ئاشۇ ئەلنىڭ پادىشاھىسەن.



# شېئىرلار

### ئابدۇرېشىت سۇلايمان

## كۆي

ئۆزگىچە، جۇلالىق پەيزىڭ كەتكۈچە،
نەرگىس گۈللىرى توزىمايدۇ ھېچ.
ئانىمىز ھەۋۋانىڭ خۇلقى بىلەن،
پىرجەڭگى بىر ساڭا ئۇرغانمۇ قىلىچ.
ئۆلگەنمۇ تۈن نىسپى ئۇركىگەن قاغا،
شۇم قىسمەت سۇر بىلەن كەلگەندە قاپساپ.
مەن كەبى دوزاخنى ئانالىز قىلىپ،
كىم قويدى يالغاندىن جەننەتنى ياساپ.
ھېلىلا قوغلاندىم جەننەتتىن ئەبەد،
مەڭگۈلۈك ئۇ ھايات ئۆلسە بەك لەززەت.
ئالدىمدا قانىستان، قەبرەمگە ئاتاپ
مەڭگۈلۈك كۆي بولۇپ كەلمەكتە زۇلمەت...

مەڭگۈلۈك قوغلاندىم...
ھەۋۋامۇ بىللە،
ئەخلاقىڭ تۈگەپتۇ، دېدى بىر كىشى.
قان ئېقىپ تۇرۇپتۇ زېمىندا پەۋەس،
كۆي دېدى، سورىسام...
ئىلاھنىڭ ئىشى.
ئالدىمدا قانىستان، بەتبەشىرە بىر مەن،
بېشارەت بولماقتا... مۇزلىماقتا تەن.

بىر ئۇيغۇر چەكچەيدى ۋارقىراپ تۇرۇپ،
ھەي كىشى!

بىر چوغدا ئۆلۈپ تۇرۇپسەن.
قانلىق كۆي تىرەنلەپ ياسىدى قىيان،
ئۆلۈمنىڭ ھېكمىتىن قىلالمىدىم ھېس.



ئۆزۈمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قايتىمدىن،
ئۆزۈمگە دەھشەتتە ئۇردۇم بىر قىلىچ.

ئالدىمدا قانىستان. . .
بەتبەشىرە بىر مەن،
ئۆزۈمگە دەھشەتتە ئۇردۇم بىر قىلىچ.
قوغلاندىم جەننەتتىن مەڭگۈ كەلمەسكە،
بەك مۇھىم ئۆزۈمنى ھېچنېمە بىلىش.

## سىيىت نوچى

كۆيگەن شۇ يۇرەككە پاتمايدۇ قۇياش،
يا مېنى ئاتمىسا ئۇستا گۇندىپاي.
بىر ماڭا قورالنى ئۆزۈمنى ئۆزۈم،
كۆز يۇمۇپ تۇرۇپلا يۇرەككە ئاتاي.

سەھەردە ماڭغاندا قاغا قاقىلداپ،
ئۆزىتىپ قويغانتى ئاپامنىڭ يېشى.
مەن ئەخمەق، قاچماقنى ئىستىسە ئەجەل
ئۆلۈم خەت كۆتۈرۈپ يۈرگەن بىر نوچى.

بەر ماڭا قورالنى، نائۇستا ھەممەڭ،
مەردلىكنى تېگىشەي سىيىت جېنىغا.
ئۆلۈكۈم تېپىرلاپ جىم تۇرمىسا گەر،
كۆمۈۋەت قۇملارنىڭ قېتى - قېتىغا.

## تۇل چوكاننىڭ ھېكايىسى

تەنھا بىر ئارالدا مۇڭلۇق كۆي بولۇپ،
ساقىيسەن ئۆزۈڭنىڭ رەڭگىگە تىمتاس.
پۇراقسىز ياۋا چۆپ سۇلغىلى نەۋاق،
كەلسەڭ كەل، شائىرنىڭ ئازابىغا خاس.

كەلسەڭ كەل، ئۆلۈمنى قۇچاقلاپ بىرگە،
جەسىتى تالادا مۇزلار شائىرنىڭ.
تاڭ سەھەر قاچقۇننىڭ خىرە ئۈمىدى،
بەك شېرىن، تەمىدەك بوگۈن ئۆلۈمنىڭ.

كەلسەڭ كەل، شائىرلار ئۆلگەندىن كېيىن،
شۇ تەرىز چىللايدۇ قاتىل بىر قاغا.
غەزەپتىن قان بولسا خۇدا كۆزىگە،
مۇنچىنى تاقايدۇ ياۋۇز بىر ئەبلەخ. . .
قاتىللىق قىلىشقا شائىر بەك ئۇستا،
ئۆلتۈرەر ئۆز - ئۆزىنى ئاستا ۋە ئاستا.

سەھەردە قاتىل،
ئېرىمنىڭ قانلىرى شىر - شىر ئاقماقتا!

# بىر شامالنىڭ ھېكايىسى

ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

پەرىشتىلەر سۆرەپ چىقارمىش
سەن يالغۇزۇپ قىلساڭ قارشىلىق
خۇشلۇق، ئازاب يوقالغان تۇگەل،
شاھىدىمەن نۇرلۇق، ئىزگۈلۈك.

زۇلمەتكە كىر يورىغاي زېمىن،
چاچلىرىڭنى يايسەن تال - تال.

شامالنلاردەك مۇشۇ تۇرقۇمدا،
قۇچاقلىسام ئاھ، ساھىبجامال.

نۇر ئىلكىدە ئۆزگەن زېمىن،
ئات گۈلدۈرى چاڭلاردا ئۆتكەن.
ئۆلۈۋالدى سەھەردە شائىر،
سۆيگىنىمدىن ئايرىلغان ئىكەن.

# شېئىرلار

ھۆرىيەت مۇھەممەت

## يېشىل دۇنيا

قۇياشنىڭ كۆلگىنى يالغان
تامار ئۇندىن سوغۇق ھىجران

باھارنىڭ قوللىرى يېشىل
تۈنەيدۇ مىڭ جان يېشىل كۆيىدە.
كۆتۈرۈپتۇ ھەۋۋاسۇ ئادەمنى
يېشىللىق يامرىغان جەننەت ئىچىدە.
پىچىرلايدۇ
سۆيۈلمەسكە قەسەم بەرگەن يېشىل قۇشلار.
مەن تارتىمەن نېچۈك نىقابنى
قەلبىمدىكى يېشىل كېچىدە؟

يېشىل دۇنيا، ياپيېشىل سۆيگۈ
شىۋىرلايدۇ يۈرەككە مەڭگۈ. . .

قۇياشنىڭ كۆلگىنى يالغان
تامار ئۇندىن سوغۇق ھىجران

## كونۋېرت ئىچىدە ئازاب

يېتىمسىراپ بالكون ئىچىدە،
ھەسرەتلەرگە پۈچۈلانغان پەيت
قارىچۇقۇمغا تىكىلدى مىختەك
«ئەڭ ئاخىرقى سالام» دېگەن خەت.
يالماپ كەتتى خۇشاللىقىمنى
تۇرۇپ قالدىم گىرۋەكلىرىمدە.
خاسىيەتلىك قارنىڭ تەكتىدە
ۋالىلدايدۇ سەممىي يۈرەك ـ
خوش دېيەلمەي ئۆزىگە ئۆزى.
مەۋجۇتلۇقتىن تامىدۇ خىيال
شېئىرسىراپ چاك كەتكەن لەۋگە.
تۇتقۇن بولۇپ ئۆزلۈك تورىغا
بوقۇلدايمەن تەنھالىقىمغا.
بالىياتقۇدا تېپىرلاش ماڭا
ئۆزلۈكىمنى سېزىش دېمەكلىك.
يىرتىپ چىقسام قۇياشقا ئوخشاش
ۋاقىتلارنىڭ قارا قويىنىدىن
دەستە ـ دەستە گۈلنى كۆتۈرۈپ
كۆلەرسەنمۇ قەدىم چۆچەكتەك.

## ھىجران تولغىقى

بىلىپ ـ بىلمەي ھايات يولۇمدا
تەسلىم بولدۇم يىرگىنىپ تۇرۇپ.
يىغلاپ كەتتىم ھىجايغان پېتى
ساھىللاردا يىگانە يۈرۈپ.



دولقۇنلاردا ئارمان تۈنەيدۇ
كىملىكىنى ئىستىمەك بولۇپ.
قىرغاقلارغا باش قويغان گۈگۈم
زۇمرەتلەردىن ئۆزىن ئىزلەيدۇ.
ۋىلىق ـ ۋىلىق كۆلىدۇ دەرەخ
قاراسلايدۇ ئورمان كېچىدە.
پىچىرلىشار ئۇۋىسىز قۇشلار
تۈن پەردىسى يېپىلغان چاغدا
بوۋاق يىغلاپ سالدى، ئاھ چۇقان.
ئىبادەتتە ئولتۇرغان ئانا
چالا ـ بۇلا دۇئانى قىلىپ
يۈگۈرۈپ كەلدى، يىقىلدى شۇئان.
شېئىرلارغا تۆكۈلدى يېشى
بىر جۈپ يۈرەك، يۈرەكسىز ئورمان
شىلدىرلايدۇ ئىلاھ كۈيىدە.

# شېئىرلار

نۇرشات مەمتىلى

## قۇملۇقتا كىرىش

كىرىپ كەتتىم قۇملۇق ئىچىگە
كىرىپ كەتتى قۇملۇق قەلبىمگە

سەن سۆيگەندەك يېقىملىق تۇيغۇ
تىترەتمەكتە قۇرغاق ھاۋانى

شامالLARنى تىڭشىدىم جىمجىت
جىمجىت شامال تىڭشىدى مېنى
سىيرىلماقتا قۇملار شىرىلداپ
ئالىقىنىمدىن قاچقاندەك تېنىڭ

قۇم ئۆركىشى ئاتەشلىك تىنىق
ئاڭلانماقتا يۈرەك سوقۇشۇڭ
ئالۋۇن ئەمەس، مەيلى ئالۋۇن بول
مۇقەررەردۇر مەندە يوقۇشۇڭ
مۇقەررەردۇر سەندە يوقۇشۇم

## شەبنەم

مېنىڭ ئۈچۈن شۇ سۈزۈك كۆلكەڭ
ئايلىنىدۇ شەكسىز قاناتقا

يۇلتۇزلارنىڭ شۇۋىرلىشىدا
شامالLARنىڭ غىدىقلىشىدا
ماراپ تۇرار ئۇماق زىناقىڭ

ئەگىمگىنە قېشىڭ ئاستىدىن
چاقنىماقتا بىر گۈزەل ئەتەم
تەبەسسۇمدا سۇنساڭ قولۇڭنى
مەن بولۇرمەن زىناقلىرىڭدا
پاك جىلۋەڭنى ئۆپىشىم ئۈچۈن
كەپسىزگىنە بىر شەبنەم

## دەرياغا قاراش

تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ چوڭقۇرقاغا ئاۋازى
ئېقىپ كەلمەكتە دەريادىن تېشىپ

يىلتىزسىز تاشلار
ئۇۋۇسىنى ئىزلەر سەرسانە

تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ چوڭقۇر
چۆكۈپ كەتتىم دەريا ئىچىگە

مەن كۆرمىدىم دەريانى چوقۇم
مېنى يالمار قاغا ئاۋازى

# تاشلاندۇق يول

ئېزىز نامان

ئۆزۈمنى ئالدىدىم تالاي قېتىملاپ،
روھىمنىڭ قۇم باسقان يىراق چېتىدە.
بەخت ۋە تەلەيىنىڭ قۇرار يىلتىزى،
بۆرىنىڭ ئوشۇقى يۇتكەن كېچىدە.

ھېچكىشى ئۆتمەيدۇ بۇ يولدىن ئەمدى،
ھەسرەتلىك بىر ئۈندە يىغلايدۇ دېڭىز.

ئاخىرقى گۇناھتا چاقنايدۇ يۇلتۇز،
پۇرلاشقان قىز كۆكسى بولغانغان ئېتىز.

ئارقامغا قارىسام يارىنىڭ ئېغىزى،
تېنىمنى سۆرەيدۇ چوڭقۇر كوچىغا.
ۋاقىتنىڭ تېشىلگەن تۇمۇر كەشىدە،
بىر ئاراب يۆگىشەر ئۆلگەن تۇيغۇمغا.

# مەخپىي خاتىرىلەر

# تۇنجى مۇھەببەت زەربىسى

**ئايپەرى**

قەدىرلىكىم «ئا»، بىلەمسەن، مەن يەنىلا خىيالىي ئەسلىمىلەرگە ھەمراھ بولۇپ ياشاۋاتىمەن. ئېسىمدە، دوستلىرىم دائىم خىيالپەرەسلىكىمنى زاڭلىق قىلىشاتتى. بىراق ھازىرمۇ شۇ مىجەزىم ئارقىلىق سەن بىلەن نەچچە رەت خىيالىي مۇڭدىشىۋاتىمەن، سىردىشىۋاتىمەن، جېدەللىشىۋاتىمەن. قەلبىمدىكى بارلىق پىنھان تۇيغۇ، مۇھەببىتىمنى، ئىلگىرىكى يوشۇرغان ئۈمىدلىرىمنى ئەمدى ئاشكارىلاۋاتىمەن. خىياللىرىم مېنى كۈندىن - كۈنگە مۇڭلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. خىياللىرىم ماڭا بارغانچە ئىشەنچ، جاسارەت ئاتا قىلىۋاتىدۇ، خىياللىرىم ماڭا ئايرىلىش ۋە مۇھەببەت ئازابىنى ھېس قىلدۇرۇۋاتىدۇ. مانا ئەمدى ئۆزۈمنىڭ خورلانغانلىقىنى، قايناق ھېسسىيات، شېرىن ئارزۇلىرىمنىڭ بەربات بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي كۈچ - قۇدرىتىنى ئەمدىلا چۈشەنگەندەك بولۇۋاتىمەن. شۇ تاپتا سەن نەدە؟ نېمىلەرنى قىلىۋاتىسەن؟ خىيالىڭ نېمە؟ تېخىچە سوئاللىرىمغا جاۋاب تاپالمايۋاتىمەن. پەقەت ئۆزۈمنىڭ قاتتىق ئازابتا يۈرىكىمنىڭ چىدىغۇسىز ئېچىشىۋاتقانلىقىنىلا بىلىمەن. كىممۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىنى قەدىرلىمەيدۇ؟ كىممۇ ئۆزىنىڭ پاك سۆيگۈسىنى قەدىرلىمەيدۇ؟ بىلدىم، سەن... سەن قەدىرلىمەيسەن.

بۇ كۈنلەردە بۇنىڭدىنمۇ كۆڭۈللۈك ئەسلىمەم، بۇنىڭدىنمۇ تاتلىق خىيالىم، بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئازابىم يوق، ئەلۋەتتە...

ھېلىھەم چىدام بىلەن كۈلۈپ ياشاۋاتىمەن. بۇ ھەسرەتلىك كۆز ياش، دەرد - ئەلەملىرىمنى يوشۇرۇپ ياشاشقا مەجبۇر قىلىۋاتقىنى قىزلىق غۇرۇرۇم، ئىرادەم ۋە مەغرۇرلۇقۇم بولۇۋاتىدۇ.

قەدىرلىك «ئا»، بىلسەڭ، ھازىرمۇ سېنى سۆيىمەن. ئۆزۈمنىڭ بەكمۇ سەبىي، غەرەزسىز مۇھەببىتىم بىلەن سۆيىمەن. قەلبىمدىكى مۇڭلۇق ئارزۇ - ئىستەكلىرىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سۆيىمەن. ساڭا تەلمۈرىمەن. لېكىن يەنىلا ساڭا نەپرەتلىنىمەن. خورلانغان، قىزلىق غۇرۇرۇم بىلەن نەپرەتلىنىمەن، ئىچ - ئىچىمدىن ئۆكۈنىمەن.

بىلەمسەن، ساختىلىق، ئالدامچىلىق ئاشۇ ۋاپاسىزلىقىڭ تۈپەيلىدىن يۈرىكىمدە ساقايماس جاراھەتلەرنى قالدۇرغىنىڭنى. توۋا، ئويناپ - كۈلۈپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرگىنىڭگە... ھەي، نېمىدېگەن رەھىمسىز، نېمىدېگەن تاش يۈرەكتۇرسەن.

ئېسىڭدىمۇ: مەن مەڭگۈ ئۇنتالمايدىغان، سەنمۇ مەڭگۈ ئۇنتالمايمەن دېگەن ئاشۇ روزى ھېيتتا نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك كۈنلىرىمىز ئۆتكەن! سەن 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاتا - ئانام، مېنىڭ رازىلىقىمسىز تويۇمنى قىلىۋەتمەكچى بوپتۇ، ئەمما ماڭا ئىشەنگىن، ئاتا - ئانامنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلساممۇ يەنىلا ساڭا بەرگەن ۋەدەمدىن قەتئىي يانمايمەن. ۋاز كەچمەيمەن دېگەنىدىڭ. سۆزلىرىڭ ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان بولسىمۇ، گەپ - سۆز قىلمىغانىدىم. ئىچىمدە مېنى ياخشى كۆرگەچكە شۇنداق ئامالسىز قاپتۇ دەپ ئويلىغان، ئېيتقۇسىز سۆيۈنگەنىدىم. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سېنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر بارا - بارا ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. بەلكىم ئاتا - ئاناڭ سېنى توي قىلىشقا قايىل قىلغاندۇ؟ 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى (يەكشەنبە) كوچا ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ سەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. شۇ كۈنى سەن بىچارە قىياپەتتە «ئاتا - ئانامنى پەقەتلا

كۆندۈرەلمىدىم. ئۇلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلالماي، توي قىلىشقا قوشۇلدۇم» دېسەڭمۇ، ئىچ - ئىچىڭدىن چىقىۋاتقان خۇشاللىق ئەپت - بەشىرەڭنى ماڭا ئەينەن ئاشكارىلاپ قويغاندەك بولدى. شۇندىلا ئالدى - كەينىمگە قاراپمۇ قويماستىن يۈگۈرگەندەك كېتىپ قالدىم. مەنمۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىدەك ئىش قىلدىم. بىراق ئۆيگە بېرىپ كېلىمدىن غىزامۇ، سۇمۇ ئۆتمىدى. خامۇشلۇق، خاپىلىق ئىچىدە ياشىدىم. سېنى سانسىز قېتىم ئىزدەپ بارغۇم، كۆڭلۈمنى، ھېسسىياتىم ئالدىدىكى بىچارىلىقىمنى ئىزھار قىلغۇم كەلدى. لېكىن يەنىلا قىزلار ئاجىز كېلىدىكەنمىز. نۇمۇس كۈچىدىنلا سېنىڭ ئالدىڭغا قايتا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. شۇنداقتىمۇ سېنىڭ مېنى ئىزدەپ كېلىشىڭنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتتۈم.

مەن ئۆز بەختىمنى سەن بىلەن تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان ئاشۇ قىز ھەم سەن ئۈچۈن قۇربان قىلدىم. ئەزەلدىن ئوغۇللارنى چىرايلىق، پۇل - ماللىرى بار دەپ ئايرىمايتتىم، سېنىڭ ئۆزۈڭنى قەدىرلەپ ئۆز ئىززەت - نەپسىڭنى قوغداشتىكى غۇرۇرۇڭ، ئاق كۆڭۈل مىجەزىڭ مېنى تولىمۇ مەپتۇن قىلىپ، سېنى غۇرۇر، ۋىجدانلىق، مەغرۇر، ئىرادىلىك كۆرستەتتى. ئويلىماپتىمەن، سەندىكى ئاشۇ ۋىجدان، غۇرۇر دېگەنلەرنىڭ گۈزەل قىزنىڭ جىلۋىسى، ناز - خۇلقى ئالدىدا شۇنچە ئاسان ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىنى. . .

ئەرلەر قارىغاندا قەلب گۈزەللىكىدىن كۆرە چىراي گۈزەللىكىنى ئەۋزەل كۆرىدىغان ئوخشايدۇ. ساڭا ئېچىندىم. سېنى ياخشى كۆرۈپ، ھۆرمەتلەپ، سېنىڭ دەردىڭدە پارە - پارە بولۇپ كېتىشكە تاس قالغان يۈرىكىمگە ئېچىندىم.

قەدىرلىك «ئا» ، سەن ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىۋاتقان مۇشۇ مىنۇتتا كۆڭلۈمنىڭ بەكلا يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى، ۋۇجۇدۇمنى ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك چىرمىۋالغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئەتىگەندىن بېرى روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالار دەپ سىرتلارنى ئايلاندىم. دوستلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ چاقچاقلاشتىم، ئەمما ھەممە ئۇرۇنۇشلىرىم نەتىجىسىز بولدى. نېمىلا قىلماي، قەلبىمنى بىسىپ تۇرغان ئازابلاردىن، يۈرىكىمدە گۆركىرەۋاتقان قارا بوراندىن زادىلا قۇتۇلۇپ كېتەلمىدىم. سېنى كۆرۈشمۇ ھەم كۆرەلمەسلىكمۇ ئوخشاشلا ئازابلىق. ساڭا ئاتاپ خاتىرە يېزىشىممۇ شۇنداق. لېكىن نېمە ئۈچۈن يازىمەن؟ نېمە ئۈچۈن سېغىنىمەن؟ نېمە ئۈچۈن سېنى كۆرسەملا چىدىغۇسىز ھەسرەتتە قالىدىغان تۇرۇقلۇق دائىم سەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى تىلەپلا يۈرىمەن؟ بۇ ماڭا قاراڭغۇ، مېنى چۈشەنمەيدىغانلىقىڭنى، ھېسسىياتىمغا ھۆرمەت قىلمايدىغانلىقىڭنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ساڭا ئاتاپ خاتىرە يېزىۋاتىمەن. يۈرەك سۆزلىرىمنى ئىزھار قىلىۋاتىمەن. ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنى ئىپادىلەۋاتىمەن. . . مەندە نېمە چارە بولسۇن دەيسەن؟ كىشى پەقەت ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەنلا ھەقىقىي سىردىشالايدۇ. ئۇنىڭغا خاپىلىقىنى، خۇشاللىق، ھال - مۇڭىنى ئېيتالايدۇ. مېنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەن، كۆزۈڭگە سەت كۆرۈنۈپ، سېغىنماس بولۇپ قالغان بولساڭمۇ «بۇنداق ئويلاشتىن ئۆلگۈدەك قورقىمەن» ، يەنىلا سېنى ياخشى كۆرىمەن، ھېلىمۇ ئەڭ يېقىن ئادىمىم دەپ قارايمەن.

شۇ تاپتا مۇھەببىتىم ئوتى قەلبىمنى ئۆرتەۋاتىدۇ. ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىۋاتىدۇ، ئۆز - ئۆزۈمنى تىزگىنلىيەلمىگەن ھالدا ساڭا ئىنتىزار بولۇۋاتىمەن. قانداق قىلاي ئەمدى؟ ئايىغىڭغا يىقىلىپ مېھىر - شەپقەت تىلەيمۇ؟ ياق، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ماڭا ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر كېلىدۇ. ماڭا مۇھەببەت كېرەك، ساپ ھەقىقىي مۇھەببەت كېرەك! ساختا مېھىر - شەپقەت، مۇھەببەتنىڭ لازىمى يوق! مەن مۇھەببەتنى قەدىرلەيمەن. ئاجايىپ نازۇك ھېسسىيات، پاك تۇيغۇلىرىم، نۇرغۇن ۋاقىت، ئەقىدەم سىڭگەن ھەقىقىي مۇھەببىتىمنى قەدىرلەيمەن. بىراق ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇشنى، قۇلى بولۇپ ئەخمەقلەرچە ياشاشنى خالىمايمەن. مەن ئۆز - ئۆزۈمگە، سەن ئىلگىرى تولىمۇ قىزغىن، ئىرادىلىك، غايىلىك، خۇشخۇي قىز ئىدىڭ. ئەمدىلىكتە چۈشكۈنلۈك، دەردتىن قۇتۇلالماي كۈن بويى قىينىلىۋاتىسەن، ئەجەبا سېنىڭ ياشاشتىكى مەقسىتىڭ پەقەت بىر يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە، قەدىرلىشىگە ئېرىشىش ئۈچۈنلىمۇ؟ ياخشى بىر ھەمراھقا ئىگە بولۇپ بەختلىك تۇرمۇش قۇرۇۋېلىش ئۈچۈنلىمۇ؟ دۇنيادا بەختكە ئېرىشىشنىڭ يوللىرى كۆپقۇ،

سەن نېمانچە ئاجىز، نېمانچە ئىرادىسىز. ئۆزۈمنى شۇنداق ئەيىبلىدىم. بۇنىڭ بىلەن ئازراق بولسىمۇ تەسەللى تاپقاندەك بولدۇم.

قەدىرلىكىم «ئا»، راستىمنى ئېيتسام، بۇ زەربە - مۇھەببەت زەربىسى. تۇرمۇشتا يولۇققان بارلىق زەربىلىرىم ئىچىدە ئەڭ ئېغىر، ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ رەھىمسىز زەربە بولدى. بۇ زەربە مېنى چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پاتقۇزماقچى، بۇ زەربە مېنى بارلىق تۇرمۇش لەززەتلىرىدىن مەھرۇم قىلماقچى، بۇ زەربە مېنىڭ تۇرمۇشقا، ھاياتقا بولغان ئىشەنچىمنى يوقاتماقچى، بىرقىسىم ياشلارغا ئوخشاش ھاياتىمدىن ئايرىماقچى بولدى. ياق! بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. زادىلا مۇمكىن ئەمەس، مەن چىدايمەن، ھەممىسىگە چىدايمەن، جەزمەن بەرداشلىق بېرىپ دۈشمەنلىرىم ئالدىدا مەغرۇر ياشايمەن.

بىرنەچچە ھەپتە بولدى. خاتىرە يېزىش بىلەن ئۆتتۇم. كۈنلىرىم ئالدىراش، مەنىلىك ئۆتتى. لېكىن خۇشال، خاتىرجەم ئۆتتى دېسەم يالغان سۆزلىگەن بولىمەن. قەدىرلىكىم «ئا»، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ياشلىرىمىز ھاياتىدىكى تۇنجى مۇھەببىتى بىلەن ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن بۇ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغانلار زادى قانچىلىك؟ ناھايىتى ئاز ساندا بىرقىسىم ۋىجدانلىقلار شۇنداق قىلىدۇ. بىراق كۆپلىگەن ۋىجدانسىزلار، ۋىجدانىنى پۇل، مال، چىرايغا، ھوقۇق، نوپۇز، ئابرۇيغا تېگىشىدىغانلار ئۇنداق قىلالمايدۇ. ئاقىۋەتتە ئاشۇ چىراي، مال - دۇنيا، ئابرۇيلار ئۇنى بەختسىز قىلىپ قويىدۇ.

ھازىر ياشلىرىمىز ئارىسىدا ساختا مۇھەببەت، بىر - بىرىنى ئالداشلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ كەتتى. بۇنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت پاجىئەلىرى بولۇپ ھېسابلانامدۇ؟ ساختا مۇھەببەتنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ بۇ ھازىرقى ياشلىرىمىزنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىغا تېگىشلىك بىر مەسىلە. مۇھەببەت پاجىئەلىرىگە كىم سەۋەبچى؟ بەربات بولۇۋاتقان سۆيگۈلەر، ئىسراپ بولۇۋاتقان ۋاقىتلار، پۇشايمان ئوتىدا يۈرىكىمدەك پۇچىلىنىۋاتقان يۈرەكلەر نېمىشقا كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ كېتىدىغاندۇ؟

قەدىرلىك «ئا»، ھازىرقى مۇشۇ مىنۇتتا سېنى كەچۈرۈشنى ياكى سەندىن نەپرەتلىنىشنى زادىلا بىلمەيمەن. ھەرھالدا سېنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سۆزلىشىپ قېلىشنى، كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. سەندىن ھېچ نەرسەمنى يوشۇرماسلىقنى ھېسسىياتىمدىكى ھەر بىر ئۆزگىرىشكىچە ئېيتىپ بېرىشنى، بارلىق شادلىق - غايغۇلىرىمنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئىزھار قىلىشنى خالايتتىم. قىسقىسى، سەندىن تېخىچە ئۈمىد ئۈزمىگەنىدىم. بۈگۈن پەقەت «يەكشەنبە كۈنى» سەندىن ئاخىر ئۈمىد ئۈزدۈم.

قەدىرلىكىم «ئا»، سەن نەدە؟ . . . ئەمدى بىلدىم، مەن ئالدىڭدا ھېچنەرسىگە ئەرزىمەس قىز ئىكەنمەن. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمچە تاتلىق خىياللاردا بوپتىمەن. ساڭا داۋاملىق ئىنتىلىپتىمەن. سېنى يەنىلا ياخشى كۆرۈپتىمەن. سەندىن يەنىلا ئۈمىد كۈتىمەن. مەن نېمىدېگەن ئەخمەق، نېمىدېگەن دۆت - ھە! مېنىڭ ئۆزۈڭنى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى تا بۈگۈنگە قەدەر ياخشى كۆرۈپ كەلگىنىمنى زادىلا بىلمىگەن ھەم چۈشەنمىگەنىكەنسەن، چۈشەنسەڭمۇ پەرۋا قىلمىدىڭ، چۈنكى قەلبىڭ بۇرۇنلا بۆلۈنۈپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟

سەن مېنى زۆرۈر بولمىغان نەرسەڭنى تاشلىۋەتكەندەكلا تاشلىۋەتتىڭ. مانا ئەمدى مېنى تامامەن ئۇنتۇپسەن. راستىنلا ئۇنتۇپسەن. . .

قەدىرلىكىم «ئا»، سېنى كېيىنچە مېنى چوقۇم ئىزدەپ كېلىدۇ دەپ ئويلايتتىم. ئەمدى چۈشەندىم، سەن مېنى زادىلا ئىزدىمەيدىكەنسەن. مېنى ئىزدىشىڭمۇ، ياخشى كۆرۈشىڭمۇ مۇمكىن ئەمەسكەن.

بۇ ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ چۈشەندىم، نېمىشقا دائىم سېنى ئاقلاپلا كەلدىم؟ سېنىڭ بۈگۈنكى روھىي ھالىتىڭدىن مەنلا ئەمەس، پۈتكۈل چىن سۆيگۈ ئىگىلىرى، ھەقىقىي مۇھەببەت قەلبلىرى يىرگىنىدۇ، نەپرەتلىنىدۇ.

بولدىلا، ئۆتكەن ئىشلار كەتتى. ئەمدى سەن ئۈچۈن داۋاملىق خاتىرە يېزىشنى ۋاقىت ئىسراپ قىلىش دەپ قارايمەن. ھېلىغىچە يازغانلىرىممۇ يېتەر. مەن ئەمدى ئۆز ئەجرىم، ھالال مېھنىتىم ئارقىلىق ياشاپ، بۇرۇنقى ئىسراپ بولغان ۋاقىتلىرىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ مەغرۇر ياشايمەن. سېنىڭ يەنە مېنى ئاۋارە قىلىشىڭنى پەقەتلا خالىمايمەن، ئەلۋىدا ئاھ ياشلىق، ئەلۋىدا مۇھەببەت! ئەلۋىدا ئاچچىق ساۋاقلار. ئەلۋىدا تاتلىق - شېرىن كۈلكىلەر، ئەلۋىدا مېنىڭ سەبىي سۆيگۈم، ئەلۋىدا مېنىڭ ئۇنتۇلماس ئاشۇ كۈنلىرىم، ئەلۋىدا. . . ئەلۋىدا!



# ياتلىق بولۇش

(ھېكايە)

ئابلەت قۇربان

تۇرسۇن دادىسىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئانىسىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، تۇرسۇن ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى تۈگەپ كېتىپتىكەن. ئائىلىدە پەقەت ئانىسى، ئاچىسى، تۇرسۇنلا بار ئىدى. تۇرسۇننىڭ ئۆيى ناھىيە بازىرىدىن 80 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سايلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان خىلۋەت، چەت مەھەللىدە ئىدى. مەھەللىدە بار - يوقى 20 نەچچە ئائىلىلىك بار ئىدى. كىشىلەر بىر - بىرىنىلا ئەمەس، ھەتتا كىمنىڭ نەچچە قوي - كالىسى بارلىقىدىن تارتىپ ھەممىسىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىشەتتى. مەھەللە ناھىيە بازىرىدىن چەتتە بولغاچقىمىكىن، يىللاپ - يىللاپ مەھەللىگە سىرتتىن ناتونۇش ئادەم كەلمەيتتى. بىرەر ناتونۇش ئادەم كېلىپ قالغۇدەك بولسا كىشىلەر خۇددى تاشقى پىلانىت ئادىمىنى كۆرگەندەك ھەيران قېلىشاتتى. شۇ كۈنلەردە مەھەللىگە 27 - 28 ياشلار چامىسىدىكى ناتونۇش بىر يىگىت كېلىپ قالدى. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ تۇرسۇننىڭ ئارىتام قوشنىسىنىڭ شەھەردىكى تۇغقىنى ئىكەن، ئۇلارنى ئالاھىدە يوقلاپ كەپتۇ. بۇ ئىش نەچچە كۈن ئۆتمەي مەھەللىدىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. تۇرسۇن ئەتىگەنلىكى مەكتەپكە بېرىپ، كەچتە كېلىپ قوي - كالىلىرىنى بېقىپ يۈرگەچكە بۇ ئىشقا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىش ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتسىز ئىدى.

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان تۇرسۇننىڭ ئارىتام قوشنىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە تولا كىرىدىغان بولۇپ قالدى. تۇرسۇن دەسلەپ بۇ ئىشقا ئانچە ئېرەن قىلمىغانىدى، لېكىن كېيىن بۇ ئىش ئۇنىڭغا سەل بىنورمالدەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىر شەپىنى، بەلكى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولدى. ئۇ بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلدى. نەچچە كۈن ئۇنىڭ كۆڭلى ئازراق ئەنسىزلىك ئارىلاشقان بىسەرەمجانلىق ئىچىدە ئۆتتى. «شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟!» بۇ سوئالنى ئۆزىگە تالاي قېتىم قويدى. ئۇنىڭغا بۇ ئىش پەقەت مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتەك تۇيۇلاتتى. مۇشۇنداق چاغدا ئۇ ئۆزىنى كۆڭلى ئارامغا چۈشۈپ يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. تۇرۇپلا يەنە ھېلىقىدەك خىيال كۆڭلىدە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەيتتى. تۇرسۇن مۇشۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىنلىكىنى ئالدىن پەرەز قىلغان بولسىمۇ، ئانىسىدىن ئاڭلىغاندا يەنە ھەيران قالدى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامى پۈتۈنلەي بۇزۇلدى. تۇرسۇن قانداقتۇر بىر قىممەتلىك نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغاندەك ئۆزىنى تولىمۇ كۆڭۈلسىز ھېس قىلدى. ئاچىسى ھېلىقى يىگىتكە ياتلىق قىلىنماقچى ئىدى. بۇ ئىش شۇنداق ئۇشتۇمتۇت، تاسادىپىي تۇيۇلدى. ئۇ بۇ ئىشنى پەقەت مۇمكىن بولمايدىغاندەك سېزەتتى، ئاچام قوشۇلماسلىقى مۇمكىن دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ ئېڭىدا ئاجايىپ غەلىتە، ئەقىلغە سىغمايدىغان بىر خىل تۇيغۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېڭىچە بولغاندا توي ئىشى ناھايىتى نومۇسلۇق،

ئۇياتلىق ئىش ئىدى. يۈزى تۆۋەن، تارتىنچاق ئاچىسىغا بۇنداق نومۇسلۇق ئىشنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئەمەس، ھەتتا ئالدىدا ئېيتىشمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتەك تۇيۇلاتتى.

تۇرسۇننىڭ كۆز ئالدىدا 27 ـ 28 ياشلار چامىسىدىكى تەمبەل، تەتۈر ئۇستىخان، يۈزلىرىنى دانىخورەك قاپلاپ كەتكەن ھېلىقى يىگىتنىڭ قىياپىتى گەۋدىلەندى. تۇرسۇن ئۇ يىگىت بىلەن بىرەر ئېغىز پاراڭلىشىپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يىگىت ئۇنىڭدا ياخشى تەسىرات قالدۇرمىدى. ئۇ ھېلىقى يىگىتنى ئاچىسىغا لايىق كەلمەيدىغاندەك سېزەتتى. ئۇ بىردىنبىر قېرىندىشى بولغان ئاچىسىنى تولۇق چۈشىنەتتى. ئاچىسى شۇنچىلىك ياۋاش، شۇنچىلىك تارتىنچاق ئىدى. تۇرسۇن «دۇنيادىكى ئەڭ ياۋاش ئادەممۇ ئاچامنى بوزەك قىلالايدۇ» دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ ئارزۇسىچە بولغاندا، ئاچىسى بىلەن توي قىلىدىغان ئادەم قانچىلىك نامرات، كۆرۈمسىز بولسىمۇ مەيلى، لېكىن قويدەك ياۋاش، مۇلايىم، ئاچىسىنىڭ كۆڭلىگە پەقەت ئازار بەرمەيدىغان باغرى يۇمشاق ئادەم بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشەتتى. لېكىن ئۇ ھېلىقى يىگىتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا باشقىچە بولۇپ قالاتتى. ئۇ، بۇ يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل قوپاللىق، شەپقەتسىزلىك، باغرى تاشلىقنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرگەندەك بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرسۇن شەھەرلىكلەرنى ياقتۇرمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى كۆرەڭ ئىدى. ئۇ ئۆزىدە قاچاندىن باشلاپ، نېمە سەۋەبتىن مۇشۇنداق تۇيغۇنىڭ شەكىللىنىپ قالغىنىنى بىلمەيتتى. تۇرسۇن قانچىلىك ئازاب ـ ئوقۇبەتكە، مۇشكۈللۈككە قېلىشقا رازىكى، لېكىن ئاچىسىنىڭ بىر تامچە ياش تۆكۈشىگە يۈرىكى چىدىمايتتى. ئۇ ئاچىسىنى شۇقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئەمدى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ قانداقتۇر بىر سەۋەب بىلەن بۇ توينىڭ بۇزۇلۇشىنى شۇنچىلىك خالاپ قالدى. «ئاچام قوشۇلمىسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئاچام بىلەن كۆرۈشۈپ باقسام قانداق بولار؟ ! » ئۇ ئاچىسى بىلەن كۆرۈشۈشنى، ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئاچىسىغا ئېيتىشنى ئويلىدى. لېكىن جۈرئەت قىلالمىدى. مۇشۇ گەپ چىققاندىن بېرى ئاچىسى بىلەن بىرەر ئېغىزمۇ پاراڭلىشىپ باقمىدى. ئۇچرىشىپ قالسىمۇ ئاچىسىمۇ، ئۇمۇ ئۆزلىرىنى بىر خىل ئوڭايسىز ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. «ئاچام قوشۇلماسلىقى مۇمكىن». بۇ ئوي ئۇنىڭ ئۈمىد نۇرى ئۆچكەن قەلبىنى ئازراق يورۇتىپ، تەسەللىي بېرىۋاتاتتى. ئۇ تۇرۇپلا يەنە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ناھايىتى ئەخمىقانە، بىمەنە خىيالدەك ھېس قىلىپ قالدى. چۈنكى بۇ يەردە قىزلار ئەمدىلا 15 ـ 16 ياشلارغا كىرىپ ياشلىقنىڭ نېمىلىكىنى، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئەمدىلا باش كۆتۈرۈۋاتقان نازۇك، شېرىن، كىشى قەلبىنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان ھېس ـ تۇيغۇنىڭ نېمىلىكىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ئۆزىنى باشقا بىر ئەرنىڭ قولىدا كۆرەتتى. شۇنداق ئىكەن، 17 ياشقا كىرگەن بىر قىزنىڭ توي قىلىدىغانلىقىدىن گۇمان قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ! ئۇ تۇرۇپلا يەنە مۇشۇنداق ئويغا كېلىپ قالدى. لېكىن تېزلا بۇ ئويىدىنمۇ ۋاز كەچتى. ئۇ يەنىلا ئازابلىق، زىددىيەتلىك خىياللارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىدى. ھېلىقى يىگىتنىڭ يوغان، تەتۈر ئۇستىخان قىياپىتى بىلەن ھەدىسىنىڭ نازۇك، زىلۋا قىياپىتىنى سېلىشتۇرسىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىمۇ تازا چۈشىنىپ كەتمەيدىغان ئازابلىق، يېقىمسىز تۇيغۇ چۇلغىۋالاتتى. ئۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ئاچىسىغا يىراقتىن دىققەت قىلىپ قارايدىغان، بىرەر ئۆزگىرىش بار ـ يوقلۇقىغا سەپسالىدىغان بولۇپ قالدى. ئاچىسى ئۇنىڭغا مۇڭلىنىپ قالغاندەك، كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر دەردى باردەك تۇيۇلاتتى. بىر كۈن ئۆتسە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمان، ئىزتىراپ، پاراكەندىچىلىكمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا كۈچىيىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ ئاچىسىنى ئازابلىق، مۇشكۈل كۈنگە قالغاندەك، بىراق ئۆزى قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلالماي ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندەك سېزەتتى.

ئۇنىڭ «بۇ توي بولمىسىكەن» دېگەن ئارزۇيىمۇ كۆپۈككە ئايلاندى. تۇرسۇننىڭ ئارىتام قوشنىسى ئۆز ئۆيى بىلەن تۇرسۇننىڭ ئۆيى ئوتتۇرىسىدا موكىدەك قاتناپ يۈرەتتى. ئۇچرىغانلا كىشىگە:

ـ ئايزىمگۈلگە ئامەت كەلدى، بېشىغا بەخت قۇشى قوندى، دىلمۇراتجاننىڭ ئاتىسى شەھەردە چوڭ باشلىق، ھايتلا دەپ قويىدىغان بولسا قوڭغۇز پىكاپ دېگەن ئىشىكنىڭ ئالدىغا يېغىپ كېتىدۇ، ـ دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈرەتتى.

تۇرسۇننىڭ ئائىلىسىگە ئۈمۈر بويى قايتۇرۇپ بولغۇسىز مېھرى ـ شەپقەت ياغدۇرغاندەك كۆرەڭلەپ يۈرەتتى. ئارىلىقتا شەھەردىن

ئىككى كىچىك ماشىنىدا 7 - 8 ئادەم چىقتى. ئاڭلىشىچە ھېلىقى يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىكەن. تويىنىڭ ۋاقتىمۇ بەلگىلىنىپ بولغانىدى. دېمەك، ئەڭ ئاخىرقى خىرە ئۈمىد نۇرىمۇ ئۆچكەنىدى. ئۇ ئاچىسىنىڭ بۇ تويغا قوشۇلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. لېكىن توي تەييارلىقىغا ھەممەيلەن جىددىي كىرىشىپ كەتكەنىدى. تۇرسۇننىڭ ئاچىسىنىڭ نېمىدەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى بەكمۇ بىلگۈسى بار ئىدى. ئاچىسىنىڭ پىكرىنى ئالماي مەجبۇرىي مۇشۇنداق بېكىتىلگەنمىدۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا بىرنېمە دەپ ھۆكۈم قىلالمىدى.

ئۆگۈنلۈككە توي دېگەن كۈنى تۇرسۇن مەكتەپتىن سوراپ كەلدى. ئۇ ئۆزى قىلالايدىغان ھەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ياردەملەشتى. ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلدى. توي ھازىرغىچە بۇ مەھەللىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ھەشەم، داغدۇغا ۋە قىقاس - چۇقانلار ئىچىدە ئۆتكۈزۈلدى. تۇرسۇن ئەتىگەندىن باشلاپلا قازان بېشىغا قاراشتى. قولغا سۇ بېرىش، ئاش تۇشۇش ۋە باشقا يۈگۈر - يېتىم ئىشلارغا باشچىلاپلا كىرىپ كەتتى. ئەتىگەندە ئەرلەر ئۇزاپ بولۇپ، ئۇ خېلى ئارام تېپىپ قالغاندەك بولدى. تويىنى چۈشتىن كېيىنلا كۆچۈرمەكچى ئىدى. سەۋەبى، بۇ يەر بىلەن ۋىلايەت مەركىزىنىڭ ئارىلىقى 150 - 160 كىلومېتىر كېلەتتى. ئىشىكنىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويۇلغان بىرنەچچە كىچىك ماشىنا ھەر خىل رەڭدىكى لاتا، گۈللەر بىلەن چىرايلىق زىننەتلەنگەنىدى. تۇرسۇن قىلغۇدەك باشقا ئىشمۇ قالمىغانىدى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە كۆڭلى بىسەرەمجان ھالدا تۇراتتى. تويىنى كۆچۈرمەكچى بولسا كېرەك، ھويلىدىكىلەر ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ ئۆرە - تۆپە بولۇشتى. نۇرغۇن ئادەملەر ۋە ئۇششاق باللار ھويلىنىڭ ئالدىغا يىغىلىۋېلىشقانىدى. چەتتىكى ئۆيدىن يۈزىگە چۈمبەل يېپىلغان تۇرسۇننىڭ ئاچىسىنى ئېلىپ چىقىشتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئۇلار توختاپ قېلىشتى. تۇرسۇن دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇردى. تۇرسۇننىڭ ئاچىسى ئاۋۋالقىدىن سەل ئېگىزلەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئارىتام قوشنىسى ئۇنىڭ ئاچىسىغا بىرنېمىدەپ پىچىرلىدى. قوشنا ئاياللاردىن ئىككىسى كېلىپ بىرنېمە دېيىشتى. ئۇلار قانداقتۇر بىر گەپنى ئۆتكۈزەلمىگەندەك بېشىنى چايقاشتى. راست، تۇرسۇن بىرنېمىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ تويلا بولسا تويى بولغان قىزنىڭ خۇددى ئۆلۈمگە ئېلىپ ماڭغاندەك ھۆ تارتىپ يىغلىغىنىنى كۆرگەنىدى، لېكىن ئاچىسى ئىپادىسىز بىر خىل ھالەتتە تۇراتتى. بىرنەچچە ئايال ئەجەبلەنگەندەك كۆز بېقىشىۋالدى. تۇرسۇننىڭ ئېڭىدا چىگىش يىپتەك مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك خىياللار لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئاچىسىغا قاراپ تۇردى. ئاچىسى بىرنەچچە قىزنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەڭ چىرايلىق بېزەلگەن كىچىك ماشىنىنىڭ يېنىدا توختىدى. شۇ ئارىلىقتا تۇرسۇننىڭ ئانىسى پەيدا بولدى، تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققان، قاقشالدەك ئورۇق، گۆشسىز قوللىرى بىلەن قىزىنى باغرىغا باستى، پېشانىسىدىن سۆيدى. شۇ ئارىلىقتا چاقچاقلىق بىلەن بىرى ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئاچىسى ئىككى قەدەم چامدىدى، تۇساتتىن توختاپ كەينىگە ئۆرۈلدى، شۇنداق بىر جۈرئەت بىلەن يۈزىگە يېپىلغان چۈمبەلنى ئېلىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزى بىرىنى، بەلكى كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن ئىنىسىنى ئىزدەيتتى. ئاچىسىنىڭ كۆزى ئۆزىگە تىكىلىشى بىلەن تۇرسۇن ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى. تۇرۇپلا يەنە بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ كۆزى ئاچىسىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. يۈرىكى جىغىدە قىلىپ، پۈتۈن بەدىنىگە مۇزدەك سوغۇق ئېقىم تاردى. ئاچىسىنىڭ قويۇق قوشۇما قاشلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان كۆزلىرىدە لىققىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئىتتىك ئاچىسىنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولدى، لېكىن پۇتى مىخلاپ قويغاندەك قىمىرلىمايتتى. ئاچىسى بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك ئېغىزىنى ئۆمەللىدى، لېكىن ھېچنېمە دېيەلمىدى. قانداقتۇر دېمىسە بولمايدىغان بىر گېپى باردەك لەۋلىرى تىترەيتتى. ئۈمىدلىنىپ ئالدىغا بىر قەدەم چامدىدى، بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى يەنە ئۆمەللىدى. . . شۇ ئارىلىقتا كۆز چانىقىغا سىغمىغان ياش مەڭزىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشتى. . . ئاخىردا نېمە ئىش بولغانلىقىنى تۇرسۇن ئاڭقىرالمىدى. پەقەت شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىدىكى كىچىك ماشىنىنىڭ قوزغالغان ئاۋازىنى غۇۋا ئاڭلىغاندەك بولدى. . .

بۇ كىچىككىنە كۆرۈنۈش ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ روھى تېنىدىن ئاجراپ

كەتكەندەك ئەقلى ھېچنېمىگە ئىشلىمەيدىغان، گاراڭ، خاراموش بولۇپ قالدى. ئۇ ئەقلىنى بىلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاچىسى بىلەن بىرەر قېتىممۇ ئۇرۇشۇپ قالغىنىنى ئېسىگە ئالالمايتتى. ئۇلار شۇنداق ئىناق ھەم بىر - بىرىدىن تارتىنغاندەك پەدىشەپ بىلەن ئۆتەتتى. جاھاندا قانداق ئىش يۈز بەرسە بەرسۇن، ئاچىسى ئۆز تۇرمۇشىدا بىر تامچىمۇ ياش تۆكمەسلىكى كېرەك ئىدى. لېكىن ئىش دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. ئاچىسىنىڭ كۆز چانىقىغا لىققىدە تولغان ياش ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز چوڭقۇر دەرد - ئەلەمنى ئىپادىلەپ بېرىۋاتقاندەك ئازابلىق ئىدى. تۈنۈگۈن كۆچۈرىدىغان ۋاقىتتا ئەگەر ئاچىسى باشقا قىزلاردەك چوقان سېلىپ، ھۆ تارتىپ يىغلىسا بۇ ئۇنىڭغا ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ بۇنى رەسمىيەت ئۈچۈن دەپ چۈشەنگەن بولاتتى. ئاچىسى ياۋاش بولسىمۇ، لېكىن چىدىماس يىغلاڭغۇلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ھازىرغىچە ئاچىسىنىڭ بىرەر قېتىممۇ يىغلىغىنىنى كۆرمىگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئاچىسىنىڭ ھېلىقى قىياپىتى دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ يۈرىكىنى ئازابلايتتى. ئەنە، ئۇ توساتتىن توختىدى، كەينىگە ئۆرۈلۈپ بىرىنى ئىزدىدى. ئۇنىڭ كۆزى تۇرسۇنغا چۈشتى، كۆز چانىقىدا پىلىق - پىلىق ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇ بىرنېمە دېمەكچى بولدى، لەۋلىرى يېنىك تىترىدى... لېكىن بىرنېمە دېيەلمىدى... كۆز چانىقىغا سىغمىغان ياش مەڭزىنى بويلاپ شۇررىدە سىرغىپ چۈشتى... ئاچىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى قىياپىتى ئۇنىڭغا شۇنداق ئېچىنىشلىق، ئازابلىق تۇيۇلدى. ئۇ ئايرىلىش ئالدىدا ئاچىسىنىڭ بىرەر ئېغىز سۆزىنى ئاڭلىيالمىغىنىغا شۇنداق ئۆكۈندى. ئاچىسى ئۇنىڭغا بىرنەرسىنى تاپىلىماقچىمۇ؟ ياكى بىرنەرسىنى ئۆتۈنمەكچىمۇ؟ ئۇ ئاچىسىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلدى: «ئۆي ساڭا قالدى، يالغۇز ئانامنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئانامغا ئوبدان قارا!» ئۇ تۇرۇپلا يەنە ئاچىسىنىڭ ئازابلىق ھالىتىدىن باشقا بىر مەنە ئىزدەيتتى، ئاچىسى ئازابلانماقتا، يۈرىكى يىغلىماقتا، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى دەردنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى لەختە - لەختە قان بولدى. ئۇنى ھېچكىم قۇتۇلدۇرالمايدۇ. بارلىق دەردنى ئۆزۈم تارتاي، ئۇنىڭ كۆزىگە يىغا ئولاشتى. راست، مېنىڭ بىر قېرىنداش ئىنىم بارغۇ؟! نېمىشقا ئۇنىڭغا دەردىمنى تۆكمەيمەن؟! ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ باقمايمەن؟!

تۇرسۇن ئاچىسىنىڭ ھېلىقى ۋاقىتتىكى ھالىتىنى مۇشۇنداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلدى. يۈرىكىنى ئۆرتەيدىغىنىمۇ مۇشۇنداق تەسەۋۋۇر ئىدى. مۇشۇنداق تەسەۋۋۇر قىلسىلا ئۆزىنى ئاچىسى ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلالمىغاندەك ئازابلىق سېزەتتى.

تۇرسۇن ئەسلىدىنلا خىيالچان ئىدى. ھازىر تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ھېچقانداق ئادەمگە ئارىلاشقۇسى كەلمەيتتى، ھېچقانداق ئىشقا قولى بارمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ تولۇقسىز ئۈچىنچى يىللىقتا چىققاندىن بېرى تېخنىكوم ئىمتىھانى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى تەييارلىق قىلغانىدى. لېكىن يېقىنقى بىرنەچچە كۈن پۈتۈنلەي بىكار ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە ھېچقانداق ئارزۇ - ئىستەك قالمىغاندەك، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز قىممىتىنى يوقاتقاندەك بىلىنەتتى.

تۇرسۇن مەكتەپتىن بالدۇرلا ياندى. چۈنكى ئانىسى يېگىت تەرەپ ئۆتكۈزىدىغان تويغا قاتنىشىش ئۈچۈن شەھەرگە كىرمەكچى ئىدى. ئۆيگە قاراش، چارۋىلاردىن خەۋەر ئېلىش ئۇنىڭغا قالغانىدى. ئۇ مەھەللىدىكى بالىلاردىن ئايرىلىپ يول بىلەن ئەمەس، ئېتىزلىقنىڭ قىرى بىلەن ماڭدى، مەقسەت - يولنى قىسقارتىش ئەمەس، ئادەملەردىن قېچىش ئىدى. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ خىيال سۈرۈشىگە ھېچكىم دەخلى قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئېڭىدا پەقەت «ئاچام نېمە دېمەكچى بولغىيتتى؟!»، «ئاچام قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ؟!» دېگەن ئىككى سوئال لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇ، بۇ سوئالنى تالاي قېتىم تەكرارلىدى، تالاي قېتىم يەنە ئۆزى جاۋاب بەردى. لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسى - جاۋابى ئازابلىق ئىدى. ئۇ ئۆزىنى نەچچە قېتىم ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاشقا مەجبۇرلاپ باقتى، لېكىن ئېڭىغا سىغدۇرالمىدى. دائىم كۆز ئالدىغا ئاچىسىنىڭ قان يىغلاۋاتقان، يۈرىكى ھەسرەت، خورلۇق، ھاقارەت بىلەن توشۇپ كەتكەن ئېچىنىشلىق قىياپىتى گەۋدىلىنىپ يۈرىكىنى ئازابلايتتى. ئۇ يېقىنقى بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۆزىنى گويا ئاچىسى ئۈچۈنلا تۆرەلگەندەك، ئاچىسىنىڭ خۇشاللىقى، بەختى ئۈچۈنلا ياشاۋاتقاندەك، لېكىن ھازىر بۇنداق ھالەت ئاياغلىشىپ ھەممە نەرسە ئۆز قىممىتىنى يوقاتقاندەك سېزەتتى. بېدىلىكتىن پۈررىدە

بىرنېمە ئۇچۇپ چىقتى. ئۇ دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى. توختاپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى، ئۇ خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ مەھەللىدىن بىرنەچچە يۈز مېتىر ئۇزاپ كەتكەنىدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلدى.

ئانىسى چارۋىلارغا ئوت تاشلاپ بېرىۋاتاتتى. تۇرسۇن باشقا گەپ - سۆز قىلماي ئۇدۇل ئۆزى ياتىدىغان ئايرىم ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بوقچىسىنى تاشلاپ قويۇپ سۇپىغا چىقتى. ئۇدۇل تامغا يۆلەپ يىغىپ قويغان ئۆزىنىڭ يوتقان - كۆرپىسىگە يۆلىنىپ تورۇسقا تىكىلىپ ياتتى. بۇ ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالدى. ھەر كۈنلۈكى مەكتەپتىن كېلىپلا ھېچنېمە بىلەن كارى يوق ئۇدۇل مۇشۇ ئۆيگە كىرەتتى - دە، تورۇسقا تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. باشقا كۈنگە قارىغاندا بۈگۈن ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى بەكرەك تۆۋەن ئىدى. ئارىلىقتىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئانىسى كىردى. نېمە بولغانلىقىنى سورىدى. ئۇ: «ھېچ ئىش يوق» دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقىدى. ئانىسى ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ بىر ئىشتىن سەل ئەنسىرىگەندەك بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ تورۇسقا تىكىلگەنچە خىيال سۈرۈپ ياتتى. ئارىلىقتىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئانىسى يەنە كىردى. تاماق پىشقانلىقىنى، تاماق يەۋېلىشنى ئېيتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ گېپىگە جاۋاب قايتۇرماي، ئۈندىمەي ئىپادىسىز بىر خىل ھالەتتە تورۇسقا تىكىلگىنىچە يېتىۋەردى. ئانىسى گېپىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. ئانىسىغا باشقا گەپ قىلماي باش ئىشارىسى ئارقىلىق «چىقىپ كەت» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىدى. ئانىسى سەل خاتىرجەمسىزلەنگەندەك بولدى. بىرنېمە دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن ئوغلىنىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسى ۋە باشقا كۈندىكىگە ئوخشىمايدىغان ھالىتىنى كۆرۈپ بىرنېمە دېيىشنى بىئەپ كۆردىمۇ، باشقا گەپ قىلماي كەينىگە قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. تۇرسۇن ئۆزىنى ئاجايىپ بىر خىل ھالەتتە ھېس قىلاتتى. كاللىسى چىگىش، مۇرەككەپ، ئازابلىق خىياللار بىلەن توشۇپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. بىر قارىسا روھى تېنىدىن ئاجراپ چىقىپ كەتكەندەك، كاللىسىدا ھېچنېمە يوق قۇرۇقدىلىپ قالغاندەك سېزەتتى. كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۆيدىكى نەرسىلەر بارا - بارا خىرە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. پۈتۈن جاھان ئۇيقۇغا كەتكەندەك ئەتراپ تىمتاس ئىدى. كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغان بىردىنبىر نەرسىمۇ جىمجىتلىق ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى تورۇسقا تىكىلدى. بۇرۇن ئۇيقۇسى قاچقان ۋاقىتلاردا ھەر بىر رەتتىكى ۋاسلارنى بىر - بىرلەپ ساناپ چىقاتتى. تولا ساناپ يادا بولۇپ كەتكەنىدى. بىراق ھازىر ئۆيگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ بىرنەرسىنى پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ كەتتى. ئۇ قەلبىنىمۇ قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتكەندەك ئۆزىنى ئەنسىز ۋە پاراكەندە سەزدى. تۇساتتىنلا تورۇستا ئىنتايىن ئاجىز ئىككى نۇر توچكىسى پەيدا بولغاندەك بولدى. ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. «تۇيغۇلىرىم ئالداۋاتامدۇ نېمە؟!» دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ تورۇستىن كۆز ئۈزمىدى. نۇر توچكىسى شۇنداق ئاجىز ئىدى. لېكىن ئۇ ئېنىق كۆردى. نۇر توچكىسى ئۇنىڭغا بارا - بارا روشەنلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇمۇ كۆزىنى ئۈزمەي مىختەك تىكىلىپ تۇردى. نۇر توچكىسى بوشلۇقتا لەيلەپ تۇراتتى. ئۇ بوشلۇقتا بىر چىرايىنىڭ خىرە شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ھېلىقى ئىككى نۇر توچكىسى بارا - بارا روشەنلىشىپ چاقناپ تۇرغان كۆز شەكلىگە كىردى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى. ئۇ تورۇسقا تېخىمۇ سىنچىلاپ تىكىلدى. تورۇستا بىر چىراي شەكىللەندى. ئۇ ئىنتايىن تونۇش بىر چىراي، ئۇنىڭ يۈرىكى لەرزىگە كەلدى. ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى. ياشقا تولغان ئىككى كۆز، ياش نۇر بولۇپ چاقناۋاتاتتى. ئاچىسىنىڭ ھېلىقى قىياپىتى، شۇنداق ئازابلىق، شۇنداق بىچارە. بۇ چىراي بارغانسېرى روشەنلەشتى. توي بولغان ۋاقىتتىكى شەكلىگە كىردى. ئۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى. باشقا ياققا قارىۋالماقچى بولدى. لېكىن ئاچىسىنىڭ بىرەر ئېغىز سۆزىنى ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن تورۇستىن كۆز ئۈزمىدى. ئاچىسىنىڭ كۆزىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. بىرنېمە دېمەكچى بولدى، لەۋلىرى يېنىك تىترىدى. تۇرسۇننىڭ پۈتۈن سەزگۈ ئەزاسى تورۇسقا مەركەزلەشتى. لېكىن ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدى. ئاچىسى بىرنېمە دېيىشكە كۈچەۋاتاتتى. ئېغىزى نەچچە ئېچىلدى، لېكىن ھېچنېمە دېيەلمىدى. لىققىدە ياشقا تولغان كۆزىدىن بىر تامچە ياش ئېقىپ چۈشتى. ياش كۆزىدىن قىپقىزىل چوغ ھالىتىدە ئاجراپ چۈشتى. تۇرسۇن چوغقا تىكىلدى. چوغ قىپقىزىل قان رەڭگىدە نۇرلىنىپ بوشلۇقتا بىر دەقىقە لەيلەپ تۇرغاندىن كېيىن ئىنتايىن ئاستا سۈرئەتتە پەسكە تۆۋەنلىدى. تۇرسۇن بىلەن ئارىلىقى بىر مېتىردەك قالغاندا ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە تۇرسۇننىڭ كۆكرىكىگە قاراپ ئاقتى ۋە كۆكرەك قەپىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ يۈرىكىنى ۋاززىدە كۆيدۈردى. . . «ۋاي!» ئۇ چىدىماي ۋارقىرىۋەتتى ۋە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.




## «يۈسۈپ - زۇلەيخا»

ئالتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى ئانام ماڭا: «بۈگۈن كەچتە چوڭ ئاناڭلارنىڭكىگە بېرىپ كىتاب ئوقۇپ بېرىپ كەل» دېدى. مەن ھەم ھەيران بولدۇم، ھەم خۇشال بولدۇم. ھەيران بولغىنىم: بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئاتامنىڭ ئۆزى ئورۇندايتتى؛ خۇشال بولغىنىم: جەمەتىمىز ئۈچۈن مەڭگۈ مۇقەددەس بولغان چوڭ ئانامنى خۇرسەن قىلىش ئىدى. كەچتە ئالدى - ئارقا مۇقاۋىلىرى يىرتىلىپ، سارغىيىپ كەتكەن «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق كىتابنى كۆتۈرۈپ چوڭ ئانىملارنىڭكىگە باردىم. ئۆي ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان، باشلىرىغا قاردەك ئاق داكا ياغلىق ئارتىۋالغان ئاياللار بىلەن لىق تولغانىدى. مەن كاڭنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىلەردە چوڭ سۈپەت ئولتۇرۇشۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە پۈتۈن ساداقىتى بىلەن ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇ ئۇلۇغۋار ئانىلىرىمغا ھۆرمەت بەجا كەلتۈردۇم. ھۆرمىتىم ئەڭ ئالدى بىلەن بۇ توپنىڭ سەركىسى بولغان چوڭ ئانام تەرىپىدىن، ئاندىن باشقىلار تەرىپىدىن قىزغىن ئىشتىياق ۋە جۇشقۇن ئىپتىخار بىلەن قوبۇل قىلىندى. شادلىقىمدا چەك يوق. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ھاياجان چۇلغىغان، سەبىي ئارزۇ - ئارمانلىرىم باغرىمدا قاناتلانغان.

شۇنداق قىلىپ شىرەگە قويۇلغان لەمپىنىڭ يورۇقىدا بۇ كىتابتىكى «يۈسۈپ - زۇلەيخا» قىسسىسىنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدىم. كىتاب چاغاتاي ئىملاسىدا نامەلۇم خەتتات تەرىپىدىن ھەيران قالارلىق دەرىجىدە چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈلگەنىدى. ئاتام كونىچە خېلى يۇقىرى ساۋاتلىق، سوپى ئاللايار، مەشرەپ، نەۋائىي ئەسەرلىرىدىن خەۋەردار، نۇرغۇن ھېكمەت ۋە شېئىرلارنى يادقا بىلىدىغان كىشى بولغاچقا مەن ئۇ زاتى مۇبارەكنىڭ تەسىرىدە بۇ كىتابنى بوش ۋاقىتلىرىمدا ھەجىلەپ ئوقۇيتتىم، بىلەلمىگەن يەرلىرىمنى سوراپ بىلىپ ماڭاتتىم. ئوقۇغىنىم مۇنداقمۇ ياخشى بولارمۇ؟ بۈگۈن تازا مۇھىم پەيتتە ئەسقاتقانىدى. قىسسىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇۋاتىمەن. ئۆيدە چىۋىن ئۇچسا ئاڭلىنىدىغان جىمجىتلىق. ئارىلاپ - ئارىلاپ نالە - پەرياد، ئېسەدەشلەر ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

ھەزرىتى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا - بالىلىق مۇھەببىتى، ھىجران ئازابى، ھەسەتخورلۇق تۈپەيلى ھەزرىتى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرىدىن كۆرگەن مالامەتلىرى، ئۇن ئىككى پۇچۇق يارماققا سېتىلىشى، زۇلەيخانىڭ مۇھەببىتى، ھەزرىتى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ

پادىشاھ بولۇشى، ئاخىرىدا ئاتا - بالا، قېرىنداشلارنىڭ ئۇچرىشىش بايانىنى ئوقۇپ بەرگىنىمدە، ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئانىلىرىمنىڭ ھاياجىنى، ئېسەدەشلىرى، تەڭرىگە سېغىنىشلىرى، تەئەججۇپلىرى ئۆينى بىر ئالدى. مەنمۇ قالتىس ھاياجانلانغانىدىم. ئەسەردىكى چۈش، مەخلۇقاتلارنىڭ تىلغا كىرىشى، نۇرغۇن مەيدانلاردا شەيتاننىڭ بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەرىكەت قىلىشى، ۋەھىي يەتكۈزۈۋاتقان جەبرائىل، قويۇق رىۋايەت تۈسى ئەسەرنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى تەڭداشسىز دەرىجىدە كۈچەيتىپ، قەھرىمانلار پائالىيەت قىلىۋاتقان بەدىئىي مۇھىتنى مەڭگۈ پارلاپ تۇرىدىغان تىلسىم دۇنياغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

مەلۇمكى، ھەقىقىي سەنئەتنىڭ تەسىر كۈچى مەڭگۈ ئاياغلاشمايدۇ، تەسىر كۈچى مەڭگۈ ئاياغلاشمىغان ئەسەرلا ھەقىقىي سەنئەت بولالايدۇ. شۇ قېتىم قەلبىمدە پەيدا بولغان قۇدرەتلىك تەسىرات ۋە مەڭگۈلۈك مەستخۇشلۇق تاھازىرغىچە روھىيىتىمدە خۇددى ئوتقاشتەك ئەلەڭلەپ تۇرىدۇ. مەن بۇ تەسىرات بىلەن ئەنسىز ۋە مۇشەققەتلىك 60 - يىللارنىمۇ، پاراكەندە ۋە ئۈمىدسىز 70 - يىللارنىمۇ، ھىممەتلىك ۋە ئىممەتلىك 80 - يىللارنىمۇ باشتىن كەچۈردۈم. نەگىلا بارماي، نېمىنىلا ئويلىماي كۆز ئالدىمدا گۈزەل يۈسۈپ تىمسالى.

بىرمۇنچە قەلەمكەشلەر ئۆز يازمىلىرىدا، ۋېناسقا ئېسىلسا مەن گۈزەل يۈسۈپكە ئېسىلغانىدىم. گۈزەل يۈسۈپ قىسسىسىدىن خۇددى كۆكلەم مەۋسۇمىدە زېمىندىن ھاۋاغا توختىماي كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان نەمخۇش ھورغا ئوخشاش گۈزەللىك، چىنلىق، سۆيگۈ تۇمانى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. يۈرەكلەر بۇ تۇماننى توختىماي سۈمۈرەتتى، توختىماي سۈمۈرەتتى. سۆيگۈ، چىنلىق، گۈزەللىك ھۆكۈمران بولغان يەردە مەڭگۈ قىيامەت قايىم بولمايدۇ.

نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان گۈزەل يۈسۈپ قىسسىسىدىن ئالەمگە تارىلىۋاتقان گۈزەل غايىلەر ئۇلۇغۋار ئىدىيىلەر خەزىنىسىنى تېخىمۇ ئۇنۇملۇك، تېخىمۇ ھېكمەتلىك تەركىبلەرگە ئىگە قىلىۋەتكەنىدى. مەن بۇ ئەسەردىن نۇرغۇن ماددىي ۋە مەنىۋى نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. پاكىز ۋە گۈزەل روھنىڭ ھامان غالىب ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. رىۋايەتلەردىكى ئۇچقۇر قانات تۆگىلەرنى بىلدۈرىدىغان «يەلمايە» دېگەن سۆزنى تۇنجى قېتىم چېلىقتۇردۇم. ئاددىي ۋە ئاجايىپ شېئىرىي جۈملىلەرنىڭ قۇدرىتىگە ھەيران - ھەس قالدىم. چىن بارلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانىدىكى ئۇستىلىقنى ۋە ماھارەتنى، شەرقتىن غەربكە قېچىپ كەتكەن كارامەتلىك مودېرنىزمنى كۆردۈم.

**«خەلق قوشاقلىرى»**

«يېڭى ھايات» نەشرىياتى ئالمۇتىدا نەشر قىلغان بۇ كىتابنى مەن بالىلىق چاغلىرىمدا ئوقۇغانىدىم. ئۇ چاغلاردا كىتابنى شۇقەدەر ئەستايىدىل ۋە شۇقەدەر بېرىلىپ ئوقۇيتتىمكى، ھەتتا بەت ئاستىدىكى سۆزلەرگە بېرىلگەن ئىزاھاتلارنىمۇ يادلاپ ئالاتتىم. قوشاقلار ئەمگەكنىمۇ، مۇھەببەتنىمۇ، ئادالەتنىمۇ، ھەسرەتنىمۇ، جاھالەتنىمۇ، ئىشقىلىپ ئىنسان روھىيىتىدە يىلتىز تارتقان ھەممىۋا ھالەتنى تەسۋىرلەيتتى. قوشاقلار چىرايلىق، قوشاقلار لەۋەن، قوشاقلار گۈزەل ئىدى. قوشاقلار ئاھاڭدار، مۇزىكىلىق، خۇشناۋا ئىدى. ئىپادىلەش كۈچى تەڭداشسىز ئىدى. قوشاقلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپاتتى، بىرىنچى بۆلەك ئىككىنچى بۆلەك ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى، يەنى ئىككىنچى بۆلەكتە ئىزھار قىلىنىدىغان شېئىرىي پىكىر ئۈچۈن بىرىنچى بۆلەك مەزمۇنەن ئەمەس، شەكلەن خىزمەت قىلاتتى. قوشاقلاردىن شەكىل گۈزەللىكى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. شېئىرىي پۇراق دېگەننى مەن دەسلەپ مۇشۇ قوشاقلاردىن قانغۇچە پۇرىغانىدىم. ئېستېتىك گۈزەللىك، شېئىرىي گۈزەللىك دېگەنلىرى مېنىڭچە تىل ۋە قاپىيە، ئاھاڭ ۋە رىتىم گۈزەللىكى ئىدى. ئۆز ئەمەلىيىتىمدىكى ئورۇنۇش ۋە كېچىنىملەر مۇشۇ مەنبەدىن كەلگەنىدى. راستىمنى ئېيتسام، غايىلەر ئۇيۇتمىسىنى بىر ياققا قويغاندا، شەكىل گۈزەللىكىگە بېرىلىش كېسىلى ماڭا زاكامدا تەگكەن كېسەل ئىدى. بوراندەك، دېڭىز دولقۇنىدەك دەۋرەپ كەلگەن ھالاك قىلغۇچى

پىكىرلەر قاپىيىلەرنىڭ توسۇق ۋە كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلايدىغانلىقىغا، ئاھاڭ ۋە رىتىم قاشالىرى ئىچىگە ھېلىقىدەك پىكىرلەرنىڭ پاتمايدىغانلىقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتىم. بۇندىن كېيىنمۇ ئىشەنمەيمەن.

«خەلق قوشاقلىرى» شەخس قوشاقلىرىنىڭ ئۆيۈتمىسى، ئۇل تېشى، نېگىزى، يىلتىزى. شەخس قوشاقلىرى خۇددى سەدەپتەك، ساغانلىقلاردا سۇ يالاپ سىلىقلىنىۋەتكەن تاشلاردەك سىلىقلىشىپ خەلق قوشاقلىرىغا ئايلىنىپ كېتەلىسە، بۇ قوشاقلارنىڭ ئىگىسى مەڭگۈ بەختلىك!

ياشلىقىم پاشالىقىم ھەرتەرەپتىن گۈل
كېلۇر،
تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن سىنىڭ قېشىڭغا
كىم كېلۇر.
سەن ئېتىڭنىڭ باريدا ئويمانغا چاپ ھەم
دۆڭگە چاپ،
تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن ئوقۇرغا كەلگەي-
كەلمىگەي!

دەپ باشلىنىدىغان مۇكەممەل پىكىر قۇرۇلمىسىغا ئىگە بىر قوشاقنى ھازىرقى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 60 - يىللاردىكى بىر سانىدىن كۆرۈپ ھەيرەتتە قالغانىدىم. كېيىن بىر كومپوزىتور بۇ قوشاققا ئاھاڭ ئىشلىدى. ناخشا كەڭ تارقىلىپ كەتتى. مانا بۇ ناخشىنى ھېچقانداق چۈشەندۈرۈشسىز، قېلىپلاشقان نەزەرىيىۋى شەرھلەرسىز يۈرەك بىلەن ئوقۇپ، يۈرەك بىلەن ئاڭلاش كېرەك.

خەلق قوشاقلىرىدىكى ئىپادىلەش كۈچى بىر خىل توسۇن كۈچ. ئۇ كۈچنى ئۆزلەشتۈرۈشكىلا بولىدۇكى، ئۇنى يەڭگىلى بولمايدۇ. مەن تا ھازىرغىچە چەت ئەلنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى ئوقۇدۇم. لېكىن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدەك قۇدرەتلىك ئىپادىلەش كۈچىنى ئۇچراتمىدىم. يېقىندا مەشھۇر يازغۇچى ۋاڭ مېڭنىڭ «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» ناملىق نەسرىنى ئوقۇپ، بېشىم ئاسمانغا يەتتى. ۋاڭ مېڭ ئەپەندى «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» ھەققىدىكى تۇيغۇلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان، ناخشىنىڭ ئىچكى ئېنېرگىيىسى، قۇتۇمايسىسىدىن تاڭ قالغان، ناخشىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتالىغانلىقى ئۈچۈن ناخشىچىنى مەڭگۈ بەختىيار دەپ ئاتىغانىدى. ھەئە شۇنداق، «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» دەك ناخشىدىن سانسىز ناخشىغا، ھېسابسىز دۇردانە قوشاقلار خەزىنىسىگە ھەقدارلىق قىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى مەڭگۈ بەختىيار ھېس قىلىمەن.

## «ھاجى مۇرات» رومانى

يەنە شۇ 6 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم. بىر كۈنى مەكتەپ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ، كىتاب - ژۇرناللارنى ئاقتۇرۇۋاتسام، قولۇمغا بېغىررەڭ تاشلىق «ھاجى مۇرات» دېگەن كىتاب چىقىپ قالدى. يازغۇچىنىڭ ئىسمىغا قارىسام ل. تولستوي دەپ يېزىلغانىكەن. ئۇ چاغلاردا بۇ ئىسىم ماڭا تونۇشلۇق ئىدى. چۈنكى تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىدە تولستوينىڭ «كاپكاز تۇتقۇنى» ناملىق ئاجايىپ ئېسىل ھېكايىسى بار بولۇپ، مەن بۇ ھېكايىنى ئاز بولغاندىمۇ بىرنەچچە ئون قېتىم ئوقۇغانىدىم. ژېلىن، كوستىلىنلارنىڭ كاپكازدىكى تۇتقۇنلۇق ھاياتى، تۇتقۇنلۇقتىن قېچىش جەريانى ناھايىتى قىزىقارلىق، جانلىق سۈرەتلەنگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاي دالىدىن ئاي تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتىم-دە، باش كۆتەرمەي ئوقۇشقا كىرىشتىم. دەسلەپكى تەسىراتىم رۇسلار بىلەن كاپكاز خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش، ھاجى مۇرات ۋە شامىللارنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى، ھاجى مۇراتنىڭ ئاق كۆڭۈل، ساددا، تەقۋادار مۇسۇلمانلىقى، تەسلىم بولۇشى، قېچىشى، ئاخىرى ئۆلۈشى، رۇس ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زالىم، مۇتتەھەملىكى كۆرسىتىلگەن تەپسىلاتلار توغرىسىدىكى ئۆزھال تۇيغۇلار بولۇشى مۇمكىن.

ئېسىمدە قېلىشىچە، تولستوي بۇ رومانىنىڭ كىرىش قىسمىدا بۇ كىتابنى يېزىشقا تۈرتكە بولغان سەۋەبنى تەپسىلىي يازىدۇ. ئەلۋان تۈرلۈك گۈللەر ئارىسىدا ئىنتايىن قەيسەر، ئىنتايىن چىڭكىرىش، ھەرگىز بويسۇنمايدىغان قېرىقىز، «تاتارىن» بۈيۈك سەنئەتكارىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ - دە، كۆز ئالدىدا كاپكازلىقلارنىڭ ھەيۋەتلىك قەددى - قامىتى بىلەن يەڭگىلى بولمايدىغان مىجەزى نامايان بولىدۇ. تولستوينىڭ كارامەتلىك قەلىمى بار يەردە باشقا قەلەملەرگە نېمە قويۇپتۇ؟ سۈرەتلەر، سۈرەتلەر! باھادىرلىق-

لار، باتۇرلۇقلار، زالىملىقلار، ساتقۇنلار، ئىزگۈلۈكلەر، ساددىلىقلار، مۇناپىقلىقلار، پارلاقلىقلار، گۈزەللىكلەر، سۇلغۇن تەبىئەت، رەزىل جەمئىيەت، رەسۋا ئەينىيەت!

تولستوينىڭ سۆيگۈ بىلەن تولۇپ تاشقان دېڭىزدەك بىپايان قەلبى، ھەقىقەتتەك ئۇلۇغۋارلىقى! ھەقىقەتكە سادىقلىقى!

تولستوينىڭ قەلبىدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بېغىشلانغان ۋۇلقان - مۇھەببەت پارتلىماقتا ئىدى. تولستوي چارر ۇسىيىنىڭ زالىملىقى بىلەن ياۋۇزلۇقىنى كەسكىن، قەتئىي، چورت كېسەرلىك بىلەن قارىلىماقتا ئىدى. تولستوي ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق ئارىسىدا ئالەمشۇمۇل قازىكالانلىق قىلماقتا ئىدى. سەنئەت دۇردانىلىرى ئۈيۈماقتا، جاۋاھىرلار چېچىلماقتا، خۇشپۇراق گۈللەرنىڭ ئىپار - زەپەرلىرى چېچىلماقتا ئىدى. باغلاردىن باغلارغا، تىلسىماتتىن تىلسىماتلارغا ئىشىك ئاچماقتا ئىدىم. ھايات ھېكمەتلىرى، ھېكمەتلىك ھاياتلار ماڭا قول پۇلاڭلاتماقتا ئىدى. سۆيۈملۈك دوستلىرىم، مەن ئەمدى مۇشۇ باغلاردىن، مۇشۇ تىلسىماتلاردىن، مۇشۇ ھاياتتىن باشقا ھاياتقا بۇرۇلمايمەن.

بۇ مېنىڭ بالا كۆڭلىرىمدىكى تۇيغۇلىرىم ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، ئالىي مەكتەپكە كىردىم. روھىي ئالىمىمدە يەنە شۇ تەسىرات شەربەتلىرى. مەستمەن، مەستخۇشمەن. ئەتراپىمدا يۈز ئاچقان ھەممىلا نەرسىگە - ئاسفالىت يوللارغا، ماشىنىلارغا، ئادەملەرگە ھەيران بولۇپ قارايمەن. «ھاجى مۇرات» تىن، ھاجى مۇرات ئارقىلىق ماكسىم گوركىي «ئىبلىس» دەپ ئاتىغان تولستويدىن ئالغان تەسىراتلىرىم، پارلاق قەلبىنىڭ لاۋۇلداپ يېنىشلىرى، مۇھەببەتنىڭ توختىماي پارتلاشلىرى، قارىچۇقلارنىڭ چاراسلاپ ئۆرتۈنۈشلىرى مەن ئىگە بولغان بۇ ئۆمۈرنىڭ پۈتۈنلەي شېئىرىي مەنىدىن تەشكىل ئېتىلگەنلىكىنى كۆرسىتەتتى. سەگسەن سەزگۈلەردىن ئۇجۇقۇپ يۈرگەن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بۈيۈك يازغۇچى باجىن ئەپەندىنىڭ «ئائىلە» رومانىغا يازغان بىر خاتىمە سۆزىنى ئوقۇپ قالدىم: «مەن تولستوينىڭ ‹تىرىلىش› ناملىق رومانىنى كۆز ياشلىرىمنى ئېقىتقان ھالدا ئوقۇپ بولۇپ، كىتابنىڭ تېشىغا ‹ھايات تراگېدىيىدۇر› دەپ يېزىپ قويغانىدىم» . شۇنداق قىلىپ، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋېتىپ «تىرىلىش» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنگەچ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتكەنىدىم. كىتابنىڭ باشلىنىش قىسمىدىكى بىرىنچى بۆلەكتە ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى دەھشەتلىك ئېلىشىش پەلسەپۋى ھېكمەت ۋە شېئىرىي ناۋا تەرىقىسىدە بەئەينى دۇتارنىڭ تارىسىدەك تولىمۇ نەپىس، تولىمۇ نازۇك ئېشىلگەنىدى. مەن يەنىلا تولستوي مەكتىپىگە ئېچكىرىلەپ كىرىپ كەتتىم. سەنئەتكە تولستويچە مۇھەببەت ۋە تەلەپ قويۇش تولستوينى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇشنىڭ نېگىزى ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا تولستويىزمنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىغا ئالغان ھەممە تەركىبلىرىنى، ھەممە ئامىللىرىنى ئاڭقىرىشقا باشلىدىم. ياۋروپادىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادا ھېچقانداق تەڭدىشى بولمىغان، پۈتۈن ئۆمرىدە ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەدەلسىز مېھنەت قىلغان، دۇنيادىن ئۆزىگە ھېچقاچان، ھېچنېمە تەمە قىلمىغان بۇ ئەۋلىيا سۈپەت زاتنىڭ ئىدىيىلەر ئوكيانىغا مانا شۇ «ھاجى مۇرات» بىلەن شۇڭغىغانىدىم.

### «تۈگىمەس ناخشا»

1957 - يىلىنىڭ ياز ئايلىرى. ئۈرۈمچى شەھىرىگە تۇنجى قېتىم ئۆزۈم يالغۇز كېلىشىم. شەھەر گۈزەل، پاكىز، پۇراقلىق ئىدى. ساپلا يالاڭ قەۋەتلىك ئىمارەتلەر. قەلبىمدە ئىشتىياق، ھەممىگە قىزىقىش تۇيغۇسى، نېمىگىدۇر تىنماي ئىنتىلىش ياناتتى. كوچىنى ئايلانغاچ كىتابخانىغا كىردىم. كىتابخانا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى (ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ پايتەختلىرى) دا نەشر قىلىنغان، مۇقاۋىلىرى ئېسىل، ھەيۋەتلىك كىتابلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. مەن بىر توپ ئۇيغۇر يازغۇچى - شائىرلىرىنىڭ بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان كىتابلىرىنى سېتىۋالدىم. كىتابلارنىڭ ئارىسىدا قاتتىق مۇقاۋىلىق «تۈگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىر توپلىمىمۇ بار

ئىدى.

بىر باشتىن ئوقۇغىلى تۇردۇم. توپلامدا ئىلگىرىكى ۋاقىتلىق مەتبۇئاتلاردا كۆرگەن شېئىرلارمۇ بار ئىدى. ئاستا - ئاستا شېئىرىي تىلسىمات ئىچىگە شۇڭغۇشقا باشلىدىم. كۆز ئالدىمدا ئانا تەبىئەت بەجايىكى گاھ ئالتۇن، گاھ كۈمۈش لىباستا يالتىرايتتى. مەن گويا نۇر دۇنياسىدا ئىدىم. ھەر بىر شېئىر، ھەر بىر مىسرا، ھەر بىر سۆز ۋە ئۇلاردىن چىقىۋاتقان مۇڭلۇق كۈي بالىلىق قەلبىمگە ئاستا سىڭمەكتە ئىدى. ھەرقانداق بىر سۆز شائىرنىڭ زەرگەرانە قولىدا چىن پۈتكۈسىز ئېسىل جاۋاھىرلارغا ئايلىناتتى. قالتىس بىر قۇدرەتتىن، كارامەت بىر مۇھەببەتتىن ئەس - ھوشۇمنى يىغالماي قالاتتىم. مۇقەددەس بىر ئاۋاز قولاق تۈۋىمدىن كەتمەي ياڭرايتتى، جاراڭلايتتى، پىچىرلايتتى.

بالىلىقتىكى تۇيغۇلارنىڭ چىنلىقى، چىرايلىقلىقى، مۇستەھكەملىكى تولىمۇ تەڭداشسىز ئىدى. مېنىڭ تېيىپجان ئېلىيوف شېئىرىيىتىگە بولغان كۆزقارىشىم، ئۇنى چۈشىنىشىم، بىلىشىم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ شەرھلەشلىرى، چۈشەندۇرۇشلىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ ئوخشىماسلىق بالىلىقتىكى ئاشۇ تۇنجى تۇيغۇلاردىن كەلگەنىدى. نۇرغۇن كىشىلەر شېئىرنى كۆز بىلەن، قۇلاق بىلەن، ئېغىز بىلەنلا ئوقۇيدۇ-دە، شېئىرنىڭ ئۆزىدىكى شېئىرىي مەنە بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈشىدۇ. مەن شېئىرنى يۈرىكىم بىلەن، ۋىجدانىم بىلەن ئوقۇيمەن. مەن ئۇنىڭ ھەممە شېئىرلىرىنى ئەنە شۇنداق ئوقۇدۇم.

ئۇ ياراتقان سۆيگۈ - مۇھەببەت، غەزەپ ۋە نەپرەت، ۋىسال ۋە ھىجران، پەرىشانلىق ۋە شادىمانلىق ئالىمىدە ئەركىن ساياھەت قىلدىم. مۇقەددەس ئانا تىلىمىزنىڭ مۆجىزىلىك كارامەتلىرىنى كۆز بىلەن كۆردۈم، يۈرىكىم بىلەن ھېس قىلدىم. بىر مەدەنىيەتلىك ئوقۇرمەن ئۈچۈن بىر شائىرنىڭ داستىخىنىدىن بۇنداق ھالۋايۇ نېمەتلەرگە ئېرىشىش چەكسىز بەخت ئىدى. تېيىپجان ئېلىيوف ھەممە شېئىرىنى تولۇق شائىرانە ھالەتتە تۇرۇپ يازغانىدى. ھەتتا ئۇنىڭ بۇيرۇتما شېئىرلىرىدىمۇ بىرمۇنچە سۈنئىي تەركىبلەرگە يانداش ھالدا تەبىئىي تەركىبلەر بار ئىدى. تېيىپجان ئېلىيوف ھەرقانداق شارائىتتا ھەرقانداق شەيئىگە شېئىرىي جان بېرەلەيدىغان، ھەرقانداق شارائىتتا شېئىرىي كەيپىياتتا تۇرالايدىغان شائىر ئىدى. تېيىپجان ئېلىيوف تىلغا ئېلىنسىلا، بىرمۇنچە كىشىلەر «تۇگىمەس ناخشا»، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» دېگەن شېئىرلارنى ئۇنىڭ يۈكسەك پەللىسى دەپ كۆرسىتىشىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئاجايىپ ھەسرەتلىك ۋە ئاجايىپ چىرايلىق بىرمۇنچە قىسقا شېئىرلىرى مېنىڭچە بۇ شېئىرلاردىنمۇ يۈكسەك پەللە. ئۇ، پەللىدىن پەللىگە ئۆرلىگەنلا ئىدىكى، ھەرگىزمۇ تۆۋەنلىگەن ئەمەس ئىدى. ئۇ يازغان مۇھەببەت لىرىكىلىرى ھازىرغىچە يېزىلغان ئۇيغۇر مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ كلاسسىك ئۈلگىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە 50 -، 60 -، 80 - يىللارنىڭ گۈلتاجى ئەڭ ئالدى بىلەن تېيىپجان ئېلىيوفقا تەۋە. ئۇنىڭ شېئىرىيىتى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر شۇغۇللانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ شۇغۇللىنىشلار تېخىچە يۈزە ۋە تېخىچە ۋايىغا يەتكەن ئەمەس. بۇ ھەقتىكى ھەقىقىي ئىلمىي ۋە بەدىئىي تەتقىقات كەلگۈسىگە تەئەللۇق.

## «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانى

1960 - يىلىنىڭ قىش ئايلىرى. تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 9 - سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. مەكتەپ كۈتۈپخانىسىغا بارسام، ئىشىك ئىتتىكلىك تۇرۇپتۇ. دېرىزىدىن قارىسام، يېڭىدىن كەلگەن بىر تۈركۈم كىتابلار جاۋەنلەرگە تىزىلىپ كېتىپتۇ. سىنچىلاپ قارىۋېدىم، ئابدۇللا قادىرى، «ئۆتكەن كۈنلەر» دېگەندەك سۆزلەر يېزىلغان بىر كىتابنى كۆرۈپ قالدىم. ئابدۇللا قادىرى دېگەن ئىسىمنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم ئىدى. كىتابنى قاچان قولۇمغا چۈشۈرەرمەن دەپ تاقەتسىزلىنىپ تىپىرلاپ كەتتىم. بىر ئەسنادا كۈتۈپخانىنىڭ نۆۋەتچى خادىمى كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى. كىتابنى قولۇمغا ئالدىم-دە، شۇندىن باشلاپ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتىم.

جەۋاھىر دېڭىزى، پەرىشتە سەزگۈلەر دۇنياسى، گۈزەللىكلەر ماكانى ئىدى بۇ كىتاب!

بەجايىكى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك باللىق خاتىرىلىرىمگە ئۇيۇلغاندى بۇ كىتاب!

سەبىي خىياللىرىم، يۇمران ئىنتىلىشلىرىم، غۇبارسىز ئىشتىياقلىرىم، ئوغۇز غايىلىرىمنىڭ مەنزىلگاھى ئىدى بۇ كىتاب!

شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى كېيىنكى ئۇنىۋېرسىتېت دەۋرىگىچە بۇ كىتابنىڭ ئۆچمەس تەسىرى بىلەن ياشىدىم. ھەقىقىي شەرقچە يېزىقچىلىقنىڭ ئۇلگىسى بىلەن تونۇشتۇم. سۆز زىنىنتى، جۈملە تۈزۈش سەنئىتى، تىل ئىشلىتىش ماھارىتى يازغۇچىنىڭ مەڭگۈ مۇستەھكەملەپ، مەڭگۈ مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۇرۇشقا تېگىشلىك ھۈنىرى ئىكەنلىكىنى پەيدىنپەي تونۇپ يەتتىم. بۈيۈك ئابدۇللا قادىرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنىمۇ بىلىپ يەتتىم. «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان «قەتلىنامە» ناملىق ئەسلىمىدىن يازغۇچىنىڭ ك گ ب تەرىپىدىن قانداق سوراق قىلىنغانلىقى، دوست - بۇرادەر، قان - قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق قارا چاپلىغانلىقى ھەققىدىكى ھۆججەتلىك مەلۇماتلارنى ئوقۇپ باغرىم خۇن بولدى. شۇڭا دائىم نەۋائىينىڭ:

ئىلاھىم قارايسۇن پەلەكنىڭ يۈزى
جاپ بىرلە جۇپ ۋاپا بىرلە تاق.
ئەيسادەك كىشىگە بېرىپ بىر ئېشەك
ئېشەكتەك كىشىگە بەردىڭ مىڭ بۇراق.

دېگەن رۇبائىيسىنى ئۈنلۈك ئوقۇپ كېتىمەن.

### «نازىم ھېكمەت شېئىرلىرى»

مېنىڭ تۇنجى گۈدىكىم
بىرىنچى ئوقۇتقۇچۇم
مېنىڭ دەسلەپكى يولدۇشۇم،
ئون توققۇز يېشىم.
سېنى ئۆز ئانامدەك ھۆرمەت قىلىمەن،
ھۆرمەت قىلماقچىمەن،
سېنىڭ دەسلەپ يۈرگەن يولۇڭدا ماڭىمەن
ماڭماقچىمەن،
مېنىڭ تۇنجى گۈدىكىم
بىرىنچى ئوقۇتقۇچۇم
مېنىڭ دەسلەپكى يولدۇشۇم،
ئون توققۇز يېشىم.
كۆپ ئۇزاقلاردا سەرگەردان بېشىم.
لېكىن، ئون توققۇز يېشىم
ئولتۇرار تۆشەكىمنىڭ باش ئۇچىدا
قوللىرىم ئۇنىڭ قۇچىقىدا،
ماڭا دەيدىكى
- جىگىرىم ياشلىقىڭنى ئەسكە ئالايلۇق
ئۇ كۈنلەر
نەقەدەر
دەھشەتلىك ۋە چىرايلىق. . .

دېگەن مىسرالارنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەن ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن نازىم ھېكمەت شېئىرىيىتىگە شەرتسىز تەسلىم بولدۇم. قورام تاشتەك ئېغىر ۋە قاتتىق سۆزلەرنىڭ ئاستىدا پارلاپ تۇرغان شېئىرىي ھېكمەتلەر روھىمنى ئېرىتمەكتە ئىدى.

ئىستانسىدىن ئىستانسىغا يالاڭ ئاياغ
تانكىلارنى قوغلاپ ئۇزاق - ئۇزاق.
ئاچلىق بىلەن ئېلىشىپ بېرىش. . .
ناخشىلارنىڭ بويى كىلومېتىر
ئۆلۈمنىڭ بويى بىر غېرىچ. . .

بۇ مىسرالاردىكى شېئىرىي قۇدرەت بىلەن شېئىرىي كامالەت مېنى يېڭى بىر دۇنياغا يېتىلەپ كىردى. زوقلىنىش نىشانىنىڭ يۈكسەكلىك دەرىجىسىدە روشەن ئۆزگىرىشلەر بولماقتا ئىدى. شائىرنىڭ ۋەزىپىسى مەۋجۇت ئالەمنى سۈرەتلەش، ئىپادىلەش، قايتا كۆرسىتىش. بۇ جەرياندا شائىر ئۆزىنىڭ تىلى، ئۆز تىنىقى، ئۆز دىمى، ئۆز ئاۋازى، ئۆز قەدىمى، ئۆز يۈرىكى بىلەن تەرانە قىلىدۇ.

مەن مىسرالار ئارىسىدا بۈيۈك تۈرك شائىرى نازىم ھېكمەتنى كۆرمەكتە، ئۇنىڭغا چىن دىلىمدىن ئېتىقاد قىلماقتا ئىدىم. ئۇنىڭ سۈرەتلەش جەھەتتىكى مۆجىزىسىمان تاپقۇرلۇقلىرىغا باركاللا ئېيتماقتا ئىدىم. تاللاش ئىقتىدارىم كۈنسايىن ئەمەس، بەلكى سائەت سايىن ئۆسمەكتە ئىدى. «خۇدا گۆھەرنى ئوچۇق كۆزگە، ئوچۇق كۆزگە گۆھەرنى يولۇقتۇرغايسەن» دەپ تىلەيتتىم.

ئېسىمدە

قېيىن شاخلىرىدىن ئورماندا گۈلخان ياققىنىمىز
تولۇن ئاينىڭ ئاق يۈزىگە باققىنىمىز.

شوخ ناخشىلار ياڭرار ئىدى ئاسماندا
ۋە مۇشۇئان، مۇشۇ ئورماندا.
قۇدرەتلىك ۋە تىنچ
بىر تولغاقتىن تۇغۇلغان ئاساۋ بىر سۆيۈنۈش
دېڭىزدىكى دولقۇندەك
ئېتىلار، كۆپۈك چاچار،
سەن
ئاق قوشۇنلارنى تىرقىرىتىپ
بوران ئاق تۇمانلارنى تىرقىراتقاندەك
تارقىتىپ،
ناخشا ئېيتقان ئاتلىق ئەسكەرسەن،
مېنىڭ ئون توققۇز يېشىم.
. . . . . .
ئېسىمدە قېيىن شاخلىرىدىن
ئورماندا گۈلخان ياققىنىمىز
ئۆلەن توۋلاپ، ئايغا باققىنىمىز
ئايغا باققاندەك كېچىلەر ئۈستىدىن. . .
مەن يەنە ئاشۇ ئۆلەنلەرنى ئېيتماقتىمەن. . .
شاماللار ياپراقتا ئوخشاش
ئايلاندۇرالماس مېنى ھاۋادا
مەن شاماللارنى ھەيدەپ كەتمەكتىمەن.
ۋە سەن
يىقىلماسلارنى يىقىتالايسەن،
كۆزۈمگە توغرا بېقىپ
قولۇمنى سىقالايسەن.
سەنكى، سەن
ئەي، مېنىڭ تۇنجى ئوغلۇم
بىرىنچى ئوقۇتقۇچۇم
دەسلەپكى يولدۇشۇم ـ ئون توققۇز يېشىم.
ئون توققۇز ياشقا كىرگەن چاغلىرىم ئىدى.

بۇ ئون توققۇز ياش گېمىنىنى كېچە - كۈندۈز ئوقۇيتتۇم. ھەر ئوقۇغىنىمدا يېڭى بىر مەنىنى ئاڭقىراتتىم، يېڭى بىر كەڭلىككە، يېڭى بىر دۇنياغا كىرىپ قالاتتىم. چۈشلىرىممۇ چۈش، ئوڭلىرىممۇ چۈش ئىدى. ئاسماندىن نۇر، زېمىندىن گۈل ياغاتتى. نەزىرىمدە ھەممە ئادەملەر ئاق قاناتلىق پەرىشتىلەرگە ئايلانغان، يۇلتۇزلار ناخشا ئېيتاتتى، دەل - دەرەخلەر ئۇسسۇل ئوينايتتى. دېرىزىلەردىن رەنا قامەتلەر باش تىقىشاتتى. تورۇسلاردا قاپقارا كېيىك كۆزلەر ئىلھام قۇچاتتى. ئون توققۇز ياشقا قەدەم بېسىپ تۇرغان كىشى ئون توققۇز ياشنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. مەن ئون توققۇز ياش باغرىدا مۇشۇنداق سىرلىق خىياللارغا بېرىلگەن بولساممۇ، ئون توققۇز ياش قەدرىنى 29، 39، 49 ياشقا كىرگەندە بىلگەنىدىم. ئۇ يىللاردا جەمئىيەت بىلەن تەبىئەت سالغان تالاپەتلەردىن، يالغان ۋە سۇنئىي مۇناسىۋەتلەر كەلتۈرگەن كۈلپەتلەردىن، بوغۇزلانغان سۆيگۈ - مۇھەببەت نالە - زارلىرىدىن، زۇغۇيلارنىڭ زۇلمى بىلەن تاپان تۇزاقلىرىدىن دەل مۇشۇ نازىم ھېكمەتنىڭ سېھىرلىرى، دەل مۇشۇ «ئون توققۇز يېشىم» نىڭ قۇدرىتى بىلەن قۇتۇلغانىدىم. ئون توققۇز ياشقا كىرىپ تاشنى سىپسالىڭ تاش ئون توققۇز گۆھەرگە ئايلىناتتى. سەن گۈللەرنى ئەمەس، گۈللەر سېنى قوغلىغان بولاتتى. قىسقىسى، ئون توققۇز ياش بەرھەق، ئون توققۇز ياش مۆجىزە، ئون توققۇز ياش مۇھەببەت، ئون توققۇز ياش شېئىرىيەت!

ئەمدى «مەجنۇنتاللار» نىڭ مەجنۇنانە تەرانىسىگە قاراپ باقايلى.

. . . ئاقار ئىدى سۇ
كۆرسىتىپ قىرغاق ئەينىكىدە قىرغاق ياغاچلىرىنى
مەجنۇنتاللار چايقىشىدۇ سۇدا چاچلىرىنى
يانغان، يالىڭاچ قىلىچلارنى شىلتىپ پۇتاقلارغا
چاپار ئىدى قىزىل ئاتلىقلار قۇياش پاتار ياقلارغا.
بىردىنبىر قۇش كەبى قاناتىدىن،
ياردار بىر ئاتلىق ئۇچۇپ چۈشتى ئېتىدىن.
ۋارقىرىمىدى،
كەتكەنلەرنى كەينىگە چاقىرمىدى،
باقتى ياش تولغان كۆزلىرى بىلەن
كېتىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ پارلاق تاقىلىرىغا.
ئاھ، يۈز ئەتتەك كېتەلمەس ئىلگىرىگە،
تۆت تاقىلىق چاپقۇر ئاتلارنىڭ بويىنىغا ئارتۇق
ياتالماس
ئاق ئەسكەرلەرنىڭ كەينىدە قىلىچ ئوينىتالماس.
تاقا دۈپۈرلىرى ئۆچەر پەردە - پەردە،
ئاتلىقلار غايىب بولار قۇياش پاتار يەردە. . .
ئاتلىقلار، قىزىل ئاتلىقلار
ئاتلىرى شامال قانات. . .
ئاتلىرى شامال. . .
ئاتلىرى. . . ئات. . .
شامال قاناتلىق ئاتلىقلار كەبى ئۆتتى ھايات. . .
ئاقار سۇنىڭ سازى تىنىدى،
كۆلكىلەر كۆلكىلەندى، رەڭلەر شىلىندى،
سىياھ كىرپىكلەر كىردى ماۋى كۆزلەرگە،
ئېگىلدى مەجنۇنتاللار،
قوڭۇر چاچلىرىغا، كۆزلىرىگە. . .

يىغلىما مەجنۇنتال، يىغلىما،
قارا سۇ ئەينىكىدە دىل تىلغىما،
دىل تىلغىما. . .
يىغلىما. . .

(1928 - يىل)

مانا زامانىۋى، باغرى ئاتەش شېئىرىيەت دېگەن مۇشۇ. ئۆزبېكىستاننىڭ مەشھۇر ئەللامە شائىرى مىرتېمىرنىڭ بىر توملۇق تاللانما ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن بۇ ئىككى شېئىر مېنى ئۇنىۋېرسىتېت قۇچىقىدا ئۆتكەن چاغلىرىمدا سەۋدايىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ھەر مىسرا، ھەر بىر بۆلەك شېئىرىي ھېكمەت خۇددى بىر كېسەك ئۇيۇل ئالماسقا ئوخشايتتى. مانا بۇنىڭدا شېئىرىي گىرىمسەنلىك دېسە شېئىرىي گىرىمسەنلىك، شېئىرىي ئىماگ دېسە شېئىرىي ئىماگ، شېئىرىي جاۋاھىراتلار دېسە شېئىرىي جاۋاھىراتلار، شېئىرىي روھ دېسە شېئىرىي روھ، شېئىرىي مۇقام دېسە شېئىرىي مۇقام جۇش ئۇرۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ شېئىرلاردىكى تارتىش كۈچى مېنى «نازىم ھېكمەت شېئىرلىرى» دېگەن كىتابقا باشلاپ كەلدى. بۇ توپلامدا، يۇقىرىقى شېئىرلاردىكىدەك شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي رەڭ، شېئىرىي پۇراققا ئىگە شېئىرلار بار ئىدى. مەن نازىم ھېكمەتنىڭ شېئىرىيەت مەكتىپىگە كىردىم.

زويا بىزنىڭ مەملىكەت ئىسسىق
قىزلار ئۇن سەككىز ياشتا ئەرگە تېگىدۇ.

دەپ باشلىنىدىغان «زويا» داستانىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك يولىدىكى مەردانىلىق يۈكسەك ئىشتىياق بىلەن مەدھىيىلەنگەن. قەلبىمدە نازىم ھېكمەت شېئىرىيىتىدىن پەيدا بولغان تەسىرات مەڭگۈلۈك تەسىرات ئىدى. بۇ تەسىرات روھىمنى يېڭىدىن يېڭى مەنزىللەرگە باشلاپ، يېڭىدىن يېڭى ئۇپۇقلارنى كەشىپ قىلىشقا ئۈندەيدىغان ھېكمەتلىك ئەڭگۈشتەردەك تەسىرات ئىدى. مەن مۇشۇ تەسىراتنىڭ تۈرتكىسىدە «ياشاش لوگىكام» دېگەن شېئىرىمنى يازغانىدىم.

## «ئاباي» رومانى

9 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. «بوتا كۆز» رومانىدىن كېيىنلا «ئاباي» ئېپوپېيىسىنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتىم. كەچتە تام مەشنىڭ كەينىدە يېتىۋېلىپ، قىزىرىپ يېنىۋاتقان ئېلېكتر لامپۇچكىسىنىڭ يورۇقىدا گۈزەللىك ئالىمىگە شۇڭغۇپ كېتىمەن. ئۇ چاغدىكى ئوقۇشلار ھازىرقى ئوقۇشلارغا ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن تەسىر قىلىش دەرىجىسىدىن ئېيتقاندا ھازىرقى ئوقۇشلاردىن بەكمۇ ئۈستۈن تۇراتتى. بىر ئۇلۇغ خەلقنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، قاششاقلىق، قالاقلىق، نامراتلىق، نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا بەل باغلىغان بىر كارۋان بېشى، ئىدىيىلەر پەيغەمبىرىنىڭ يېتىلىش تارىخى كۆز ئالدىمدا جەۋلان قىلاتتى. دالىدىكى تىنىمسىز ھايات، ئۆزئارا ئېلىشىشلار، قەبىلىلەر ئارا ئارازلىق، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلەر، ئىنسان بىلەن ئىنساننىڭ تۈگىمەس دۈشمەنلىكى پەيدا قىلغان قانلىق پاجىئەلەر قەلبىمگە ھەسرەت ئېلىپ كېلەتتى. تەڭداشسىز گۈزەل تەبىئەت، مۇھەببەتلىك قەلبلەرنىڭ پارلاقلىقى، خەلق دانالىقى، ناخشا - ناۋا، نەغمە - كۈيلەر، دالا تۇرمۇشى، تاڭسۇق ئۆرپ - ئادەتلەر تۈگىمەس روھىي ئوزۇق بېغىشلايتتى. مۇختار ئاۋېزوفنىڭ ئاجايىپ قۇدرەتلىك قەلىمىگە تولىمۇ قايىل بولغانىدىم. ئۇ يازغان «ئاباي» ئېپوپېيىسى قازاق ھاياتى توغرىسىدىكى قامۇس ئىدى. بۇنى مەن ئەلۋەتتە كېيىنكى چاغلاردا تولىمۇ تولۇق چۈشىنىپ يەتتىم. ئاباي شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆردۈم. مۇختار ئاۋېزوفنىڭ ئەگرى - توقاي ھايات مۇساپىسى ماڭا تولىمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. قارا نىيەت سۇيىقەستچىلەرنىڭ سۇيىقەستلىرى، تۆھمەتلىرى، قارا چاپلاشلىرى، ئەللامە يازغۇچىنى نۇرغۇن بەختسىزلىكلەرگە دۇچار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەم ئۇچرايدىغان تالانتىغا، خۇدا تۇتقۇزغان قەلىمىنىڭ كارامىتىگە قىلچىمۇ ھالاقىت يەتكۈزەلمىگەنىدى. ئابايمۇ، ئاباينىڭ قىممىتى بىلەن ئۆلچىنىدىغان مۇختار ئاۋېزوفمۇ قازاق خەلقىنىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىكى، پاراۋانلىقىنى كۆزلىگەن ۋە شۇ يولدا ئۆمۈر بويى كۈرەشكەنىدى.

«بىرىڭنى قازاق بىرىڭ دوست كۆرمىسەڭ ئىشىڭنىڭ بەرى بوش» دېگەن تاغدەك ۋەزنىلىك مەنىگە ئىگە بۇ سۆز ماڭا خۇددى ئاباي ئېپوپېيىسىنىڭ كۆپ مېغىزلىق ئىدىيىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر مېغىز ئىدىيىسىدەك تۇيۇلىدۇ.

«ئاباي» ئېپوپېيىسىدىكى روھىي ھالەت تەسۋىرى ئاباينىڭ قايغۇ - ھەسرىتى، سۆيگۈ - ئىشتىياقى، دالانىڭ قايتىلانماس ئوغۇز مەنزىرىلىرى شەكىللەندۈرگەن قويۇق بەدىئىي

رىڭ تا ھازىرغىچە مەندىكى تەسىرنى كۈنسايىن كۈچەيتىپ كەلمەكتە. ماڭا ئەللامە شائىر ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىۋاتقان يازغۇچى، ئۆزىنىڭ سۈرەتلەش ۋە ئىپادىلەش ھۈنىرىدە ئەللامە شائىرنىڭ مۇتلەق ئۆزى بولۇپ تۇيۇلغانىدى. ھازىر ئويلىسام، بۇ تۇيغۇلىرىم بىردىنبىر بەرھەق تۇيغۇلار ئىكەن.

### «ئېچىلغان تىڭ» رومانى

1957 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 8-، 9- سانلىرىغا مىخائىل شولوخوفنىڭ «ئادەمنىڭ تەقدىرى» ناملىق ھېكايىسى بېسىلدى. ئۇنى ھاپىلا - شاپىلا ئوقۇپ كەتتىم. «ئۇرۇشتىن كېيىنكى تۇنجى باھار يۇقىرىقى دوندا ناھايىتى تېز باشلىنىپ كەتتى» دەپ باشلانغىنىمچە تاكى «كۆرسەتمەسلىكتە» دېگەن ئەڭ ئاخىرقى سۆزدىن بىراقلا چىقتىم. ھېكايە ماڭا تولىمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى يەنە شۇ «تارىم» ژۇرنىلىدا بېسىلغان شولوخوفنىڭ «قوغۇنچى» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇغانىدىم. بۇ ھېكايىمۇ شۇنداق تەسىرلىك، شۇنداق ئېسىل ھېكايە ئىدى. مەن ئاندىرى سوكولوفنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىدىن تولىمۇ مۇڭلىنىپ كەتتىم، ھەسرەت چەكتىم. بىر ئادەم ۋەتىنى ئۈچۈن، خەلقى ئۈچۈن شۇنچە قەھرىمانلىق كۆرسەتسە، ئۇنى كۈتۈۋالىدىغىنى يالغۇزلۇق، سەرگەردانلىق، ئازاب - ئوقۇبەت بولارمۇ دەپ ئويلاپ كەتكەنىدىم.

ماڭسامۇ، تۇرسامۇ، شادلانسامۇ، قايغۇرسامۇ كۆز ئالدىمدا مەردانە ۋە بىچارە سوكولوف تۇراتتى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا شولوخوف نۇقتىلىق تەنقىد قىلىندى. «ئادەمنىڭ تەقدىرى» ھېكايىسىگە شەرمەندىلەرچە تۆھمەت چاپلىنىپ سوكولوفنى خائىن دەپ تورۇۋېلىشتى. بۇ ئادالەتسىزلىكتىن كۆڭلۈم ئاغرىپ، يىغلاپ كەتكىنىم تېخىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن شولوخوف ئەسەرلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدىم. ئۇ چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يازغۇچىلىرى، جۈملىدىن ھەرقانداق چەت ئەل كىتابلىرىنى ئوقۇش خەيرلىك ئەمەس ئىدى. «چەت ئەلگە چوقۇنىدۇ، ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش يولىغا ماڭدى» دېگەندەك قالپاقلار ھەرقاچان تەييار تۇراتتى. لېكىن ئىشتىياق ۋە ئاشىقلىق ھەرقانداق خەۋپ - خەتەردىن ئۈستۈن تۇراتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، «ئېچىلغان تىڭ»غا يولۇقتۇم. مىخائىل شولوخوف دېگەن ئاپتور ئىسمىغا قاراپلا ئوقۇشنى باشلىۋەتتىم. كىتابنى ئوقۇپ بولۇپ، «شولوخوف دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مۆجىزە ئىكەن» دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمى 1961 - يىلقى خەنزۇچە «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ بىرنەچچە سانىغا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ بېسىلغانىدى. كۇتۇپخانىدىن مىڭ بىر جاپادا ئارىيەت ئېلىپ كېچىلىرى شام يورۇقىدا ئوقۇغان چاغلىرىممۇ بولغانىدى. چۈنكى كەچ سائەت توققۇزدىن كېيىن چىراغ بىردەك ئۆچۈرۈلەتتى. «ئېچىلغان تىڭ»نىڭ ئىككىنچى كىتابىنى بېيجىڭدا لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقىنىمدا، مىللەتلەر نەشرىياتىدىكى بىر تونۇشۇم ئارقىلىق ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇغانىدىم. كىتاب قازاق تىلىدا بولۇپ، 1981 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغانىدى. كىتابنى رۇسچىدىن مەخسۇس شولوخوفنى تەرجىمە قىلىدىغان ئەدەبىي تەرجىمان قاسەن ئۈزدەنبايېف تەرجىمە قىلغانىدى. مېنىڭ بۇ كىشىگە بولغان مۇھەببىتىم شولوخوف ئەسەرلىرىگە بولغان مۇھەببەتتىن شاخ ئايرىغانىدى. مېنىڭ نەزىرىمدە سۈرەتلەش ۋە ئىپادىلەش ھۈنىرى جەھەتتە بۇ ئىككى كىتاب تەڭداشسىز ئىدى. ھەقىقىي ئەدەبىيات يارىتىلىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەقىقىي روھىيەت ئالىمى شەكىللىنىدىكەن. شولوخوف ياراتقان گۈزەللىك دۇنياسى ئۆزگىچە ئىدى. ئۇنىڭ تىنىقى، پۇرىقى، قەدىمى، مىجەزى، ناۋاسى ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ قەلىمىگە ئېلىنغان ھەر بىر شەيئى ئۆز قىياپىتىنىڭ مۇتلەق ئەينەنلىكى بىلەن مۇكەممەل ۋە بەختلىك ئىدى. ئۇنىڭ دۇنياسى سۆيگۈ - مۇھەببەت تاۋلىنىپ ئاقىدىغان سامانيولى ئىدى. ئۇنىڭ دۇنياسى شېئىرىيەت دۇنياسى ئىدى. شولوخوفنىڭ شېئىري جۈملىلىرى، يېڭىدىن يېڭى ئوخشىتىشلىرى، ماڭا ھەقىقىي سەنئەتنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرسەتتى. مەن ئۇنىڭ كىتابلىرىدىن تەبىئەتنىڭ نەق ئۆزىنى ۋە ئۇنىڭدىكى قانۇنىيەتلىك ھادىسىلەرنى كۆرەتتىم. رەڭلەر بىلەن پۇراقلار ئۆز تۇرقى بىلەن ئالدىمدا نامايان بولاتتى. «ئېچىلغان تىڭ» ۋەقەلىكىنىڭ قانچىلىك ناقولاي ۋە ئىسكەتسىز بولۇشىغا قارىماي سەنئەت مۇكەممەللىكى جەھەتتىن ئەڭ بۈيۈك سەنئەت ئەسىرى ئىدى. شۇ نەرسە ئېسىمدىن چىقمايدۇكى، بىر قېتىم ئۆزىنى خېلى

چوڭ ئەدەبىيات ئەربابى دەپ ھېسابلايدىغان بىر كىشىگە «ئېچىلغان تىڭ» نىڭ 1-، 2 - توملىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىشنى تەۋسىيە قىلغىنىمدا، بۇ كىتابنىڭ «كولخوزلاشتۇرۇش ھەققىدىكى ئەرزىمەس كىتاب» لىقىنى ئېيتىپ، مېنىڭ تەۋسىيەمنى رەت قىلغانىدى. مەن بۇنىڭدىن ھەيران قالغانىدىم. «ئىش ئەھلى بولمىغانلارنىڭ ئىش ئۈستىگە كېلىشى قىيامەت قايىمدۇر» دەپ ئوقۇغانىدىم پەيغەمبەر ھەدىسلىرىدىن.

شولوخوف 60 يىللىق يېزىقچىلىق ھاياتىدا سەككىز توم ئەسەر قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. لېكىن بۇ سەككىز تومنى ھازىرقى رومانچىلىقنىڭ بازار باھاسى بىلەن ئۆلچەيدىغان بولساق، 80 تومغا ھەتتا 800 تومغا يېتىدۇ. «تىنچ دون» ھەققىدە كېيىنچە ئايرىم توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

### «بالىلىق دەۋر»، «كىشىلەر ئىچىدە» ۋە «مېنىڭ دارىلفۇنۇنلىرىم»

ماكسىم گوركىنىڭ بۇ ئەسەرلىرى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا تونۇشتۇم. «بورانقۇش قوشىقى»، «لاچىن قوشىقى»، «ماكار چۇدرا»، «چېلكاش»، «كونوۋالوف» قاتارلىق ھېكايە - پوۋېستلار بالىلىق قەلبىمدە ئۆچمەس تەسىرات قوزغىغانىدى. مەن ياشاۋاتقان مۇھىتتىن ئۆزگە بىر مۇھىتنى، مەن كۆرۈۋاتقان قىياپەتلەردىن ئۆزگە بىر قىياپەتلەرنى تاماشا قىلماقتا ئىدىم. كۆپ نەرسىلەرگە ھەيران قالاتتىم، كۆپ نەرسىلەرگە مەپتۇن بولاتتىم. ئوخشاش قەددى - قامەتلەر ئوخشىمىغان جانلار ھەرىكەت قىلاتتى. ئوخشاش كالىلاردا ئوخشىمايدىغان روھىيەت جىلۋە قىلاتتى. ئوتتۇرا مەكتەپ قۇچىقىدا ماكسىم گوركىنىڭ جاۋاھىراتلار دۇنياسىغا گۈزەللىكنىڭ تاشقىرسىدىكى باشقا نۇقتىدىن نەزەر سالسام، ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنمۇ گۈزەللىكنىڭ ئىچىدىكى نىشانلىق نۇقتىدىن نەزەر سالىدىغان بولدۇم.

ماكسىم گوركى دۇنياسى ئاجايىپ دۇنيا ئىدى. چىنلىق، گۈزەللىك، ئىزگۈلۈك تېگى - تەكتىدىن چاقناپ تۇراتتى. ئىنسانغا مۇھەببەت، ئىنسان بىلەن پەخىرلىنىش، ئىنسانغا بەخت تىلەش مۇقامى تىنماي ياڭراپ تۇرىدىغان دۇنيا ئىدى. ئىنسانىيەتنىڭ يورۇقلۇقى ئۈچۈن يۈرەكلەرنى مەشئەل قىلىپ ياندۇرىدىغان دۇنيا ئىدى. ئۇ باشتىن - ئاخىر بورانقۇشنىڭ، لاچىننىڭ، دانكونىڭ دۇنياسى ئىدى. مەن مۇشۇنداق ھېس - تۇيغۇلارنى سەزگىنىمدە، شۇ چاغلاردىكى ئۆزۈم ياشاۋاتقان سىنىپىي كۆرەشلەر دۇنياسىغا زوغۇيلۇق بىلەن سەپسالاتتىم.

ئۇنىڭ «ئادەم دۇنيانىڭ ئۇلى، كەمچىلىك-لىرىچۇ دېيىشەر، موھتاجلىقتا خام نانمۇ شېرىن تېتىيدۇ» دېگەن ھېكمىتىنى ئوقۇپ يىغلىۋەتكەنىدىم. ماكسىم گوركىنىڭ دۇنياسىغا باشچىلاپ كىرىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئىدىيىلىرى بىلەن ياشاۋاتقان مەزگىللىرىم ئالىي مەكتەپتىكى تازا كۆڭۈلسىز مەزگىللىرىم ئىدى. ئۆز قېرىنداشلىرىمنىڭ ئالىيىشلىرىغا، پاش قىلىشلىرىغا، دىخمارلاشلىرىغا، كۆرەش قىلىشلىرىغا ئۇچراپ تۇراتتىم. ئەمدى ئويلىسام، «ئۇ كۈنلەر نەقەدەر دەھشەتلىك ۋە چىرايلىق».

«ئارتامونوفلارنىڭ ئىشى» دېگەن كىتابنىڭ بېشىغا يېزىلغان: «ئىنسان شائىر رومىن روللانغا» دېگەن بېغىشلىمىسى تاكى ھازىرغىچە مېنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. ھەقىقىي يازغۇچىنىڭ يۈرىكىدە ھەمىشە ئىنسان ۋە ئىنسانىيەت ھەممىدىن بۈيۈكتۇر. تار مەنپەئەتلەر، تار چەمبەر ھەقىقەتلىرى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان كىشى ئەڭ ئالدى بىلەن پەرىشتە بولۇشى كېرەك. سەنئەتكارنىڭ ۋەزىپىسى ئىنساننى پەرىشتىگە، دۇنيانى جەننەتكە ئايلاندۇرۇش. سەنئەت تەدبىرگە ئايلانغان كۈنى سەنئەتكار شەيتانغا ئايلىنىدۇ. ماكسىم گوركى ئۆز دۇنياسىدىن ماڭا مۇشۇ كەۋسەرلەرنى سۇنغانىدى.

ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭ جۈملە تۈزەش، تىل ئىشلىتىش سەنئىتىگە قالتىس بىر ئىشتىياق بىلەن سەپسېلىپ كەلمەكتىمەن. ئاتىللانىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش يولىدىكى ئىزدىنىشلەر ماڭا كۆپ جاسارەت بېغىشلىدى.

«فوما گوردېيېف» بولسا شېئىردەك يېزىلغان رومان. مەن ئۇنى ئالىي مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇغانىدىم. فوما گوردېيېف، ياكوپ ماياكىن، مېدىنىسكايانىڭ ئوبرازلىرىنى يارىتىپ ئاجايىپ پارلاق سەنئەت قۇدرىتىنى نامايان قىلغانىدى. فوما گوردېيېفنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، تۈنجى قېتىم سىرتقا چىقىپ سودىغا كىرىشىش جەريانى، مۇھەببەت مەشىقى كۆرۈنۈشلىرى كۆزنى قاماشتۇرۇپ روھنى ئۇرغۇتىدۇ، يۈرەكنى ھاياجانغا سالىدۇ.

ماكسىم گوركى دۇنياسى ئۆزىنىڭ پارلاقلىقى بىلەن تىلسىملىقىنى مەڭگۈ يوقاتمايدىغان سۆيۈملۈك دۇنيا.

**«گۇڭ ليۇ شېئىرلىرى»**

مەن گۇڭ ليۇ دېگەن بۇ شائىرنى 1980 - يىللاردا تاپقاندىم. ئۇنىڭ «قارا گۈل، قىزىل گۈل» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇغاندىم. 1981 - يىلى بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئۇنى كۆرگەندىم. كېيىن ئۇنىڭ بىرنەچچە پارچە شېئىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدىم. بۇلاردىن پەقەت «لى تەيبەيىنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن باللادىسىلا «كۆۋرۈك» (ھازىرقى «ئەدەبىي تەرجىمىلەر») ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. قالغانلىرىنى مۇھەررىرلەر مانا، ئەنە دەپ يىتتۈرۈپ تىندى.

گۇڭ ليۇنىڭ شېئىرلىرىدا مەردانىلىق، ھەقىقىي سادا، ھېكمەت جاۋاھىراتلىرى تولىمۇ مول. شېئىرىي ئىماگ بىلەن شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي روھ بىلەن شېئىرىي پۇراق ۋايىغا يەتكەن. مەن خاتىرەمگە ئۇنىڭ «قوي يىلىدىكى سوئال - جاۋابلار» ناملىق شېئىرىنى تەرجىمە قىلىپ قويغاندىم:

- سۇتۇڭنى ئىچمەن، سۆيۈملۈكۈم قوي.
- مەيلى ئىچ، توگمەس؛ چۆپ قېنىغا توي.
- مەن ھەتتا گۆشۈڭنى يالمايمەن تېخى.
- بۇگىمۇ مەيلى دەي، ئاجىزمەن، سېخىي.
- تېرەڭنى يېپىناي، بېرىپ تور، چۆرە.
- ياق، بۇڭا بولمايدۇ، چۈنكى سەن بۆرە!

بۇنداق پەلسەپىۋى مەنىسى چوڭقۇر، ئوتلۇق شېئىرلار گۇڭ ليۇدا ھەددى - ھېساپسىز.

مەن ئۇنىڭ لو لىگۇڭ سىزغان «ئاتا» ناملىق رەسىمگە يازغان شېئىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنىدىم. ئۇنىڭ شېئىرىيىتىدىكى ھەقىقىي شېئىرىي سۇپەتلەر، ئىپادىلەش قۇدرىتى، ھەرقانداق شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ جەۋھىرىنى شېئىرىي ھېكمەتكە ئايلاندۇرۇۋېتىش، ئىخچاملىق، سۈرەتلەش، تاللانغان تىل سېھرىيىتى تا ھازىرغىچە مېنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ كەلمەكتە.

ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى شېئىرىيەتنى زامانىۋى شېئىرىيەتكە ئېلىپ كەلدى. زامانىۋى شېئىرىيەت تېخىمۇ تاكامۇللاشقان، تېخىمۇ گۈزەللەشكەن، ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتىن ئەڭ مۇكەممەل، ئۇدۇل بايان بىلەن ۋەقەلەر جەريانى مۇتلەق تەرك ئېتىلگەن شېئىرىيەت مەنزىلىدۇر. گۇڭ ليۇ شېئىرىيىتى بۇنىڭ بىر مىسالى.

**جۇمەكەن نەجمىدىنوفنىڭ «قۇتۇپ يۇلتۇزى»**

1981 - يىلى، قازاقىستاندا نەشر قىلىنىدىغان «يۇلتۇز» ژۇرنىلىنىڭ بىر سانىدا جۇمەكەن نەجمىدىنوف دېگەن ئىسىم ئاستىدىكى بىر توپ شېئىرنى ئوقۇپ قالدىم. بۇ شېئىرلار مېنى مەپتۇن قىلىۋالدى. قايتا - قايتىلاپ ئوقۇدۇم، خاتىرەمگە كۆچۈرۈۋالدىم. بۇ شېئىرلارنى ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن كېيىن بىرمۇنچە قازاق شائىرلىرىغا كۆرسەتتىم. ئۇلارمۇ ھەيران قېلىشتى. كېيىن جۇمەكەن نەجمىدىنوفنىڭ «قۇتۇپ يۇلتۇزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئالمۇتىدىن ئەكەلدۈردۇم. جۇمەكەن نەجمىدىنوف تىل بىلەن رەسىم سىزىدىغان رەسسام شائىر ئىدى. ئۇنىڭدا ھەممە نەرسە: پىكىر، رەڭ، پۇراق، سۇتۇق، تىل يېڭى ئىدى.

«قۇتۇپ يۇلتۇزى» دېگەن شېئىر مېنى تاكى ھازىرغىچە مەست قىلىپ كەلمەكتە. بۇ شېئىردىكى : «چوڭ ئانا يوق، ياش ئىت يوق قىزىلىق ئۆيلەر ياشىسۇن» دېگەن مىسراسى ھەر بىر شېئىرىي مىسرالىرىم ئۈچۈن ئۈلگە ئىدى. شائىر ئۆزىنىڭ شېئىرىي پىكرىنى، پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى قانداقتۇر بىر دوكلاتچى ياكى ۋەز - نەسىھەتچىدەك ئوقۇمىلار توقۇناقلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر بۈيۈك بېشارەتچى سۈپىتىدە ئوبرازلار ئارقىلىق بېشارەت قىلىدۇ. ئېزىپ ئىچۈرۈش شائىرنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس، شائىر ئاددىيلا ئوقۇرمەنگە ئەمەس، بەلكى قەلبى ناۋاللارغا چۈلغانغان، يۈرىكى ئۆرتەنگەن شائىر ئوقۇرمىنىگە ئىشارە قىلىدۇ. شائىر ئوقۇرمەن ئۇنى سىزىشى، تۇيۇشى، ئاڭقىرىشى لازىم. شائىر چۈشەندۈرۈشكە ئۆتكەن ھامان ئۇنىڭ شائىرلىقى تامام بولىدۇ.

جۇمەكەن نەجمىدىنوفنىڭ ھەر بىر شېئىرى ئىجادىيەت، ھەر بىر شېئىرى سەنئەت جاۋاھىرى. ئۇ ھەر بىر سۆز، ھەر بىر ئوخشىتىشىدا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سەنئەتكارلىقىنى كۆرسىتىدىغان شائىر!

لىرىكىنىڭ باغرىغا ئېپكا كىرگەن ھامان لىرىكىنىڭ ھاياتى توختايدۇ.




*زېمىنىنىڭ ئۆزىدە ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغان ھېكايىلەر بار، ئۇنى پەقەت ھاياتقا سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىنىۋاتقان يازغۇچىلارلا ئوقۇيالايدۇ ۋە باشقىلارغا سۆزلەپ بېرەلەيدۇ.*

*داۋىد مور (ئامېرىكا)*

## 1

بۇنىڭدىن نەچچە يىللار ئىلگىرى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ خوتەنگە بارغۇچە ۋە خوتەندىن يولغا چىقىپ قۇملۇقتىكى تاشيول ئارقىلىق كورلىغا كەلگۈچە «ئېگىز تاغلارنى قاتلاپ ئوقۇيمەن، چوققىلارنى ئاتلاپ ئوقۇيمەن، دەريالارنى دېمىدە قىلىپ، جەزىرىنى تاتلاپ ئوقۇيمەن» دېگەندەك مىسرالارنىڭ قەلبىم ئاسمىنىدا يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتكىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. يول بويىدىكى تاقىر دۆمبەللەر مەيدىسىنى ئېچىپ قويۇپ، يۈرىكىمدە نېمىلەر بارلىقىغا قاراپ باقماسمەن دەۋاتقاندەك قىلاتتى. تاشتىن تاشقا سوقۇلۇپ ئېقىپ كېتىۋاتقان سۇلار نېمىلەرنىدۇر سۆزلەپ بەرمەكچى بولغاندەك ماڭا تەلپۈنەتتى. قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن ئېقىنلاردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ - توزاڭنىڭ سامان قەغەزدەك تاتىراڭغۇ يۈزىدە ئىمىر - چىمىر خەتلەر باردەك كۆرۈنەتتى. كۆجۈم مەھەللە، ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان دەرەخلىق، پايانسىز چۆل، ھاياتلىق يوقلىش ئالدىدا تۇرغان توغراقلىق ۋە چوقچىيىپ ياتقان بارخانلارنىڭ قوينىدا كۆمۈكلۈك بىرنەرسە باردەك قىلاتتى. باش - كۆزۈمنى تۇپىغا مىلەپ ئۆتۈۋاتقان قويۇن، خىيالىم بىلەن پىچىرلاشقان پېتى كۆكسۈمنى سەگىتىۋاتقان سەلكىن، ئەينەككە غەزەپ بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان بورانلار گويا ماڭا بىرەر مەخپىي ئەلەمنى سۆزلەپ بېرىدىغاندەك نىدا قىلاتتى. بۇلار غەربىي دىيارنىڭ بىز تولا كۆرۈپ كۆنۈپ قالغان ئەركىلىرى، تىنىمسىز ئۆزگىرىۋاتقان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ گۇۋاھچىلىرى ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ھازىرغىچە ئۆز لايىقىدا مەدھىيىلەنمىگەن ۋە تەرىپلەنمىگەن بۇ شەيئىلەر سەمىمىيلىككە، ئۆزى ھەققىدىكى ناخشىلارغا موھتاج ئىدى. ئويلاپ قارىسام، شۇ كەمگىچە «ۋەتەن» ۋە «ئانا يۇرت» دەپ تالاي قۇرلارنى پۈتكەن بولساممۇ، شۇ ۋەتەن بىلەن ئانا يۇرتقا ئۈنكرىت شەكىل بەرگەن تۇپراق ۋە تەبىئىي مۇھىت ھەققىدە تۈزۈكرەك بىرنەرسە دېمىگەنلىكىم مەلۇم بولدى. ئۇنىڭ مەردلىكى، ئۇنىڭ تەقدىم قىلىش روھىنى بار

كۆچ بىلەن سۆزلەپتىمەنۇ، لېكىن ئۇنىڭ جىسمى، جاراھىتى، شادلىقى ياكى ھەسرىتى ھەققىدە ئوبدانراق ئويلاناپتىمەن. ھەتتا قۇملارنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا ئىرادىسى سۇنغان ۋە ئۇنىڭدىن قېچىپ چىققان ئۆزۈم تۇرۇقلۇق، تېخى ئۇنىڭغا «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئات قويۇپتىمەن. قۇملار تېگىدە سۇ، سۇنىڭ ئۈستىدە جانلىق بارلىقى، بۈيۈك يىپەك يولىنى گۈللەتكەن بۇ تەبىئەتنىڭ تىرىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىڭغا قويۇلۇۋاتقان ئۈمىد دېڭىزى دېگەن ئاتاقتىمۇ تەڭ بەھرىمەن بولۇپتىمەن. توۋا دېگۈم كېلىدۇ، ئەسلىدە مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئەزىز زېمىندىكى ھېكايىلەركەن ئەمەسمۇ؟ ھېلىقى مىسرالارنى يېزىۋېتىپ نېمىلەرنى ئويلىغان بولغىيتتىم؟ مەن قاتلاپ ياكى ئاتلاپ ئۇقۇماقچى بولغان تاغلار، چوققىلار، مەن دېمىدە قىلماقچى بولغان دەريالار، تاتىلاپ ئۇقۇماقچى بولغان جەزىرىلەر ماڭا نېمىدىن بېشارەت بەرگەن بولغىيتتى؟ مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، يەنىلا ھاياتلىقنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تەبىئەت بىلەن تەڭ تارتقان، شۇ ئانا يۇرتنىڭ سۈيىدە ئېقىپ، ئوتىدا كۆيگەن، ھاياتلىقتا سەممىيلىك بىلەن ياشىغان شائىر - يازغۇچىلارنىڭلا بۇ زېمىندىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى، ھېكايە - قوشاقلارنى ئوقۇپ چىقالايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. مىللەتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ھەققىدە قايتا ئويلانغان ھەمدە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى قۇرۇپ چىقىش يولىدا قان - تەر ئاققۇزغان كىشىلەرنىڭلا ئۇ ھېكايىلەرنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلدىم. بولۇپمۇ شۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى تۈپەيلى، رايونىمىزدا «تەبىئەت ئەدەبىياتى» نىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. بۇنى باشلىغان دەل ئەخمەت ئىمىن بولدى.

## 2

1970 - يىلى 4 - ئاينىڭ 22 - كۈندىكى تۈنجى يەرشارى كۈنىدىن ئېتىبارەن ناھايىتى ئاز سانلىق ئادەملەرگىلا مەلۇملۇق بولغان تەبىئەت ئەدەبىياتى ئۆزىدىكى نەسر شەكلى بىلەن كۈنسايىن ۋايىغا يېتىپ، ئېلىمىزدىكى بىر تۈركۈم ئەدىبلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. ئۆزىدىكى يېڭىلىق، ئالاھىدىلىك ۋە مۇستەقىللىققا تايىنىپ، ھېكايە ۋە ئوچېرك كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ چىققىنى ھەمدە ئەدەبىياتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى نوقۇل ھالدا ئادەملەرنى تەسۋىرلەش، قۇملۇق ۋە بوستانلىقلار ھەققىدە ئويلىنىش يولىغا ئېلىپ كىردى. ئۇ بىرىنچى شەخسنىڭ بىۋاسىتە پىسخىك دۇنياسى ۋە روھىي بايانلىرىنى ئاساس قىلغان ئەڭ تىپىك ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، رېئاللىققا بىۋاسىتە ئارىلىشىدىغان شەكىل بىلەن ئادەملەرنى ئۆزلىرى قۇرۇۋاتقان ماددىي مەدەنىيەت دۇنياسىدىن ئۇلار ئۆزلىرى بۇزۇۋاتقان تەبىئەت دۇنياسىغا يېتەكلىدى. ئۇلارنى جىسمانىي، روھىي، مەنىۋى كەچۈرمىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇلارنى ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئويلىنىشقا چاقىردى. نەتىجىدە بۇ ئادەملەر، بولۇپمۇ ئەدىبلەر روھ بىلەن ماددىنى، ئۆزلۈك بىلەن مۇھىتنى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنى بىر گەۋدىگە يىغىنچاقلاپ، ئەڭ باشتىكى ئىپتىدائىي، پارچە - پۇرات تەبىئەت خاتىرىلىرىنى ئىنسانلار بىلەن ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان تەبىئەت ئەدەبىياتى قىلىپ راۋاجلاندۇردى.

بىز بۇ يەردە دەۋاتقان تەبىئەت ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى، تەبىئەت تەسۋىرىنى ئاساسىي تېما قىلىش، ئادەم بىلەن تەبىئەت مۇناسىۋىتى ھەققىدە باش قاتۇرۇشنى ئالدىنقى مەزمۇن قىلىش، ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدا بارغانسېرى سۇسلاۋاتقان تۇپراق ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى يېڭىۋاشتىن تىلغا ئېلىش ئىدى. بۇ خىل ئەدەبىياتنىڭ تەۋەللۇت بولۇشىغا سانائەت مەدەنىيىتى بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ئارىسىدا بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان رېئال توقۇنۇشلار سەۋەب بولدى. ماددىي مەئىشەت تۈپەيلى بارلىققا كېلىۋاتقان روھىي ئەنسىزلىك پايانسىز تەبىئەتنى، يەنى ۋەتەن ۋە ئانا يۇرتقا كونكرېت شەكىل ۋە مەزمۇن بەرگەن زېمىننى تاۋارلاشتۇرغاندىن باشقا، ئادەملەرنىڭ غۇرۇر ۋە ئىپتىخارىنىڭ ئۇلىغا پالتا ئۇرۇپ، مەنىۋىيەت جەھەتتىمۇ ئورنىنى تولدۇرۇشقا بولمايدىغان

قاقاسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا بىر پارچە يېشىل يەر قالدۇرۇش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان بىر قىسىم ئادەملەر نەزەر دائىرىسىنى ئۆزلىرى ۋەيران قىلىۋاتقان تەبىئەت دۇنياسىغا ئاغدۇرۇشقا، ئۆزلىرىگە زۆرۈر بولۇۋاتقان مەنىۋى تەسەللى ۋە مەنىۋى سەھرالارنى، مەنىۋى چىمەنزارلىقلارنى تەبىئەت قوينىدىن ئىزدەپ تېپىشقا، مەنىۋى جەھەتتىكى ئىپتىدائىي قەدىمى - يۈكسەكلىك ۋە قولدىن كېتىپ بارغان شانۇ - شەۋكەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. يىغىپ ئېيتقاندا، سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ ۋەھشىيلىكى بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇلايىملىقى ئارىسىدىكى زىددىيەت، ئىنسانلارنىڭ ھايات - ماماتى ۋە تۇرمۇشىنىڭ پاراۋانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئېغىر مەسىلىگە ئايلاندى. بۇ خىل نەسر ئىجادىيىتى بىرىپ - بىرىپ ئادەملەرنى چۆچۈتىدىغان، ئۇلارنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان، ئۇلارنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم بىر ساھە بولۇپ شەكىللەندى. تەبىئەتنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭدىن ئېمىنىش، ماددىي مەدەنىيەتنى قوغلىشىش ۋە بۇلغانمىغان بىر پارچە پاك زېمىننى قوغداش ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ تەبىئەت ئەدەبىياتىنىڭ يادروسى ھېسابلانغان نەسرچىلىكنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

3

ئەخمەت ئىمىنىنىڭ تەبىئەت ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسىگە باھا بېرىش ۋە نەسر ئىجادىيىتى ھەققىدە سۆزلەشتىن بۇرۇن تەبىئەت دۇنياسىدىن كېلىۋاتقان ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلماي تۇرالمايمىز.

بىرىنچى ئۇچۇر: خەنزۇچە نەشر قىلىنىدىغان «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2125 - سانىغا «ئېبنۇر كۆلى كېمەلەرگە يىغلايسەن؟» سەرلەۋھىلىك بىر يۈرۈش ماقالە ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا: 1998 - يىل 9 - ئاينىڭ 27-، 28- كۈنلىرى بورتالا شەھەر كوچىلىرىدا كېتىپ بارغانلارنىڭ بېشىغا سۇلياۋ خالتا كىيىۋالغانلىقى، ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارنىڭ كۆپكۈندۈزدىمۇ چىراغ ياندۇرۇپ مېڭىۋاتقانلىقى، قۇتراۋاتقان بوراننىڭ قوي - كالىلارنى ئۇچۇرتۇپ كەتكەنلىكى، بىڭتۇەن 5 - دىۋىزىيە 83-، 89-، 91 - تۇەن - مەيدانىدىكى ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە ھەر يىلى 100 توننا، جىڭ ناھىيىسىگە 288.64 توننا، بورتالا شەھىرىگە 72.07 توننا توپا ياغىدىغانلىقى كۆرسىتىلدى. شۇ ماقالىلەردە يەنە بورتالا دەرياسى، جىڭ دەرياسى، داچيەنزى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا كۆپلەپ بوز يەر ئېچىلغانلىقى، يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكى تۈپەيلى ئېبنۇر كۆلىنىڭ 40 يىل مابەينىدە 600 كۋادرات كىلومېتىر كىچىكلەپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭدىكى سۇنىڭ 2 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر ئازايغانلىقى، زورمۇزور دەرەخ كېسىش، ئورمانلارنى قومۇرۇپ تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇش، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى يوقىتىشلار يېتىپ ئاشمىغاندەك، ھەر يىلى قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقىنىڭ 39.8 كۋادرات كىلومېتىر كېڭىيىۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىندى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئېبنۇر كۆلى نېمىشقىمۇ يىغلىمىسۇن؟! ئۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە يىغلىغانمىدۇ ياكى مەسئۇلىيەتسىز ئادەملەرنىڭ ئەۋلادلىرىغا يىغلىغانمىدۇ؟ گېزىتنىڭ مەزكۇر سانى قۇرۇپ چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەن ئېبنۇر كۆلىنىڭ رەسىمى ئۈستىگە: «ئېبنۇر كۆلى ئىككىنچى لوپنۇرمۇ؟» دېگەن خەتلەرنى بېسىپ قويغانىدى.

ئىككىنچى ئۇچۇر: خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1998 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى سانىغا «باغراش كۆلى لوپنۇر كۆلىدەك كۈنلەرگە قالارمۇ؟» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالە بېسىلدى. ئۇنىڭدا باغراش كۆلىگە ھەر يىلى ئالتە مىليون كۇب مېتىر بۇلغانغان سۇ، جۈملىدىن 26 مىڭ توننا ئەخلەتنىڭ ئېقىپ كېلىدىغانلىقى، ئېتىز - ئېرىقلاردىن چىقىپ قويۇلىدىغان 200 مىليون كۇب مېتىر سۇ بىلەن بىللە 460 مىڭ توننا تۇزلۇق ماددىلارنىڭ بىرگە كېلىدىغانلىقى ئەسكەرتىلدى. ماقالە ئاپتورى ئاخىرىدا: «مەملىكىتىمىزدىكى سۈيى تاتلىق بۇ چوڭ كۆل يا تۇزلۇق كۆل بولۇپ قالىدۇ، يا بولمىسا لوپنۇر كۆلىدەك ئاقىۋەتكە قالىدۇ ھەمدە كۆنچى دەرياسىدىن قالايمىقان پايدىلىنىش، ئۇنى

ئەخلەت ۋە يۇندا ئورىسغا ئايلاندۇرۇش، ئۇنى پاسكىنا سۇلارنىڭ ماكانى قىلىپ قويۇش چوقۇم باغراش كۆلىگە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بالا ـ قازا ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ ئەسكەرتتى.

ئۈچىنچى ئۇچۇر: ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 735 ـ سانىغا «قەشقەرگە كەلسىڭىز كېلىڭ، لېكىن تۈمەن سۈيىنى ئىچمەڭ» ناملىق رەسىملىك ماقالە ئېلان قىلىندى. ئاپتور بۇ ماقالىدە: «تارىختىن بۇيان قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە دۇنياغا نامى تارالغان، يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدە مەدھىيىلەپ كېلىۋاتقان تۈمەن دەرياسى بۈگۈنكى كۈندە ئېغىر بۇلغىنىپ، جان تالىشىش ھالىتىدە تۇرماقتا. بۇ ئۇلۇغ ئانا دەريانىڭ بۈگۈنگە كەلگەندە تارىيىپ، ئىككى قىرغاقتىكى بۈك ـ باراقسان ئورمانلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشى تولىمۇ ئېچىنىشلىق بىر ئىش» دەپ يازغانىدى.

تۆتىنچى ئۇچۇر: خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى سانىغا «تارىم بوستانلىقىنىڭ قۇملىشىشى ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدۇ» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە بېسىلدى. ئۇنىڭدا چارقىلىق ناھىيە ئويتام يېزىسىدىكى ئەھۋال سۆزلەنگەن بولۇپ، مۇخبىرلار پەقەت 20 يىل ئىچىدىلا 3 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنىڭ قۇم ئاستىدا قالغانلىقىنى، تەكلىماكاندىكى قۇملۇقنىڭ ھەر يىلى 100 مېتىر تېزلىك بىلەن ئېتىز ـ ئېرىقلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۆتكەنلىكىنى بايان قىلدى.

بەشىنچى ئۇچۇر: ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 738 ـ سانىدا «سۈزۈك سۇ بىزدىن يىراقلاپ كەتتى، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ سۈيى ئەخلەت ۋە پاسكىنا سۇ بىلەن بۇلغانماقتا» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالە بېسىلدى. . .

پۈتكۈل ئاتموسفېرا، ئاي شارى، جومولاڭما چوققىسى ۋە بارلىق ساياھەت ئورۇنلىرى ھەددىدىن زىيادە بۇلغىنىۋاتقان، بولۇپمۇ ئېلىمىز مۇھىتىدىكى بۇلغىنىش تۈپەيلى ھاياتلىق ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى مەركەز قىلغان بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق تەبىئەت ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېيخەي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. 2 ـ نۆۋەتلىك يىغىن 1999 ـ يىلى سىنگاپوردا ئېچىلدى. مۇشۇ نۆۋەتلىك يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان سىنگاپور يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى دوكتور ۋاڭ رۇنخۇا: «ئورمان ـ يەر شارىدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئەرزان، ئەڭ ئۈنۈملۈك ھاۋا تازىلىغۇچ. يازغۇچىلارمۇ ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئەرزان، ئەڭ ئۈنۈملۈك ھالدا جەمئىيەت بىلەن ئىنسانلار قەلبىنى تازىلايدىغانلاردۇر. ناۋادا، بىز بارلىق غەيرىتىمىزنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىمىزدىكى ھەقىقەتتىن شەكىللەنگەن نەپەسنى سىرتقا چىقارساق پۈتۈن دۇنيانىڭ ئاتموسفېراسى يېڭىلانغان ۋە تازىلانغان بولاتتى» دېدى. ئامېرىكا ۋىسكانشىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى جۇ سىشۇڭ: «تارىختىن بېرى مەينەت ئاتالغان 880 چاقىرىملىق چىنچۇەن دالاسى چىن شىخۇاڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان مەزگىلدە ئۇنى ماددىي ۋە مالىيە كۈچى بىلەن تەمىنلىگەنىدى. لېكىن خەن ۋە تاڭ سۇلالىلىرىغا كەلگەندە، بوز يەرلەرنىڭ زىيادە ئېچىلىشى تۈپەيلى مادارىدىن كەتكەن بۇ زېمىن ئاخىرىغا بېرىپ گىياھ ئۈنمەيدىغان سېرىق تۇپراق ئېگىزلىكىگە ئايلىنىپ كەتتى. خۇاڭخې دەرياسىمۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا ھېسابسىز سۇ ئامبارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆرە ئۈزۈلۈپ ئاقىدىغان بولدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى سەلتەنەتلىرى غايىب بولدى» دەپ سۆزلىدى. لېكىن مۇشۇ ئىككى نۆۋەتلىك يىغىننىڭ ئالدى-كەينىدىلا ئەمەس، بەلكى خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ۋە مىڭلىغان، مىليونلىغان كىشىلەر تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت شەرق پەلسەپىسىگە پىسەنت قىلمىدى. ئۇلار «ئادەم نىيەت قىلىدىغانلا بولسا، تەبىئەتنى يېڭىدۇ» دەيدىغان قارام ئېتىقاد بىلەن كۆللەرنى تىندۇرۇپ ئېتىز ياسىدى، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىنى ئاۋات بازارلارغا ئايلاندۇردى، ھەتتا دېڭىزنىمۇ تىندۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. يالغۇز تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىلا بوز يەر ئېچىش ۋە چۈچۈك بۇيا يىلتىزىنى كولاپ پۇل تېپىش شوئارىنىڭ قۇدرىتى تۈپەيلى، ئەسلىدىكى توغراقلىق، يۇلغۇنلۇقلار يوقالدى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر تۈگىدى،

نەتىجىدە شىمال تەرەپتىكى قۇملار جەنۇب تەرەپكە سەپەر قىلدى. يېقىنقى مەزگىلدىكى بېيجىڭ شەھەر ئاسمىنىنىڭ قۇم بوران بىلەن قاپلىنىپ، ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچالماس ياكى قونالماس بولۇپ قالغانلىقىمۇ مۇشۇنداق كاساپەتچىلىكلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى. سانائەت مەدەنىيىتىنى ئىككى قوللاپ قارشى ئالغان ئەينى چاغنىڭ ئۆزىدە ماددىي مەدەنىيەت ھەلەكچىلىكى بىلەن تەبىئەتنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقان بۇ ئادەملەر يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇچۇرلارغا قاراپمۇ قويمىدى. ئامەتلىك يازغۇچى جوناسىن ئېدۋارد (1703 ـ 1758) نىڭ «پەقەت تەڭرىنىڭ يېقىنلىرىلا تەبىئەتتىن پايدىلىنىپ تەڭرى بىلەن مۇڭدىشالايدۇ» دېگەنلىرىمۇ، يا بولمىسا لارپ ۋولد ئېمېرسون (1801 ـ 1848) نىڭ «يالغۇز تەڭرىنىڭ يېقىنلىرىلا ئەمەس، بەلكى كۆزى روشەن ھەرقانداق ئادەم سەل - پەل دىققەت قىلسىلا روھنىڭ سىمۋولى تەبىئەت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ» دېگەنلىرىدىنمۇ، ۋىلىيام بارتىمدام (1739 ـ 1823) نىڭ ئۆز ئۆمرىدە پەقەت ئورمان مۇئەككىلىنىلا تاۋاپ قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئەسلەپ قويۇشمىدى. مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا ئادەملەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان تونۇشىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشى، تېخىمۇ مۇھىمى ئادەملەرنىڭ روھىي ھاياتىغا يېڭى تۇغۇلۇش ئاتا قىلىش مۇددىئاسى بىلەن زەڭگەر ئاسمان، ئاپئاق بۇلۇت، قارايغان قار، دۆۋىلەنگەن ئەخلەت، ئۆچەي - قارنى چۇۋۇلۇپ كەتكەن زېمىن ئالدىدا تۇرغان ئەخمەت ئىمىنىدىن «سادا» چىقتى. ئۇمۇ بىز يۇقىرىدا قەيت قىلغان ماقالىلەردە كۆرسىتىلگىنىدەك: «بىز قۇملارنى بوستانلىقلارغا ئايلاندۇرىمىز دېدۇق، نەتىجىدە كۆپتىن كۆپ بوستانلىقلارنى جەزىرىگە ئايلاندۇرۇۋەتتۇق. قۇملارنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرىمىز، ماكانىمىزنى قوغدايمىز دېدۇق، ئاخىرىغا كېلىپ ماكانىمىزنى قۇملارنىڭ ئىشغالىيىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. قانچە ئالسا تۈگىمەيدىغان بايلىمىز بار دېدۇق، ئاخىرىدا زېمىننىڭ ئۆچەي - قارنىنى قوچۇۋەتتۇق، نادانلىقىمىزدىن ياپپېشىل تۈزلەڭلەرنى بۇزدۇق، ئەخلەت دۆۋىلىرىدىن تاغ ياسىدۇق، دەپ نىدا قىلدۇق» . بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئېيتقىنىدەك ئۇنىڭ قەلبىدىن چىقىۋاتقان سادالار ئىدى.

لېكىن، ھازىرغا قەدەر تەبىئەت ئەدەبىياتى دائىرىسىدە نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ تەبىئەتكە تەلپۈنۈشى ئوخشاش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قەلىمى ۋە ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى تەبىئەت بىر - بىرىگە ئوخشىمىدى، ئەخمەت ئىمىنىنىڭ شەھەر ئاسمىنىنى، چوڭ يوللارنى، ماشىنىلارنى، ئورمانلارنى، بوستانلارنى، كىسلاتالىق يامغۇرلارنى، ئىس - تۈتەكلەرنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئالتاي تاغلىرىنى، تارىم جاڭگاللىقىنى، قاراقۇرۇم تاغلىرىنى يېزىشىمۇ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمىدى. ئوچۇقراق ئېيتقاندا، ئۇ تەبىئەت توغرىسىدىكى شېئىرىي مىسرالاردا بىكاردىن بىكار ئىنجىقلايدىغان، يالغان ۋە چاكىنا ھاياجان بىلەن يا يىغلاۋاتقانلىقىنى، يا كۈلۈۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان شائىرلاردىن، لۇشۇن ئەپەندى مەسخىرە قىلغان پۈتىنىڭ ئۇچىغا قارىپ يوتىسىنى، يوتىسىغا قاراپ پۈتۈن بەدىنىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان زەئىپ نەسرچىلەردىن كۆپ يىراقلاپ، تەبىئەتنىڭ ئىگىسى بىز دەۋاتقانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ پۇقراسى بىز دەۋاتقانلارنى ئوخشاشلا ئەندىكتۈرىدىغان قاراشلارنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدى.

بۇ يەردە بىز ئامېرىكىلىق ئېمېرسون ۋە ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش بولغان ھېنرى داۋىد ھورۋى (1817 ـ 1862) نىڭ تەبىئەت دۇنياسى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈش لازىم دەپ قارايمىز. ئېمېرسوننىڭ نەزىرىدىكى تەبىئەت بىر خىل ئىدراكىي تەبىئەت، دىداكتىك نەسىھەت خاراكتېرىنى ئالغان بىر دۇنيا، شۇنداقلا نىسبەتەن ئابستراكت، مەلۇم يۈكسەكلىكتىكى سېھرىي پايانسىزلىق. ئۇ بىز «ئورمانلار ۋە چاتقاللار قوينىدىن ئەقىل - پاراسەت ۋە ئېتىقاد تاپالايمىز» دەپ قارىدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرى تەبىئەت ئالدىدىكى قايىللىق ۋە ئۇنىڭغا بولغان چوقۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، ھورۋى تىۋىنىۋاتقان تەبىئەت مەلۇم دەرىجىدە ئىپتىدائىي، ياۋايى، ئېچىلمىغان، پەقەت ئادەمگە مەنىۋى ۋە روھىي جەھەتتىن كەڭلىك بېغىشلايدىغان، ھەرقانداق دىداكتىك خاراكتېرىدىكى پەند - نەسىھەتتىن خالى چەكسىزلىك ئىدى. ئېمېرسون بۇ تەبىئەتتىن غۇرۇر، ئىپتىخار، ئەقىل - ئىدراك تاپماقچى بولغان بولدى. ھورۋى ئۇنىڭدىن

پەقەت باللارغىلا تەئەللۇق، ئۇلارغا خاس ئەركىنلىك، پادىچىلارغىلا مەنسۇپ بولىدىغان ئازادلىق، ئىنساننىڭ مەنىۋىيىتى ۋە جىسمىغا پايدىلىق مەلھەم، كۆرۈنۈشتە ئاددىي - ساددا، ماھىيەت جەھەتتە بايلىق بىلەن تولغان ئارامبەخش تۇرمۇش شەكلىنى ئىزدىدى. ئىمىرسون ئادەملەرنى كونا دۇنيانىڭ كۆلەڭگىلىرىدىن قۇتۇلۇپ، روھىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقنى، ھاياتلىقنى تەبىئەت ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى. ھورۋى كىشىلەرنى ئەقىل بىلەن ياشاشقا ۋە جانلىق ئويلىنىشقا ئۈندىدى ھەمدە تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇش مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتى.

ئەخمەت ئىمىن ھايات كەچۈرۈۋاتقان ۋاقىتتىكى تەبىئەت بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتى بۇرۇنقىلار ياشىغان دەۋر بىلەن ئوخشاش ئەمەس بولدى. ئىمىرسون قاتارلىقلار ياشاۋاتقان مەزگىللەردىكى تەبىئەت ئىنتايىن يۇكسەك، قورقۇنچلۇق، خىلۋەتتەك ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئۇ تېخى ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى يوقاتمىغانىدى. ئەخمەت ئىمىننىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە، ئەقەللىسى رايونىمىزدىكى تەبىئەت بۇزۇلغان ياكى بۇزۇلۇۋاتقان ھالەتتە ئىدى. ئادەملەر ماددىي مەنپەئەت ئالدىدا ئالجىغان، تەبىئەتتىن پايدىلىنىشتا ئەسەبىيلەشكەن، ئۇنى بۇزۇشتا تېخىمۇ ۋەھشىيلەشكەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى تەبىئەت ئۆزىنى قوغداشقا ئامالسىز قالغان دەرىجىدە بىچارە ئىدى. ئەخمەت ئىمىن مۇشۇلارغا كۆرە، ياۋايى قۇشلارنىڭ، ھەسرەت چېكىۋاتقان توغراق ۋە يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ، بۇلغانغان سۇ ۋە ھاۋانىڭ ئىنسانىيەت ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ كۆپىنچە يازغۇچىلاردەك مەۋھۇم ۋەتەن، ئانا يۇرت تېمىسىدا توختاپ قالماي، بۇ ۋەتەن ۋە ئانا يۇرتقا كۈلكە ياكى ياش، شادلىق ياكى ھەسرەت بەرمەكچى بولدى. ئۇ ماددىي جەھەتتە قارىغۇلارچە يۈكسىلىشنى ۋە تىزگىنلەشتىن خالىي ھالدىكى تەرەققىياتنى، ئىنسانلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە يارىتىۋاتقان پاجىئەسى بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئالدى. ئادەملەرنى ئاخىرقى تار كوچىدىن توسۇشقا ئاتلاندى. ئۇ ئۆز تەسۋىرىدىكى تەبىئەتنى ھەم ئىدراكىي، ھەم ھېسسىي، ھەم رېئال، ھەم روھىي جەھەتتىن شەرھلىدى.

## 4

ھەقىقىي مەنىدىكى نەسر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يازغۇچىنىڭ كەچۈرمىشى، يەنى روھىنىڭ پاكلىنىشى ئارقىلىق ئۆز قەلبىدە شەكىللەنگەن تەبىئەت تۇيغۇسى كونكرېت ۋەقەلەرنىڭ يىغىندىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىكى ئادىمىيلىك، خاسلىق، ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ ستېرېئولۇق ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. 'مۇنداق نەسر ھېكايە ياكى رومانلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا شېئىر بىلەن قوشكېزەك بولىدۇ. ھېكايىلەردە ئاپتور ئۆزى ئىجاد قىلغان ھېكايىلەرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى پېرسوناژلار ئارقىلىق رويابقا چىقىدۇ. ھالبۇكى، نەسردە ئىجادكار سەھنىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ، چۈمپەردە تارتىۋالمىغان بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئاپتوردىكى چىنلىقنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم بولىدۇ. نەتىجىدە نەسر چىنلىققا، خاسلىققا ۋە تەڭداشسىزلىققا يېتىپ بارالايدۇ. ھاياتلىقنىڭ شەرھىيىسى، دەۋر ئىدىيىسى، تارىخنىڭ ئەكس ساداسى بولالايدۇ.

دېمەك، نەسر يازغۇچىنىڭ ھايات مۇساپىسى بىلەن ئۇنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، پەزىلىتىدىكى خاسلىق ۋە كەيپىياتىدىكى ھېس - تۇيغۇدىن ئىبارەت بىر خىل ژانىر. بىز نەسر ئوقۇغاندا مۇئەييەن بىرەر پېرسوناژنى، بىرەر ئوبرازنى ئەمەس، ئالدى بىلەن يازغۇچىنىڭ ئۆزىنى ئوقۇيمىز ياكى ئۇنىڭ ھاياتىنى، ئۇنىڭ ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى، ئۇنىڭدىكى سەمىمىيلىكنى ئوقۇيمىز. بىز ئەخمەت ئىمىننىڭ تەبىئەت توغرىسىدىكى نەسرلىرى ئۇنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تونۇشىنى، تەبىئەتكە بولغان مۇھەببىتىنى، ئىنسانىيەتكە بولغان مەسئۇلىيىتىنى، ئۇنىڭ تەبىئەت بىلەن ھاياتلىقتىن، تارىخ بىلەن رېئاللىقتىن ئالغان تەسىراتىنى، ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇش بىلەن كەلگۈسى دەۋر ھەققىدىكى ئويلىنىشىنى ئوقۇيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۆزىدىكى پاكلىقنى ئوقۇيمىز.

مەن ئاخىرىدا، غەربىي شىمالنى ئېچىش جەريانىدا تەبىئەتنى قوغداشنى، ئۇنى خالىغانچە بۇزۇۋەتمەسلىكنى ئۈمىد قىلىمەن. تەبىئەت رايونىمىزدا ئەدەبىياتنىڭ ئايرىم بىر تېمىسى بولۇپ قېلىشىنى خالايمەن.

# ئادەمدىن خۇداغىچە



— تەسەۋۋۇپ ھەققىدە

ئىبراھىم ھەققۇلوف

تەسەۋۋۇپ دۇنيادىكى تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى، بەدىئىي تەپەككۇرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان كۆپ تارماقلىق مۇرەككەپ تەلىمات. تەسەۋۋۇپ تارىخىنىڭ بەزىبىر مۇھىم تەرەپلىرى، خۇسۇسەن ئۇنىڭ مەنىۋى چۈشەنچە تەرەپلىرى ھازىرغىچە تولۇق تەتقىق قىلىنمىغان. رۇس ئالىمى ئى. م پېتروشىۋسكىنىڭ قەيت قىلىشىچە، ئىنگلىز شەرقشۇناسى ر. نىكولسون XI ئەسىرگىچە بولغان يازما مەنبەلەردىن تەسەۋۋۇپ، يەنى سوپىزم چۈشەنچىسىنىڭ 78 خىل مەنىدىكى شەرھىسىنى ئېنىقلىغان. شۇ دەلىلنىڭ ئۆزىلا تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ نەقەدەر خىلمۇخىللىقىنى ئىسپاتلايدۇ. تەسەۋۋۇپنىڭ بىر قانىتى مىستىتسىزم بولسا، يەنە بىر قانىتى ئاسكېتىزم، يەنى زاھىدلىق ۋە تەركىدۇنياچىلىقتۇر. بىراق ئۇنىڭ مەركىزىدە پانتېئىزم، يەنى ۋەھدەتى ۋۇجۇد (ھەق ۋۇجۇدىغا ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ قوشۇلۇشى) غايىسى ياتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەسەۋۋۇپنى ئۆگىنىشتە تارىخچى، ئىلاھىيەتشۇناس، پەيلاسوپ، ئەدەبىياتشۇناس ۋە پسىخولوگ ئالىملارنىڭ ھەمكارلىقلىرى ئىنتايىن مۇھىم. شەرق تەسەۋۋۇپىدا بۇتپەرەسلىك، خرىستىئانلىق ئالامەتلىرى بولسىمۇ ئۇ ماھىيەت جەھەتتىن يەنىلا ئىسلامىدۇر. تەسەۋۋۇپ باشقا دىن ۋە پەلسەپەلەردىكى ئىلغار قاراشلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن. بۇ تەلىماتنىڭ مۇستەھكەم ئورۇنغا ئېرىشىشىدە بىبى رابىئە، ئەبۇھەمىد غەززالى، ئىبىن ئەرەبى، فەرىدوددىن ئەتتار، بايەزىد بەستامى، ئەبۇبەكىرشىبلى، مەنسۇر ھەللاجى، جالالىددىن رۇمى، خوجائەھمەد يەسسەۋى، بەھاۋىددىن نەقشىبەندى قاتارلىق ئالىم ۋە شائىرلارنىڭ خىزمىتى چوڭدۇر.

ئابدۇرەھمان جامىنىڭ «باھارىستان» ئەسىرىدە يېزىلىشىچە شەيخ ئەبۇسەئىد ئەبۇلخەيىردىن «تەسەۋۋۇپ دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «بېشىڭدا نېمە بولسا چىقىرىپ تاشلاش، قولۇڭدا نېمە بولسا قولۇڭدىن كەتكۈزۈش، باشقىلاردىن ھەرقانداق ئازار يېسەڭ رەنجىمەسلىك» دەپ جاۋاب بەرگەن. ھەقىقىي سوپىلار بۇ شەرتلەرگە ھەقىقەتەنمۇ ئەمەل قىلىشقان. نەقىللەرگە قارىغاندا ئۆز زامانىسىنىڭ بۈزرۈكۋارى سىراجىددىن قەزۋىنى بىلەن ئۇلۇغ شائىر مەۋلانا جالالىددىن رۇمىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ئانچە ياخشى بولمىغانىكەن. جالالىددىن رۇمى بىركۈنى قەزۋىنىنىڭ يېنىدا «مەن 73 مەزھەب بىلەن بىردۇرمەن» دېگەن گەپنى ئېيتىپتۇ. قەزۋىنىدە شۇ ئەقىدىسى ئۈچۈن رۇمىنى رەنجىتىش ۋە ئۇنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈش غەرىزى پەيدا بولۇپتۇ. كېيىن ئۇ ئۆز

يېقىنلىرىدىن بىرىگە: «سەن جامائەت ئالدىدا مەۋلانادىن سەن مۇشۇنداق دەپسەنغۇ، دەپ سورا. مۇبادا ئىقرار قىلسا سەن ئۇنى سۆك ۋە رەنجىت». ئۇ كىشى تاپشۇرۇقنى ئورۇنداپ، جامائەت ئالدىدا شائىرنى سوراققا تارتىپتۇ. رۇمى نېمە دېگەن بولسا ھەممىسىنى ئىقرار قىلىپتۇ. ھېلىقى كىشى تاپشۇرۇق بويىچە رۇمىنى ھاقارەت قىلىپ سۆكۈشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا شائىر تەبەسسۇم بىلەن: «مەن بۇلار بىلەن بىردۇرمەن» دېگەنىكەن.

مىر ئەلشىر نەۋائىينىڭ «نەسائىمول مۇھەببەت» ئەسىرىدە پۈتۈلگەن بۇ ھېكايەتتە ھەقىقىي تەسەۋۋۇپ خاراكتېرىغا خاس بولغان ئۈچ خۇسۇسىيەت تەكىتلەنگەن. بىرىنچىسى، كەم ئەقىل ئادەملەر رەنجىتكەندە رەنجىمەسلىك؛ ئىككىنچىسى، بىرەر كىشىنى رەنجىتىش لازىم بولغاندىمۇ ئۇنىڭغا ئازار بەرمەسلىك؛ ئۈچىنچىسى ۋە ئەڭ مۇھىمى باشقا دىن ۋە باشقا مەزھەپتىكى ئادەملەرنى ئورۇنسىز مەنسىتمەسلىك.

ئەلشىر نەۋائىينىڭ «فەۋايىدول كىبەر» دىۋانىدا بىر غەزەل بار. تەسەۋۋۇپ مۇھاكىمىسىگە باغلىق بولغان ئۇ شېئىر مۇنداق باشلىنىدۇ:

بىراۋگە مۇسەللەم تەرىقى تەسەۋۋۇف،
كى زاتىدا مەۋجۇد ئەمەستۇر تەخەللۇف.

يەنى: كىمكى تەسەۋۋۇپ تەرىقىتىنى ماقۇل كۆرسە، ئۇنىڭ شەخسىيىتىدە ۋە ماھىيىتىنى بىلىشىدە زىددىيەت ۋە خىلاپلىق بولماسلىقى كېرەك. بۇ بېيىت مەزمۇنىنى:

«تەسەۋۋۇپ تەرىقىتىگە ھەق زاتىنى چۈشىنىشتە ئىختىلاپ يوق» دەپمۇ چۈشىنىش مۇمكىن. لېكىن بۇ مەنە ئالدىنقى شەرھىنىمۇ ھەرگىز ئىنكار قىلمايدۇ.

تەسەۋۋۇف رىزا ئەھلىدىن ياخشى ئەخلاق،
ئېرۇر ئىسلاھاتى زىبۇ تەكەللۇف.

تەرىقەتتىكى يەتتە ئۆلچەمنىڭ بىرى «رىزا». شەرىئەت شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، «تەۋھىد» پەلەمپەيلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن «رىزا ئەھلى» ئۈچۈن ياخشى ئەخلاق ھەقىقەتەنمۇ مىسلىسىز زىننەت. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ «زىبۇ تەكەللۇف» لىرى ماھىيەتتە ئۆزىنى ئېغىر مۇشەققەتلەرگە گىرىپتار قىلىپ، ئىچكى قارشىلىقلىرىنى يېڭىش ئارقىلىق خۇلقىنى پاكلاشتۇر.

تەسەۋۋۇف ئەمەس زۇھدۇ تەقۋىيۇتائەت،
كى ئاندە رىيا يول تاپار بىتەۋەققۇف.

تەسەۋۋۇپ ـ خالىسلىق تەلىمى. تەسەۋۋۇپ ـ ساپلىق. تەسەۋۋۇپ ـ رىياسىزلىق «تەقۋىي» سى. ئۇ «قۇللۇققا بەلنى مەھكەم باغلاشقا» چاقىرسىمۇ، ھەق ـ ئادالەت قۇللىرىنىڭ نەقەدەر ئەقلىي، مەنىۋى، ئەخلاقىي ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەمەلدە ئىسپاتلايدۇ. تەسەۋۋۇپ ـ مۇئامىلە مەدەنىيىتى. ئۇ تىل ۋە دىل يۇمشاقلىقىغا، ئۆزگىلەردىن كېلىدىغان رەنجۇ ـ ئازارلارنى غەزەپ ۋە ئاداۋەت خەنجىرىگە قول سوزماي بىر تەرەپ قىلىشقا ئۆگىتىدۇ.

خوش، تەسەۋۋۇپ سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى نېمىدىن ئىبارەت؟ بۇ ھەقتە ھازىرغىچە بىردىنبىر خۇلاسىگە كېلىنگىنى يوق. توغرا، كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلار تەسەۋۋۇپ (جۈملىدىن سوپىمۇ) ئەرەبچە «سۇف» دىن كېلىپ چىققان بولۇپ، يۇڭ رەخت ـ جەندە دېگەن پىكىرگە كېلىشتى. بىر قىسىم ئالىملار بولسا ئۇنى يۇنان تىلىدىكى «سەفاس»، يەنى «دانىشمەن» سۆزىدىن ئېلىنغان دېيىشتى. بۇ سۆزلەرنى ساپ، پاكلىق، ئەخلاقىي تازىلىنىش ۋە روھىي كامالەت مەزمۇنىدا چۈشەندۈرگەن ئالىملارمۇ بار. ئالىم ئا. كىرىمسكىنىڭ ئېنىقلىشىغا قارىغاندا سوپى سۆزى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ قوللىنىشقا باشلىغان. ئۇ ئاساسەن كامىل، ئېتىقادلىق مۇسۇلمان دەرۋىشلەرگە نىسبەتەن قوللىنىلغان.

«غىياسۇل ـ لۇغەت» تىن مۇنۇلارنى ئوقۇيمىز: «سوپى ـ جەندە كىيگۈچىدۇر. چۈنكى يۇڭ سوف دېيىلىدۇ. پۇقرالارنىڭ نەزىرىدە ئۆز دىلىغا نەزەر سالغان، خىيالىنى ھەق ئادالەتتىن باشقا ھەممە نەرسىدىن پاكلىغان كىشى سوپى دېيىلىدۇ». شۇنىڭدەك مۇھەممەد غىياسىدىن: «سوپى سۇپە سۆزىگە مەنسۇپ بولۇپ، سوپىلار خەلقنى ھەققە دەۋەت قىلىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقلىرى سەۋەبلىك تەسەۋۋۇف ئەھلىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن» لىكىنى يازغان.

ئەبۇلھەسەن ئەلى ھەجۋىرىنىڭ شەرھلىشىچە، جەندە كىيگۈچىلەر ئەزەلدىن ساپلىققا ئىنتىلىپ كەلگەن كىشىلەردىن بولغان. ئۇندىن باشقا ئەسھابى ـ سوپەلەر، يەنى تىلاۋەت ۋە ئىلتىجا بىلەن ياشىغۇچىلارمۇ سوپىلار دېيىلگەن.

«ئىشى پەقەت خۇدا بىلەنلا بولغان، ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىلا تەن ئالىدىغان كىشىلەر سوپىلار دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ يازىدۇ جۇنەيد باغدادى.

سوپى سۆزى ئومۇمەن ئېتىمولوگىك ماھىيەتتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەرپلەر پىسخو ـ پىزولوگىك تەسىرات ئويغىتىدۇ، دېگەن قاراشلارمۇ مەۋجۇت. بۇنىڭغا قارشى

نۇقتىسىنەزەردىكى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە «سۇف» تاۋۇشىنىڭ ھەربىر ھەرپى ئېنىق مەنىگە ئىگە: «س» - ساداقەت، «ۋ» - ۋىسال، «ف» - سۆيۈنۈشتىن ئىبارەت.

ئەبۇرەيھان بىرۇنىنىڭ شەرھى مۇنداق: «يۇنانچە ‹سوف› سۆزى بىرچە ھېكمەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيلاسوپقا ‹پىلوسوپو›، يەنى ‹ھېكمەتنى سۆيگۈچى› دەپ نام بېرىلگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ بىر گۇرۇھى ئاشۇ چۈشەنچىلەرگە يېقىن پىكىرلەردە بولغىنى ئۈچۈن ‹سۇففىيە› دەپ ئاتالغان. مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىلىرى ‹سۇففىيە› سۆزىنىڭ تېرمىن ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ‹ساد› ھەرپى بىلەن يېزىپ، ئۇنى ‹سۇففە› سۆزىگە تەڭلەشتۇرۇپ، ‹سۇففە سۆھبەتداشلىرى - ئەسھابى سۇففەدىن ئىبارەت كىشىلەردۇر› دېيىشتى. شۇنداقلا بۇ سۆزنى ‹سۇف ئەتتۇيۇس›، يەنى تېكە يۇڭى دېگەن سۆزدىن قىسقارتىلغان دەپ بىلىشتى».

ئالىم رادىي پىش: «بەزى ئالىملار سوپى سۆزى ئەرەب تىلىدىكى يۇڭ رەخت مەنىسىنى بىلدۈرگۈچى ‹سۇف› سۆزىدىن ئەمەس، بەلكى يۇنان تىلىدىكى ‹سۇفەس›، يەنى ‹دانىشمەن› سۆزىدىن ئېلىنغان دەپ بىكار ئېيتىشمايدۇ» دەپ يازىدۇ. جالالىددىن رۇمى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئۆزلىرىنى سوپىلار ئەمەس، بەلكى ئاشىقلار دەپ ئاتاشقان. ئۇلارنىڭ بىلىش يولىدىكى كارۋان بېشى مەنتىقە ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ئىدى. سوپىلارمۇ ئەسلىدە ئاشىقلاردۇر. ئۇلارمۇ بىلىش يولىدا مەنتىقىغە ئەمەس، مۇھەببەتكە تايىنىشقان. سوپىلارنىڭ جەندە كىيىشلىرى چىن ئاشىقلىق ئالامىتىدۇر. گۈلشەنىنىڭ «گۈلشەنى راز» ئەسىرىدە بۇ ھەقىقەت مۇنداق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ:

قىلسا مۇھەببەت مەيىدىن سوپى نۇش.
خاك نىشىن بولغايۇ پەشمىنە پۇش.

شۇنىڭ ئۈچۈن «مۇھەببەت مەيىدىن» مەست بولغان سوپى بىلەن مۇقەددەس روھ ئاشىقلىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىماسلىق كېرەك.

تەسەۋۋۇپ تەتقىقاتچىسى، تاجىك ئالىمى م. ھەزرەتقۇلوف شەھابىددىن سۇخرەۋەردىنىڭ «سوپى كەلىمەسى مۇقەددەس كالامدا ئۇچرىمايدۇ. لېكىن سوپىلار تەقۋا ئەھلىدىندۇر» دېگەن سۆزىگە ئالاھىدە نەزەر ئاغدۇرىدۇ. سۇخرەۋەردى سوپى كەلىمەسىنىڭ «مۇقەددەس كالام» دا ئۇچرىماسلىقىنى مۇنداقلا ئېيتىپ ئۆتمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ قايسى تىلغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتىدۇ.

مەلۇمكى، شەھابىددىن سۇخرەۋەردى (1144 - 1234) تەسەۋۋۇپتىكى سۇخرەۋەردىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى بولغان. ئۇ ئەبدۇنەجىب سۇخرەۋەردىنىڭ ئەۋلادى ۋە شاگىرتى سۈپىتىدە ئۆز تەرىقىتىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئۇنىڭ تەلىماتىغا ئاساسلانغان. شەھابىددىن سۇخرەۋەردىنىڭ «ئەۋارىفۇ - مەئارىف» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە «سوپى» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىگە دائىر پىكرىگە ئاساسلانغاندا «سوپى» تۈركچە سۆز. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سوپى قۇرئاندا يوق ۋە بۇ سۆز تۈركىيدۇر. ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ ئىككىلا قىسمىدا، يەنى غەربىتىمۇ ۋە شەرقىتىمۇ ھېچكىم بۇ سۆزدىن خەۋەر تاپمىغان». سوپى سۆزى نېمە مەنىنى بېرىدۇ، بۇنى سۇخرەۋەردى شەرھلىمىگەن. ئەزەربەيجان ئالىمى ئا. ئەلىيېف «سۇخرەۋەردى تەرىقىتى توغرىسىدا قەيتلەر» ناملىق ماقالىسىدە دەل مۇشۇ سىرنى ئېچىشقا ئىنتىلگەن. ئۇ قەدىمكى تۈركلەرنىڭ دۇنيا قارىشىدا سۇغا بولغان ئەقىدىنىڭ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى دەلىللىگۈچى بىر قاتار مىساللارنى كەلتۈرۈپ، «سۇف» «سۇۋ» سۆزىدىن يارالغان دېگەن خۇلاسىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يىراق ئۆتمۈشتە تۈركىي تىللىق خەلقلەر سۇنىڭ خالاسكارلىق ۋە ئىلاھىي قۇدرىتىنى ناھايىتى يۇقىرى بىلىشكەن. ئۇلاردا سۇ ئىنساننى ھەرقانداق ئاپەت، بەختسىزلىك ھەتتا ئۆلۈمدىنمۇ ساقلايدۇ، دېگەن ئىشەنچىنىڭ بولغانلىقى ئىلمىدە ئىسپاتلانغان. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنيا قاراشلىرىدا سۇ - جان، روھ، ئەبەدىيلىك تىمسالى، ئەبەدىي تىرىكلىك نىجاتى، ھايات ئاساسى ئىدى. بۇ مىفولوگىك ئىشەنچ ۋە ئېتىقادنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۆپلەپ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ھازىرغىچە ساقلانغان. مانا شۇ ئەپسانىلەرنىڭ بىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى: بىر ئوۋچى قۇشلار ياشايدىغان مەلۇم بىر كۆل ئەتراپىدا ئوۋ قىلىپ بىر قۇشنى ئېتىۋاپتۇ ۋە ئۇنى كۆل سۈيىدە تازىلىماقچى بولۇپتۇ. شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسە يۈز بېرىپتۇ. قۇشنىڭ ئۆلۈك تېنىگە سۇ تېگىشى بىلەنلا، ئۇ جانلىنىپ قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بۇ سىرنىڭ ئاشكارىلانماسلىقى ئۈچۈن تەڭرى ئاشۇ كۆل ئەتراپىغا يەنە مىڭ كۆل بىنا قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈككە جان بېغىشلىغۇچى ئۇ كۆلنىڭ قايسىلىقى ئاشكارىلانماي پىنھان قالغانمىش.

ئەزەربەيجان مىفىك تەپەككۇر تارىخىنى مەخسۇس ئۆگەنگەن پولكلورچى ئالىم مىرئەلى

سەئىدۇف سۇنىڭ ئۆلۈمدىن كۈچلۈكلىكى توغرىسىدىكى بۇ ئەپسانىنىڭ ھەرقانداق تاشقى تەسىرگە ئۇچرىمىغان ھالدا پۈتۈنلەي ئورىگىنال ۋە تەبىئىي يۆنىلىشتە يارىتىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. «خېلى كېيىنرەك،- دەپ يازىدۇ م. سەئىدوف،- بۈيۈك مۇتەپەككۇرلار ‹تىرىكلىك سۈيى ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدۇر› دېگەن خۇلاسىغا كېلىشكەن».

مەلۇمكى، سوپىي تەسەۋۋۇرىدا خۇدا - دېڭىز، ماددىي دۇنيا نەرسىلىرى بولسا دولقۇن ۋە تامچىدۇر. جۈملىدىن ئىنسانمۇ شۇنداق. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز نۆۋىتىدە دېڭىزغا سىڭىپ كېتىدۇ. ئەنە شۇ چۈشەنچىنىڭ ئۆزى ئىنسان ئۆمرىنىڭ ئۆتكۈنچىلىكىگە قارىمۇقارشىدۇر. ئۇنىڭدا ئەبەدىي ياشاش ئېتىقادى ھۆكۈمران. ئەبدۇلقادىر گىلانى ئۇقتۇرغاندەك، سوپىلارنىڭ ئىدېئالى دۇنياغا بولغان ھېرسۇ - ھەۋەسنى دەپنە قىلىپ، تەقدىرنىڭ قورقۇنچلىرىدىن تازىلانماق ئىكەنلىكى ۋە قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردە «شوۋ» ياكى «سۇۋ» سۆزلىرى «ئويغىنىش»، «تىرىلىش»، «مۇۋەپپەقىيەت» ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرگەنلىكى ھېسابقا ئېلىنسا، شەھابىددىن سۇخرەۋەردىنىڭ «سوپى» سۆزىگە بەرگەن تەبىرىنىڭ تاسادىپىي ياكى يۈزەكى ئەمەسلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ. يالغۇز بولا ئەمەس، ئاخىر سوپىلارنىڭ ھەممىسلا جەندە كىيىۋەرمىگەنغۇ؟ لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇچۇن ئىنسان ۋۇجۇدى - تىرىكلىك سۈيى سانالغان. ئۇلار ئىلاھىي نۇر تەجەللىسىنى كۆپىنچە سۇ ئارقىلىق ئىدراك قىلغان. ھەتتا بەزى تەرىقەت ئەزالىرى دەسلەپكى ھەرىكەتنى تۇز ئارىلاشتۇرۇلغان سۇ ئىچىشتىن باشلىغان. ئۇلار بۇنى غايىۋى قۇدرەت ئالدىدىكى رەمزى پاكلىنىش دەپ ھېسابلىغان. ئەلشىر نەۋائىيمۇ سوپىلىقتىن مەقسەت - ساپلىنىش دېگەن چۈشەنچىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

قايت، ئەي سۇفىكى، پىرى دەيردۇردى جامىغە،
بولماغۇڭ ئارىف ئەگەر سافى ئەمەستۇر مەشرەبىڭ.

بۇ يەردە زاھىد كىم، سوپى كىم دېگەننى ئېنىق بىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇۋاتىدۇ. ئىبىن سىنانىڭ تەرىپىچە زاھىدلار دۇنيانىڭ ھەممە رەخت ۋە گەزلىملىرىگە بولغان قىزىقىشى ئاللىقاچان سۇنۇپ تۈگىگەن شەخسلەردۇر.

ئەلشىر نەۋائىينىڭ غەزەللىرىنىڭ بىرىدە: «شاھ يۈرۈپ ئالەم ئاچار، دەرۋىش ئالەمدىن قاچار» دېيىلىدۇ. ئالەمدىن قېچىش - دەسلەپ زاھىدلارغا خاس خۇسۇسىيەت بولغان. مەشھۇر فرانسۇز ئالىمى ئا. ماسسا «قۇرئان» سۈرىلىرى ۋە ھەدىس شەرھلىرىگە ئاساسلانغان ھالدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ھاياتى ۋە پائالىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە دوست - بۇرادەرلىرىدىن يىراقلىشىپ، مەككىنىڭ بىر چېتىدىكى غاردا زاھىدانە ياشاپ، پۈتۈنلەي دىنىي مەشغۇلاتلارغا بېرىلگەنلىكىنى ئېنىقلىغان.

ئى. بېرتىلس فرانسۇز ئىسلامشۇناس ل. ماسسىنونىڭ پىكىرلىرىنى قۇۋۋەتلەپ، شەخسىي ھاياتىدا ھەممە تەرەپتىن پەيغەمبەر ھاياتىدىن ئۆرنەك ئېلىشقا ئىنتىلگەن مۇھەندىسلەر ئارىسىدىمۇ زاھىدلىقنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى يازىدۇ. ئەبۇ تۇراب نەخشەبى «زوھد» سۆزىدىكى «ز» ھەرپىنى - زىناخورلۇقتىن ساقلىنىش، «ھ» نى - ھاۋايۇ - ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك، «د» نى - دۇنياپەرەسلىك قىلماسلىق دەپ ئىزاھلىغانىكەن. ھەقىقەتەنمۇ زاھىدلىق ئەخلاقىدا زىناخورلۇق، ھاۋايۇ - ھەۋەسكە بېرىلىش ۋە دۇنياپەرەسلىك كەسكىن قارىلانغان. ئى. بېرتىلسنىڭ يازغىنىدەك زاھىدلار ھاياتىدا مۇنۇ بىر تەرەپمۇ مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن: بۇ ھالال بىلەن ھارامنى پەرقلەندۈرۈش، ھالالغا ھارامنى مۇتلەق يېقىنلاشتۇرماسلىق. ھالال رىزقى بىلەن ھارام يېمەكنىڭ نېمىلىكىنى ئايرىش ۋە بۇنىڭدا بىردەك كۆزقاراشقا كېلىش زاھىدلارغا ئاسان بولمىغان. ئۇزۇنغىچە بەس - مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلغان. نىھايەت شاھ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەنسەپدارلاردىن ئېلىنغان ھەرقانداق خەيرۇ - سەدىقە مۇتلەق ھارام، چۈنكى بۇنداق نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ بايلىقلىرى ھالال مېھنەت بىلەن تېپىلمىغان، دەپ ئومۇمىي خۇلاسە چىقىرىشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن شەيخ ۋە زاھىدلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دەشتۇ - باياۋانلاردىن ئوتۇن تېرىپ ياكى ھامماللىق قىلىپ رىزقى ھالاللىق بىلەن كۈن كۆچۈرگەن.

زاھىدلىق ئەسلىنى ئالغاندا دەسلەپكى تەسەۋۋۇپچىلىق، نېمىشقىدۇر زاھىدلارمۇ ئەخلاقىي كامىللىق، قانائەت بىلەن بىر قاتاردا ئىنسان روھىنىڭ ھۆرلۈكى ۋە ھاياتنى كۆزىتىش بالاغىتى ئۈچۈن قايغۇرغان. ئۇلار ئارىسىدا ئۆز نۆۋىتىدە ئىنەزەرنى بۇتپەرەسلىك، خرىستىئانلىق ئەقىدىلىرى بىلەن بېيىتىپ، مەرىپەت سەۋىيىسىنى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرگەن شەخسلەرمۇ بولغان. قادىرىيە مەزھىپىدىكىلەر «پېقىرلىق كامىللاشسا، ئۇ خۇدالىقتۇر» دەپ

بىلىشكەن. زاهىدلارچۇ؟ پېقىرلىق - ئىمانىي ئويغاق زاهىدنىڭ ئەقىل تايانچى، زالىم نەپسنى يېڭىدىغان مەنىۋى كۈچ. ئۇ قەلبىنى كۈنۈ - تۈن پېقىرلىققا چاقىرغىنىدا «پېقىر ئەھلى ئىمانغا باي بولىدۇ» دېگەننى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمايدۇ. ئالىم پېتروشېۋسكى يازىدۇ: «دەسلەپكى سوپى - زاھىدلار ئۈچۈن ئىختىيارىي پېقىرلىق دائىم خاس بولۇپ، ئۇنىڭغا باغلانغان ھالدا تەۋەككۇلچىلىك تەلىماتى پەيدا بولغان». لېكىن شۇ يېقىنلىق ۋە ئويغۇنلۇقلارغا قارىماستىن، زاھىد بىلەن سوپى ئوتتۇرىسىدا پەرقلەرمۇ بار. بۇلار نېمىلەر؟ بىرىنچىدىن، زاھىدلار ئاساسەن شەرىئەت ئەتراپىدا ئىش ئېلىپ بېرىشقان. توغرا، بەزى زاھىدلار ئادالەتسىز دۇنيادىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرگەن. لېكىن بۇنىڭ ماھىيىتى ھاكىم تەبىقە ئىدېئولوگىيىسىگە، شۇنداقلا مەۋجۇت ئەخلاقىي قاراشلارغا بولغان ئىنكارى مۇناسىۋەتتىنلا ئىبارەت بولغان. ھاياتنىڭ ئۆزگىرىشى ئەنە شۇ مۇناسىۋەت ۋە ئەخلاقىي چۈشەنچىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ئۇلار ياخشى بىلىشكەن. بىراق تەركىدۇنياچىلىقنى ھەممە زاھىدلار بىر خىل تەسەۋۋۇر قىلىشمىغان. ئۇلار ئارىسىدا بۇ ئىشقا پاسسىپ مۇناسىۋەتتە بولغانلارمۇ، قالاق ياكى ناھايىتى جاھىل ئەقىدەپەرەسلەرمۇ بولغان.

كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە زاھىدلارنى تەنقىد قىلىشنىڭ تۈپ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇنىڭدا؛ ئىككىنچىدىن، زاھىدلىق ھەرىكىتىدە مىستىك خىيال ۋە كەچۈرمىشلەر مۇھىم ئورۇن تۇتمىغان. ئى. بېرتېلس مىستىك كەچۈرمىشلەرنى تەسەۋۋۇپ تەرىقىتىدىكى ئاساسىي ئامىل سۈپىتىدە باھالىغان. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، مىستىتسىزم تەسەۋۋۇپنىڭ مۇھىم بىر باسقۇچى. مىستىتسىزم - ئىنسان قەلبى ئۈچۈن ئىلاھىي ئىشق ئۇپۇقلىرىنىڭ ئېچىلىشى. ئۇ ئالەم سىرلىرىنى ئۆزىچە كەشىپ قىلىدىغان ئىلمىي غايىبتۇر. ئى. پېتروشېۋسكى مىستىتسىزمنى «خۇدا بىلەن شەخس ئالاقە ۋە ئىلاھىي ئىشققا ئىنتىلىشتۇر» دەپ خاراكتېرلەيدۇ. ئىنگلىز ئالىمى ژ. تىرمىنگەم «تەسەۋۋۇپ ئىسلام ئىچىدە راۋاجلانغان بولسىمۇ، مىستىك ئەقىدىنى شىمالىي خرىستىئانلىق تەجرىبىسى ۋە پەلسەپىسىدىن ئۆزلەشتۇرگەن» دەپ قارايدۇ. ك. كازانىسكى شەرق مىستىتسىزمىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى بىرىنچى نۆۋەتتە بۇددىزمغا باغلايدۇ. تەسەۋۋۇپنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى-دا بۇتپەرەسلىك، خرىستىئانلىقنىڭ زور رول ئوينىغانلىقى توغرىسىدا ئىلمىي تەتقىقاتلاردا كۆپ گەپ قىلىندى. ئەينى بىر ماھىيەتتە تەكرارلىنىۋەرگەن بۇ پىكىرلەرنىڭ ھەقىقەتكە توغرا كەلمەيدىغانلىقىمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، غەرب ۋە رۇس شەرقشۇناسلىرىنىڭ كۆپچىلىكى مىستىتسىزمنى دەسلەپ ئىسلامغا يات بولغان «ئېلېمېنت» دېگەن چۈشەنچىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھالبۇكى، تەسەۋۋۇپتىكى مىستىك يۆنىلىشنىڭ زېمىنى ئىسلامىيەتتۇر.

بىرقاتار تەتقىقاتلاردا، مىستىتسىزم - سەزگۇ ۋە ھېسسىي قابىلىيەت تۈپەيلىدىن ھەققە يېقىنلىشىشنىڭ خاس يولى دەپ ئاتالغان. شۇ نۇقتىئىنەزەردىن پەقەت بىرگىلا دىققىتىمىزنى قارىتايلى: ئەھمەد يەسسەۋى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مىراجغا چىقىشى ھەققىدە سۆزلەپ، مۇنداق دېگەن:

ھەققە قاراپ قويدى قەدەم رەسۇلۇللا،
ھەقتىن ئۆزگە ھېچكىم يوقتۇر ئاندە ھەمراھ،
مۇنداق مەقام ھېچ كىمگە يوق، ۋەللاھ - بىللاھ،
چىن ئۇممەتسەن ئىشتىپ دۇرۇد ئەيتىڭ دوستلار.

دەرھەقىقەت، «مۇنداق مەقام» ھېچ ۋاقىت، ھېچكىمگە نېسىپ قىلىنمىغان. بىراق خۇددى شۇ مەقام ھەققە يېقىنلىشىشتا تەسەۋۋۇپ ئەھلى ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىبرەت بولمىغانمۇ؟ ئۇلار ئۈچۈن مىراج ھادىسىسى ھەق دەرگاھىغا يېتىش، ھەق بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتتە بولۇشنىڭ ئىدېئال نەمۇنىسى بولۇپ قالغان، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىش ئىمان سۇسلۇقىنىڭ بىر ئالامىتى دەپ قارالغان. سوپىلاردا ئۆز غايىلىرىنى قۇرئانغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا ئىنتىلىشنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى سىر ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى بىزنىڭچە ئا. كىرىمسكى خېلى توغرا بايان قىلغان: «چۈنكى سوپىلار قانداق بولمىسۇن مىستىك - پانتېستىك يۆنىلىشنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئىسلامنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىش ئۈچۈن يارىتىشقان». ئىسلامدا تەڭرى دەرگاھىغا يۈكسىلىشنىڭ يوللىرى ئۈچتۇر: بىرىنچى، ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنى ئىگىلىمەك؛ ئىككىنچى، ئىلاھىي خىسلەتلەردىن زوقلانماق. بۇ - ۋاسىتىنىڭ يولى؛ ئۈچىنچى، تەڭرى بىلەن بىرلەشمەك. بۇ - مەنسۇر ھەللاجىنىڭ يولى.

مىستىك ئاشىقلار ئۈچۈن بىرىنچى مەسىلە - خۇدا بىلەن ئىنسان مۇناسىۋىتى. ئۇلارنىڭ ئوبرازلىق تەسەۋۋۇرىدا ئىشق ۋە كامىل ئىنسان غايىسى - ئىنساننى خۇدالاشتۇرۇش غايىسىدۇر. چۈنكى

ئادەم ـ «نۇسخەئى ھەق»، يەنى ھەقنىڭ نۇسخىسىدۇر. مىستىپتىكلار «پۈتۈن ئالەم خۇدادا، خۇدا بولسا پۈتۈن ئالەمدە» دەپ قارىغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىدراك ۋە مۇلاھىزە تىرەنلىكى ئالدى بىلەن ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ بىرىدە ئاللا نامىدىن مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەن ئەسلىدە مەخپىي خەزىنە ئىدىم، ئۆزۈمنى ئاشكارا قىلىشنى خالىدىم». مىستىپتىك كەچۈرمىلەرنىڭ زوق مەنبەسى ۋە نۇرى ئەنە شۇ ئىلاھىي ئاشىقلىق بىلەن ئىشقىنادۇر.

مىستىپتىكا ـ تەجرىبە يولى. ئۇ ئادەمنى سىرلىق ئالەمگە، ئىنساننىڭ ئۆز ئىچكى دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. مىستىپتىك چۈشەنچە كىشىنى تاشقى بارلىقتىن يىراقلاشتۇرغاندەك قىلىسمۇ، ئەمەلدە ئادەم ئېڭىدا باشقا بىر خىيالىي ئالەم ئاچىدۇ. مىستىپتىكىنى ئىنكار قىلىش ـ شەخسنىڭ ئىچكى ئەركى ۋە روھىي يۈكسىلىشلىرىنى ئىنكار قىلىش بىلەن باراۋەردۇر. «مىستىپتىك تەسەۋۋۇپ ئوبيېكتىپ سۈرەتتە ئىلغارلىقنىڭ، خەلق ۋە ئۇنىڭ بەختىنىڭ، شۇنداقلا رېئال ھاياتنىڭ دۈشمىنىدۇر (ۋاھىد زاھىدوف)» دېيىش پەقەت مىستىپتىكىغا دۈشمەنلىك نەزىرىدە قاراش تۇيغۇسىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، خالاس! ئومۇمەن مىستىپتىكىنى پۈتۈنلەي قارىلاش خاتادۇر. «پەلسەپىنىڭ يىلتىزى، ئۇنىڭ ھاياتىي ئاساسى دىن ۋە مىستىپتىكىدۇر» دەيدۇ ئا. بىدىبايىف. ئۆزبېك ئەدەبىياتشۇناسلىقى بىلەن پەلسەپە ئىلمىدا مەسىلىنىڭ بۇ تەرەپلىرى تېخىچە تۇزۇك ئۆگىنىلمىگەن. مانا پروفېسسور ن. موللايىفنىڭ ئالىي ئوقۇش يۇرتى ستۇدېنتلىرى ئۇچۇن ئېيتقان سۆزلىرى: «مىستىپتىزم بۇ ئالەم قانداقتۇر سىرلىق ئالەمدۇر ۋە غەيرىي تەبىئىي كۈچلەرنىڭ بىر سايىسىدۇر، ئۇ ئىنساننىڭ ياشىشى بەختسىزلىك، ئۆلۈمى بەختتۇر، ئۆز ئۆلۈمى بىلەن ‹ئەنەلھەق› قە يېتىشىدۇر، دەپ تەلىم بېرىدۇ». ئۇ ئەمەلىيەتتە مىستىپتىزم بۇ ئالەمنى «غەيرىي تەبىئىي كۈچلەرنىڭ بىر سايىسىدۇر» دېمەيدۇ، بەلكى بىردىنبىر ئىلاھىي قۇدرەت ـ ھەقنىڭ ئەكسى، ئالەمنىڭ ماھىيىتى ھەقتە يوشۇرۇنغان، دەپ تەلىم بېرىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى مىستىپتىك پەلسەپىدە «ئىنساننىڭ ياشىشى بەختسىزلىك» دېگەن ئەقىدە يوق. لېكىن ئىلاھىي گۈزەللىك جەزبىسى بىلەن غايىب ئالەم لەززەتلىرىدىن نېسىۋىسىز ھالدا ھايۋاندەك كۈن كەچۈرۈشنى بەختسىزلىك دەپ بىلىدۇ. «ئۆلۈم بەختتۇر» دېگەن چۈشەنچىگە كەلسەك، ئۇنى يۈزە چۈشەنمەسلىك كېرەك. مىستىپتىكا ئۆلۈمگە بولغان مۇناسىۋەت ھەر خىل. مەسىلەن، روھتىكى ئۆلۈم. بۇ ـ نەپسىنىڭ قۇربانى بولغان ۋۇجۇددىن روھنىڭ چېكىنىشى بولۇپ، ئۇ ھېچقاچان روھنى ئادەمنىڭ روھىي ھاياتى بىلەن بىرلەشتۈرەلمەيدۇ؛ قەلبتىكى ئۆلۈم. بۇ ـ قەلبنىڭ مەنىۋى ۋىدالىششى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسان ھېچقانداق ۋاقىتتا قەلب ئەمرى بىلەن ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئېرىشەلمەيدۇ؛ ئەقىلدىكى ئۆلۈم. بۇ ـ ئەقىلنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىك قەپىسىدە جان ئۈزۈش بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەم مەڭگۈ باقى ھەقىقەتنى بىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمەيدۇ؛ ئەخلاقتىكى ئۆلۈم. بۇ ـ ئادەتكە ئايلانغان ئەخلاقىي ئەقىدىلەرگە قۇللۇق بولۇپ، بۇنىڭدا ئادەم ھەرقاچان مەنىۋى خۇلقىي پەسلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ. مىستىپتىكا يۇقىرىدىكى ئۆلۈملەرنىڭ بىرەرىنىمۇ بەخت ھېسابلىمايدۇ. ئەكسىچە شۇنداق بەختسىزلىكلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەققە قوشۇلۇشنى تەرغىپ قىلىدۇ. بۈيۈك شائىر ئالېكساندىر بلوك مىستىپتىك ئۆزدىن كېچىشنى شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىك كېسىلىدىن قۇتقۇزىدىغان بىردىنبىر چارە، دەپ بىكار ئېيتمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تەسەۋۋۇپ مىستىپتىكىسى دەسلەپكى دەۋرلەردە شەخسىيەتچىلىكى بىلەن ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مەنپەئەتپەرەسلىككە قارشى ئىسيان روھىنى ئىپادىلەپ، ئېزىلگەن ئاممىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغدىغانىدى. مىستىپتىكىدا ياۋۇزلۇق، زوراۋانلىق، ئىنسانىي خورلۇق قاتارلىقلار كەڭ تەنقىق قىلىنغان. «دەسلەپكى سوپىلارنىڭ خەلق ئىچىدە تېز تونۇلۇشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىل شۇكى، ـ دەيدۇ ئا. ھەيتمەتوف، ـ ئۇلار مەزلۇم خەلقنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلارغا، باي تەبىقىلەرگە بولغان چەكسىز نەپرىتىنى ئىپادىلىدى ۋە باشقىلارغا زۇلۇم سېلىپ بايلىق توپلىغاندىن بۇ دۇنيادا ياشىمىغان، ئۇنىڭدىن كۆز يۇمغان ئەلا، دېگەننى تەرغىپ قىلدى. ئابباس تۇسى دېگەن سوپى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: دۇنيا ـ بۇ بىر چەكسىز نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاۋۋال شىرلار، كېيىن قاپلانلار، بۆرە ۋە ئىتلار، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا قاغىلار قورساق تويغۇزىدۇ. ئۇلاردىن قالغىنىغا بولسا قوڭغۇز ۋە چۈمۈلىلەر يېپىشىدۇ. شىرلار ـ پادىشاھلار، قاپلانلار ـ ئەمىرلەر، بۆرە ۋە ئىتلار ـ ئۇلارنىڭ سادىق ئەمەلدارلىرى، قاغىلار ـ

ئۇلارنىڭ ھالدار يۇقىرالىرىدۇر. قوڭغۇزلار - ھارۋىكەشلەر، چۈمۈلىلەر بولسا بازاردىكى ئادەملەردۇر» . مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مىستىپتىك ئاشىقلار «سىرلار شارابى»غا قېنىپ، توغرىلىق، تەڭلىك، ھۆرلۈك، باقىلىق ئالىمىگە باغلىق بولغان مۇقەددەس خىياللارغا غەرق بولۇشقان. ئىزى كوئىساك يازىدۇ: «سۇكۇنات ۋە يالغۇزلۇقتا ئۆز - ئۆزۈڭنى ۋە ئۆزۈڭگە دائىر ھەقىقەتنى تاپىسەن. خۇددى شۇ ھەقىقەت ئارقىلىق باشقىلار توغرىسىدىكى ھەقىقەتكە يېتىسەن. ئادەملەر بىلەن بولغان كۈندىلىك مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋەتلەرنىڭ، ھەتتا ھەر خىل ئەركىن خاھىشلارنىڭ دائىم بولۇپ تۇرغىنىغا قارىماي، بۇ ھەقىقەتلەر ئۇ ئادەملەرنىڭ كۈچسىز، غەلىتە، كۈلكىلىك تەرەپلىرى بىلەن گەدەنكەشلىكلىرىدىن بىزنى خەۋەردار قىلىدۇ، خالاس» . ئۇنىڭ بۇ گېپىنى مىستىپتىك ھېسسىياتقا ئىگە ھەرقانداق بىر ئىلغار كىشىگە تەدبىقلاش مۇمكىن. ئۆزىگە دائىر ھەقىقەتنى تەكشۈرۈۋاتقان ئادەم ۋەقەلىكنى ئەلۋەتتە ئەتراپلىق تەھلىلدىن ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقىلار توغرىسىدىكى ھەقىقەتنىمۇ چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرىدۇ. دېمەك، بۇ يەردىكى يالغۇزلۇق ئادەم ھەم ۋەقەلىكتىن يىراقلىشىش ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر دەۋر مەپكۇرىسى بىلەن شەخسىيەتچىلىك دۇنيا قارىشىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشتۇر. ماخاتماگاندى «كىمكى خۇداغا دوست بولۇشنى خالىسا يالغۇزلىنىشى ياكى ھەممىنى ئۆزىگە دوست تۇتۇشى كېرەك» دەيدۇ. مىستىپتىكىدا خۇدا بىلەن دوستلىشىش - يالغۇزلىنىشتۇر. لېكىن بۇ يالغۇزلىنىشتا ئىنسانىي دوستلۇق شەرتى نىسبەتەن باشقىچە. ئۇنىڭدا دوستلۇق كۆۋرۈكى - ئىلاھىي غەم. شۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى نۆۋەتتىكى بېيىتنى ئوقۇپ بىلىمىزكى، لىرىك «مەن» ، «پەرىم بولسا ئۇچۇپ قاچسام. . . » دەپ ئاساسسىز سۆزلىمىگەن. ئۇ ئەيسا پەيغەمبەرگە ھەمنەپەس بولۇشنى خالايدۇ:

چىقىپ بۇ دەيردىن ئەيساغا نېچۈن ھەمنەپەس
بولماي،
بىھەمدۇللاھ، تەجەررۇد بىرلە ھىممەتدىن قاناتىم
بار.

دەيردىن چىقىش - بۇ دۇنيانى تەرك قىلىش. ئەمما كۈتكەن يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن مۇستەھكەم قانات كېرەك. شۇ مەنىدە تەجەررۇد، يەنى ۋاز كېچىش ۋە ھىممەت تىلغا ئېلىنغان.

دىدار تەلەپ ئاشىقلارنىڭ سۆھبىتى - ئىلاھىي سۆھبەت. ئۇلار ئۈچۈن جىملىق ۋە سۈكۈت دانىشمەنلىكنىڭ ئالىي بەلگىسى. ھەقىقىي ئىشق ئەھلىنىڭ پىكرى بويىچە «قەيەردە تىنچلىق بولسا، شۇ يەردە ھەق بىلەن بىرلىك بولىدۇ» . خالايىقنىڭ ئۆتكۈنچى مەنپەئەتلىرىگە باغلىق بولغان ھاياتىي ۋەسۋەسىلىرى ئەنە شۇ خىيالىي بىرلىككە ھالاقەت بېرىدۇ. دوست ئەتراپىغا ئۇيۇشقان، مەسلەك ۋە مۇھەببىتى بىر دوستلاردۇر. ئەمما بۇ نەرسە ھېچقاچان مەخسۇس تەكىتلەنمەيدۇ. چۈنكى مىستىپتىك تەلىمات بويىچە ئىنسان مەشۇقى ئەزەلگە قانچىلىك يېقىنلاشسا، ئۇ شۇنچە يالغۇز بولىدۇ. ئۇ ئادەملەردىن قاچقانىكەن، دېمەك ئۇ ئۆزىنىڭ چەكسىز تەنھالىقىدىنمۇ قاچىدۇ:

پەرىم بولسا ئۇچۇپ قاچسام ئۇلۇسدىن تا
قاناتىم بار،
قاناتىم كۆيسە ئۇچماقدىن، يۈگۈرسەم تا
ھەياتىم بار.
چىقىپ بۇ دەيردىن ئەيساغا نېچۈن ھەمنەپەس
بولماي،
بىھەمدۇللاھ، تەجەررۇد بىرلە ھىممەتدىن
قاناتىم بار.
خالايىق سۆھبەتىدىن مىڭ غەمىم
باردۇركى، مۇفت ئولغاي،
ئەگەر مىڭ جان بېرىپ بولسامكى، بىر
غەمدىن نىجاتىم بار.
چېكىپ ئەغياردىن يۈز جەۋرۇ تارتىپ
ياردىن مىڭ غەم،
نې ئۆزگە خەلقدىن غەيرەت، نې ئۆزۈمدىن
ئۇياتىم بار.
كېچىپ كۆزدىن يازاي بىر خەتكى، دەھر
ئەھلىغە كۆز سالماي،
بۇ دەمكى كۆز سەۋادىدىن قارا، كۆزدىن
دۇۋاتىم بار.
تىلەر كۆڭلۈم قۇشى ئەنقادىن ئۆتكەي نارى
يۈز ۋادى،
مۇنىڭدەك سەير ئېتەرگە قافتىن ئارتۇق
سەباتىم بار.
نەۋائىي، بىلكى شاھ كۆڭلى ماڭا قەيد
ئۆلمەسە، بىللاھ،
ئەگەر كەۋنەينغە خاشاك چاغلىق ئىلتىفاتىم بار.

ھەرقانداق ئۇلۇغ سەنئەتكار شېئىرىدا سۆز، ئۇنىڭ ئۆزى ئەكس ئېتىشنى ئىستىگەن پىكىر ۋە تۇيغۇدىن بىر ھەسسە ئارتۇق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي شېئىرنىڭ غايىۋى - بەدىئىي تەركىبىدە ھەمىشە نېمىلەردۇر

سىر بولۇپ، مەنە گۆھىرى يوشۇرۇن پېتىچە قېلىۋېرىدۇ. ئەڭ ئىقتىدارلىق شېئىرشۇناسنىڭ تەھلىل ئىمكانىيىتىمۇ چەكلەنگەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇ قانچىلىك ئۇرۇنمىسۇن، سۆزنىڭ مەجازى ماھىيىتىنى ھەممە رەڭ ۋە ئاھاڭ تاۋلىنىشلىرى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بىرلا ۋاقىتتا بىرنەچچە رەمزى مەزمۇنلارنى ئۆز تەركىبىگە بىرلەشتۈرەلىگەن شېئىر ھەقىقىي شېئىردۇر. نەۋائىينىڭ يۇقىرىقى غەزىلى بۇ پىكرىمىزنىڭ يارقىن ئىسپاتىدۇر. ئۇنى ئوقۇغان بۈگۈنكى ئوقۇغۇچى قانداق خۇلاسىلەرگە كېلىشى مۇمكىن؟ تەخمىنەن مۇنداق: شائىرنى «ئۇلۇس» بەكمۇ بەزدۈرگەنىكەن - دە، شۇڭا ئۇ قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ، قېچىپ كېتىشنى كۆزلەپتۇ. شاھ ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسەتكەندە، بەلكىم ئۇ «خالايىق سۆھبىتىدىن مىڭ غەم»گە گىرىپتار بولماس ئىدى. بۇنىڭغا سەۋەب ئاشۇ جاھالەتلىك زامان، ئادالەتسىز فېئودال تۈزۈم ۋە باشقىلار.

غەزەلنىڭ شەخس ۋە زامان ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىرى خۇسۇسىدا پىكىر ئېيتىش ياخشى، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ شائىرنىڭ قولىغا قەلەم تۇتقۇزغان ئاساسىي دەرد ياكى باش مەقسەت ئەمەس. تۈركىي تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ بۈيۈك ۋەكىلى يۇنۇس ئەمرا ھۆسنىي مۇتلەق ئاشىقلىرى تىلىدىن:

ئىشقىڭ قىلدى مەندىن مەنى،
ماڭا سەن كېرەكسەن، سەن!
جىسمىم يانۇر كېچە - كۈندۈز،
ماڭا سەن كېرەكسەن، سەن!

دەپ ئېيتىدۇ. ئىلاھىي «مۇھەببەت دېڭىزىنىڭ غەۋۋاسى» بولغان يۈرەك بىرلا نەرسىنىڭ زوقىغا موھتاجدۇر. ئۇنى ھەقتىن باشقا نە بارلىق، نە يوقلۇق - ھېچنەرسە سۆيۈندۈرمەيدۇ، ئۇ ئىشق مېيىدىن مەست، خەلقى ئالەمدىن قېچىپ «كۆڭۈل تەختىنىڭ شاھى» - ھەق دەرگاھىغا ئۇچماق زوقىدا يانىدۇ. نەۋائىي غەزىلىدىمۇ «مەن»لىكتىن كېچىپ، «سەن»لىككە يۈزلەنگەن لىرىك قەھرىماننىڭ سىرلىق كەچۈرمىشلىرى، ئۇنىڭ غايىۋى ئالەمگە بولغان خىيالەن پەرۋازى تەسۋىرلەنگەن.

ئىرور مەقسەد يىرلىق، ۋادى ئۇزۇن، تۈن تىيرە، يول بورتاق، بۇ يولدا سەلىب ئېتىپ ئۆزلۈك يۈكىن، ئۆزنى سەبۇكبار ئەت.

دەيدۇ نەۋائىي باشقا بىر ئورۇندا. يۇقىرىدىكى غەزەل قەھرىمانى «ئۆزنى سەبۇكبار» ئېتەلىگىنى ئۈچۈنمۇ «ئۇچۇپ قاچماق» نىيىتىنى ئوچۇق ئىزھار قىلغان:

پەرىم بولسا ئۇچۇپ قاچسام ئۇلۇسدىن تا قاناتىم بار،
قاناتىم كۈيسە ئۇچماقتىن، يۈگۈرسەم تا ھەياتىم بار.

«پەرىم بولسا» دېيىش بىلەن ئادەمدە پەي پەيدا بولۇپ قالمايدۇ. «ئۇچۇپ قاچسام» دېيىشمۇ ئۇلۇستىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى ئەمەس. «قاناتىم كۆيسە» دەرۋەقە قانات نېمىدىن كۆيىدۇ؟ قۇياش تەپتىدىنمۇ؟ ياق، ھۆسن قۇياشىنىڭ نۇرىدىن.

خەلايىق سۆھبەتىدىن مىڭ غەمىم باردۇركى، مۇفت ئۆلغاي،
ئەگەر مىڭ جان بېرىپ بولسامكى بىر غەمدىن نىجاتىم بار.

«خەلايىق سۆھبەتىدىن مىڭ غەم» ئىسكەنجىسىدە قالغان كىشىنىڭ نىجات تىلىشى تەبىئىي. ئەمما بۇ «مىڭ غەم»نىڭ بىرەرىدىنمۇ نىجات يوق. ئەگەر بولغىنىدا مىڭ جان بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ ئۇنى تاپقان بولار ئىدى.

چېكىپ ئەغياردىن يۈز جەۋرۇ تارتىپ ياردىن مىڭ غەم،
نې ئۆزگە خەلقدىن غەيرەت، نې ئۆزۈمدىن ئۇياتىم بار.

بىرىنچى مىسرادا گەپ يار ۋە رەقىب ھەققىدە كېتىۋاتىدۇ. ئەغيار دېمەكلىك دۈشمەن ياكى رەقىب دېمەكتۇر. ئۇ يۈز جەبىر كۆرسەتكەن، يار ياكى دوست مىڭ غەم يەتكۈزگەن. شۇ سەۋەبتىن «مەن» ئۆزىدىنمۇ، ئۆزگە خەلقدىنمۇ يىراقلىشىشنى ئىستەيدۇ. «رەقىب» ، «ئەغيار» دېگەندە بىز سەلبىي قىياپەتتىكى ئىنسان ئوبرازى توغرىسىدا ئويلاشقا كۆنۈكۈپ قالغانمىز. ھالبۇكى، تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا «رەقىب ۋە ئەغيار» ھەققىدىكى پىكىرلەر نەپسكە دائىردۇر.

توققۇز مىڭدۇر بۇ نەفس ھاشارىكىم،
دائىم ئىگەرلىكتۈر ئۇلارنىڭ ئېتى.

يۇنۇس ئەمرا «تۆت كىشىدۇر يولدىشىم» دەيدۇ. ئۇ تۆتىنىڭ بىرى - جان؛ بىرى - دىن؛ بىرى - ئىمان. ئاخىرقىسىچۇ؟ مانا ئاڭلاڭ:

بىرى نەفسىمدۇر دۈشمەن،
ئۇ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم.

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابىرمۇ «شەھۋەتۇنەفس قەبىھ دۈشمەندۇر» ، «نەفس ۋەسۋەسىسىنى مەغلۇپ قىلغىل» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

نەۋائىينىڭ «چېكىپ ئەغياردىن يۈز جەۋر. . . » دېيىشى، بۇ - نەپسى زالىمغا تېگىشلىك. «يار»

بولسا ۋۇجۇدى مۇتلەقتۇر. نەپسنى يېڭىش - «ئۆزلۈك ئىمارىتىنى» بۇزۇش دېمەكتۇر. ئەكس ھالدا «نې ئۆزگە خەلقدىن غەيرەت، نې ئۆزۈمدىن ئۇياتىم بار» دېيىش ھالىتىگە كۆتۈرۈلۈش مۇمكىن ئەمەس.

كېچىپ كۆزدىن يازىپ بىر خەتكى، دەھر
ئەھلىگە كۆز سالماي،
بۇ دەمكىم كۆز سەۋادىدىن قارا، كۆزدىن
دۇۋاتىم بار.

نېمىشقا كۆزدىن كېچىپ «بىر خەت» يېزىش كېرەك؟ پەقەت «دەھر ئەھلىگە كۆز سالماس»لىق ئۈچۈنمۇ؟ ياق، ئەلۋەتتە. «جان كۆزى» يارنى كۆرۈپ، «دىل ئۇندىن خەبەر» بەرگەچ، ھۆسن شاھى جان ئىچىگە جايلىشىپ، «كۆڭۈلنى ئەرش» ئەيلەيدۇ. بۇ - پۈتۈن كۆزنىڭ ئېچىلىشى:

باتىن كۆزدۇر دوستنى كۆرگەن،
بۇ زاھىر كۆز ياباندەدۇر...

كۆزدىن كېچىش ۋە «كۆز سەۋادى» غا ئائىت ھەقىقەت ئاساسەن مانا شۇ.

تىلەر كۆڭلۈم قۇشى ئەنقادىن ئۆتسە نارى
يۈز ۋادى،
مۇنىڭدەك سەير ئېتەرگە قافتىن ئارتۇق
سەباتىم بار.

بۇ ئىككى مىسرادا پانا ۋادىسىغا بولىدىغان سەيلە كۆزدە تۇتۇلغان. چۈنكى ئەنقا قۇشىدىن «نارى يۈز ۋادى» غا ئۆتۈشكە پانا ئەھلىنىڭ قادىر ئىكەنلىكىگە نەۋائىينىڭ ئۆزى گۇۋاھلىق بەرگەن:

ئۇرۇج ئەيلەر ئىسەڭ بۇ دەير ئىچىندە
فانىي ئولغىلكىم،
مەلەك ئۆزرە قەدەم باسىپ ئۆتەر ئەھلى فەنا
گوستاخ.

دېمەك، شېئىر قەھرىمانىنىڭ ئەنقا مەنزىلىدىن «نارى يۈز ۋادى» غا سەيلە قىلىشقا سۇباتى يېتەرلىك. ئاخىر ئۇنىڭ كۆڭلى «پانا كوچىدىن زور بازو» ئىزدەۋاتىدۇ. غەزەلنىڭ ئاخىرقى بېيىتىنى ئوقۇيمىز:

نەۋائىي، بەلكى شاھ كۆڭلى ماڭا قەيد ئولماسە،
بىللاھ،
ئەگەر كەۋ نەيىنغە خاشاك چاغلىغ ئىلتىفاتىم بار.

نىھايەت، ئەسلى مۇددىئا ئېيتىلدى: شاھنىڭ كۆڭلى شائىرغا مايىل ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى دۇنياغىمۇ ئۇنىڭ «خاشاك چاغلىغ» ئىلتىپاتى يوق. پروفېسسور ئا. ھەيتەمتوف غەزەلنىڭ شائىرنىڭ يېگىتلىك دەۋرىدە يارىتىلغانلىقىغا تايىنىپ، ئاشۇ شاھ «نەۋائىيغا دۇشمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراپ، ئۇنىڭغا ھىراتتا كۆن بەرمىگەن زالىم ئەبۇسەئىد ئىدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە نەۋائىي ھىراتتا ناھايىتى قىيىنىلىپ، بىر پۇلغا زار بولۇپ، تۇرۇشقا ئۆيى يوق، يېيىشكە تامىقى يوق ھالدا ياشايدۇ. ھىراتتىكى خۇشامەتچى فېئودالالار پادشاھنىڭ نەۋائىيغا مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ياخشى قارىمايدۇ. نەتىجىدە شائىر يۇقىرىدىكى غەزەلدە تەسۋىرلەنگەن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئاخىر ھىراتتىن كېتىدۇ» دەپ يازىدۇ. غەزەلدىكى ئومۇمىي روھ، مىستېتىك كەچۈرمىلەرنىڭ ئىنتايىن قويۇقلۇقى، سۆز ۋە ئاھاڭدىكى غەمكىنلىك شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا ئاساس بېرىدۇ. ئەمما غەزەلنىڭ غايىۋى - بەدىئىي مۇندەرىجىسى باشقا مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقىمۇ توسقۇنلۇق قىلمايدۇ.

ئەلشىر نەۋائىي غەزەللىرىدىن بىرىدە شاھقا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۆزنى «ئۆزدىن ئۇلۇغراق شاھقا ھاجەتمەن» دەپ بىلىشكە چاقىرىدۇ. بۇ شاھ - ئاللا، غەزەل خاتىمىسىدە ئەنە شۇ شاھتىن مەرھەمەت كۈتۈلىدۇ. شائىرنىڭ ئىككى دۇنيانى خەشەكچىمۇ نەزەرگە ئىلماسلىقى بىر زالىم پادشاھنىڭ مۇناسىۋىتىگىلا باغلانسا، شېئىردا ئەكسىنى تاپقان ئىلاھىي پەلسەپىۋى ماھىيەت ئۆز - ئۆزىدىن پارچىلىنىدۇ.

يۈگۈرمە رىزق ئۈچۈن، نې يەتسە ھەقدىن
ئاڭلاكىم، كامىل،
نې كەلتۇرگىل دېمىش، نې غەيبىدىن
يەتكەنىڭ قەيتارمىش.

نەۋائىي ئەڭ مۇشكۇل ئەھۋالدىمۇ، شۇ ئېتىقادىدا سادىق بولغانلىقى ۋە تەڭرىدىن باشقىسىدىن قورقۇش، شەپقەت تىلەشنى نومۇس دەپ بىلگەنلىكى شۈبھىسىزدۇر. ئەلشىر نەۋائىيدىن يەنە بىر مىسال كەلتۈرەيلى:

ئاللىمدە تەبىبى چارە سازىم ھەم يوق،
يانىمدە رەپىقى دىلنەۋازىم ھەم يوق.
تىگرەمدە ئەنىسى جان گۇدازىم ھەم يوق،
باشىمدە شەھى بەندە نەۋازىم ھەم يوق.

يالغۇزلۇق ئازابى جاندىن ئۆتكەن ياكى ئارتۇق دەرىجىدە مۇساپىرلىق تارتقان كىشىلا شۇنداق غەمكىن ۋە قايغۇلۇق سۆزلەيدۇ. ئېتىبار قىلىڭ، يالغۇزلۇق گويا بىر بىچارىنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ ئالغان، گەپ شۇنىڭدىكى دوست بىلەن دوستلاشقان يۈرەك ئادەملەردىن تەبئىيلىكمۇ، رەپىقلىقمۇ ھەتتا يالغۇزلۇقمۇ كۈتمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا ئەزەلى ياردىن يېقىن چارە ساز ياكى دىلناۋاز بولمايدۇ. ئۇ «بار» دېسە

ئاشىقلىق دەۋاسىنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. رۇبائىيدىكى «يوق، يوق، يوق» لارنىڭ كەينىدە «ماھىممۇ، شاھىممۇ ھەقدۇر!» دېگەن ماھىيەت ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بۇنداق شېئىرلاردىكى ئاللاھىدە تەكىتلەردە يەنە بىر مەقسەت يوشۇرۇنغان بولۇپ، دىققەتنى خۇدانىڭ پەزىلەتلىرىگە قارىتىدۇ. خۇداغا ئەخلاق تەرەپتىن ياندىشىلغاندا، يۈكسەك ۋە ئۈرنەك سۈپەتلەر ئۇنىڭدا ھېسابسىز-دۇر. پەيغەمبەر ھەدىسلىرىدىن بىرىدە ئېيتىلغاندەك - «تەڭرى پاكدۇر، پاكىزلىكنى ياخشى كۆرىدۇ. سېخىيدۇركى، سېخىيلەرنى ياخشى كۆرىدۇ». ئاخىر، ئاللانىڭ ئىرادىسىدە نېمىشقا سۇسلۇق ۋە بوشاڭلىق سېزىلمەيدۇ؟ نېمىشقا ئۇ زادى چېكىنمەيدۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭغا نە بايلىق، نە شۆھرەت، نە سەلتەنەت كېرەك ئەمەس؟ نېمىشقا ئۇ تەسىرگە بېرىلمەيدۇ؟ ئۇ قۇدرىتىدىن نېمىشقا مەغرۇرلانمايدۇ؟ ئەقىللىق ئادەملەرنىڭمۇ خىيالىغا كېلىۋەرمەيدىغان بۇنداق سوئاللار مىستىپتىكلارنى جىددىي قىزىقتۇرغان.

بىرتىلان روسسانىڭ «مىستىپتىزم ۋە مەنتىق» ناملىق ماقالىسىدە يېزىلىشىچە، دۇنيانى مىستىپتىك ئىدراك ئېتىشتە دانىشمەنلىكنىڭ شۇنداق بىر ئالامىتى لازىمكى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر ۋاستە بىلەن ئېرىشىپ بولمايدۇ. مىستىپتىكلار مەرىپەت نۇرى يورۇقىدا ياشايدۇ. ئۆزگىلەر تەستە بايقايدىغان مەۋھۇم نەرسىلەرنى ئۇ يارقىن كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بىلىمى ئالدىدا ھەرقانداق باشقا بىلىم كۈچسىز ۋە ناچار كۆرۈنىدۇ. مانا شۇ مەرىپەت «خۇدا - ئالىي ھەقىقەت، ئۇنىڭدا ھەممە نەرسە مۇكەممەل، يارقىن ۋە گۈزەل. ئۇنىڭ ئادالىتى پارچىلانماس، قاراشلىرى زىددىيەتسىز» دېگەن مەنتىقىلەرنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

ھەرقانداق غايە شەخس خاراكتېرىدا يىلتىز تارتىپ، ئۆزلۈكنى ئىپادىلىگەندىلا ئاندىن مەنىۋى قۇدرەت تاپىدۇ. مىستىپتىكلارنىڭ ئۆزلۈكىدە بىز ھۆرلۈك، روھىي شىجائەت ۋە ئىنساننىڭ مىسلىسىز ئۇلۇغلۇقىنى كۆرىمىز. چۈنكى ئۇلار ئىرىخ فروممم ئېيتقاندەك: «خۇدا سۆيەت ئىنسانلار كۈچىدىن، ئىنسان خۇداغا موھتاج بولغاندەك، خۇدامۇ ئىنسانغا موھتاج، دېگەن ئاشۇ غايىدىن چوڭقۇر روھلانغان. خۇدا بىلەن ئىنساننىڭ بىرلىكىنى، ئىنسان خۇدا تىمسالىدا يارىتىلغان دەپ چۈشەنگەن». ئىرىخ فروممم يەنە مىستىپتىكلارنىڭ تەجرىبىلىرىدە «قورقۇش ۋە ئىتائەتكارلىق ئەمەس، بەلكى شەخس كۈچىنى ئېتىراپ قىلىش ياتىدۇ» دەپ تەكىتلەيدۇ.

ھەقىقەتنىمۇ مىستىپتىكىدا خۇدانىڭ ئىنسان ئۈستىدىن ھاكىملىقى يوق. ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىگە ھاكىملىقى بار. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ تەلىمات شەخسنىڭ ئەرك ۋە ئىستىقبالى شەخسنىڭ ئۆزىدە، ئۇنىڭ ئۆزىدە ئىستەك ۋە زۆرۈرىيەت ئويغانغىچە ئۇ ھېچقاچان ئىلاھىيلاشمايدۇ، دەپ ئۆگىتىدۇ.

مەلۇمكى، تەسەۋۋۇپ مەنىۋى كامىللىق يولىنى مۇنداق تۆت باسقۇچقا بۆلىدۇ: بىرىنچى شەرىئەت؛ ئىككىنچى تەرىقەت؛ ئۈچىنچى مەرىپەت؛ تۆتىنچى ھەقىقەت.

شەرىئەت - تەييارلىق باسقۇچى. ئۇنىڭدا دىنىي قانۇن - قائىدىلەر، «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەردىكى ئەخلاقىي، ئىلاھىي كۆرسەتمىلەر پۇختا ئۆزلەشتۈرۈلگەن. شەرىئەت تەلەپلىرىنى بەجا كەلتۈرمەستىن تەرىقەت يولىغا كىرىشكە مۇمكىن بولمىغان. مەھمۇد شەبۇستەرى شەرىئەتنى شاكال، ھەقىقەتنى مېغىزغا قىياسلايدۇ. شۇنداقلا ئۇ شاكال بىلەن مېغىز ئارىلىقىنى تەرىقەت دەپ قارايدۇ. رۇس ئالىمى ئا. ژوكوۋسكى: «شەرىئەت - قانۇن، تەرىقەت - يول، قانۇن ۋۇجۇد ۋە قەلبنى تەربىيىلەيدۇ. يول كۆڭۈلنى پاكلاپ، روھنى نۇرلاندۇرىدۇ» دەپ يازىدۇ. تەرىقەت يولىغا تەسەۋۋۇپنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق پىرى يېتەكچىلىكىدىلا قەدەم قويۇش مۇمكىن:

تەرىقەتكە سىياسەتلىغ مۇرشىد كېرەك،
ئول مۇرشىدكە ئېتىقاتلىغ مۇرىد كېرەك.

ئەھمەد يەسسەۋى مۇھەببەت «بۇراقىنى مىنىپ»، «سىرشەرابىن ئىچىپ» روھىي قانغان ۋە «ئىشق باغىدە نەۋا» قىلغان پاك بەندىگە نىسبەتەن «ئانداغ ئاشىق تەرىقەتدە جەۋلان قىلغاي» دەيدۇ. لېكىن «سىرشەرابىن» ئىچكىچە بولغان ئارىلىقتا يولۇچى، مەنزىلنى يېقىنلاشتۇرغۇچى بىرنەچچە ئەخلاقىي - پسىخولوگىك «جەريان» لارنى باشتىن كەچۈرۈشى زۆرۈر بولغان.

«لىسانۇت - تەيىر» دە بىر قۇش «كۆپ گۇناھ» قىلىپ ئۇياتقا قالغانلىقىدىن نالە قىلىدۇ. پاك ۋەسلىگە پەقەت پاكلىق بىلەنلا ئېرىشىش مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ غەمگە پېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ پاختەكتىن ياردەم سورايدۇ. شۇندا پاختەك:

بۇ گۇناھدىن ئارىماق ئەتتىڭ ھەۋەس،
ئول داغى ئاسان ئېرۇر، ئەي بۇلھەۋەس.
تەۋ بەدۇر ئانى ئارىتماققە ئىلاج،
زۇلمەتى ئىسيان ئارا بۇدۇر سىراج.

دەيدۇ ۋە بىر ھېكايەتنى نەقىل كەلتۈرىدۇ.

بۇ ئىسيان بىلەن گۇناھكار بولۇپ، جەننەتتىن قوغلانغان «ئادەم ئەلەيھىسسالام ھېكايىتى». تەلىيىنىڭ تەتۈرلىكىدىن كۆپ ھەسرەت چەككەن بۇ ئادەم غېرىبلىقتا سەرسان - سەرگەردان كۈن كەچۈرگەن. لېكىن تۇۋىسى تۈپەيلىدىن قىسمىتى ئوڭشىلىپ، يەنە ھايدالغان جايىغا قايتقان. تەرىقەت يولىدىن مەقسەت مەنزىلگە بارغۇچى ئاشىقنىڭ تۇۋا قىلىشتىن ئىلگىرى زادى ئىلگىرىلىيەلمەيدىغانلىقىنى بەندىلەر قەلبىگە سىڭدۈرۈش. تۇۋا - ئەڭ دەسلەپكى تەلەپ.

«مەھبۇبۇل - قۇلۇپ»تا ھەقىقىي تۇۋا توغرىسىدا مۇنداق يېزىلغان: «ھەقىقىي تۇۋا - يامان پېئىللار تۈپەيلى كېلىدىغان ئازاب - ئوقۇبەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالماقدۇر ۋە ھەق مەدىتى بىلەن ئۇ پېئىللاردىن قايتماقدۇر».

تۇۋا - گۇناھكار بەندىنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىنى گۇناھ چاڭلىرىدىن تازىلايدۇ. ئەپۇ نۇرى بىلەن ئۇ ئەينەكنىڭ يۈزىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرىدۇ. تۇۋا - بەختسىزلىك يولىنىڭ ئاخىرى ۋە توغرا يولنىڭ باشلىنىشىدۇر. ئۇ تەكەببۇرلۇق غەپلىتىدىن سەسكىنىش، بەشەرىيەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىش، ئۆزىنىڭ نالايىق ئەھۋالىنى چۈشىنىش، بىھۇدە خۇلق - مىجەزلەرنى تەرك قىلىش، كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان يارىماسلىقلارنى ھېس قىلىش، ئارتۇقچە نەرسىلەرگە ئىنتىلىش ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلۇشتۇر. تۇۋا - ئىنسانغا خاس جاھىللىق ۋە تەتۈرلىكتىن ۋاقىپ بولۇش، كىشىنى توغرا يولدىن نەپسى بالاسى بىلەن كۆڭۈل ئىنائەتسىزلىكىدىن نەپرەتلىنىشتۇر.

تۇۋا - ھەقتىن نىجات تىلەش ۋاقتىنىڭ يېتىپ كېلىشى، بەندىنىڭ نەپسكە بېقىنىشىنى تەرك قىلىشتۇر. ئۇ - كېچىنى يورۇتقۇچى گۆھەر، ئۇ دىيانەتسىز قارا كۆڭۈل كىشىلەرگە ياتتۇر. بۇ تەۋپىق شەمىنى ياخشىلىقلار ساھىبى ھەرقانداق كىشىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇۋەرمەيدۇ.

شۇ مەنىدە، شەرىئەتتىكى تۇۋا بىلەن تەرىقەتتىكى تۇۋىدا خېلى پەرق بار. چۈنكى خىيال ۋۇجۇدى مۇتلەقەقە قارىتىلغاندىن كېيىنمۇ گۇناھ بىلەن تۇۋا ئارىسىدا بولۇپ تۇرىدىغان تەۋرىنىش ئۈزلۈك كامالەتكە تۈپتىن زىت بولىدۇ. نەۋائىينىڭ تۆۋەندىكى رۇبائىيسىدا شۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈلگەن:

گەر قىلسا كىشى قىلىپ گۇناھى تەۋبە،
ئول جۇرمغا بولسە ئۈزرخاھى تەۋبە.
قىلماق نېچە گاھ جۇرمۇ گاھى تەۋبە،
دۇجۇرم ئىلە تەۋبەدىن، ئىلاھى تەۋبە!

ئۇنىڭدىكى تەلەپ - ۋەرەئ، يەنى تەقۋا پەرھىزكارلىقتۇر. بۇ تەلەپتە دەسلەپكى زاھىدلارغا ئوخشاش ھالال ۋە ھارامنى ئاجرىتىشقا جىددىي ئېتىبار قىلىنىپ، «تاتلىق - تاتلىق» يېيىش، «تۈرلۈك - تۈمەن» كىيىنىش ھەۋىسىگە خاتىمە بېرىلىدۇ. قانائەت تۇيغۇسى بەندىنىڭ كۆڭلىگە ئازادىلىك، ھەرقانداق تەمە ۋە ۋۇجۇدىي ئېھتىياج تەۋرىتەلمەيدىغان خاتىرجەملىك بەخش ئېتىدۇ. نەۋائىي تەقۋا ۋە پەرھىزكارلىقنىڭ سەمەرىسىنى پاكلىنىش ۋە ئاسايىشلىق دەپ ھېسابلىغان.

تەقۋادىن كېيىن «پېقىر»لىق تەلەپى كېلىدۇ. پېقىرلىق دۇنيا نازۇ - نېمەتلىرىدىن كېچىش، ماددىي موھتاجلىقلاردىن ئۈستۈن تۇرۇپ، روھنى بېيىتىشتۇر. ئاشىق «نەپسى شېرىكىنى» بۇ يولدىكى بىر بالا - قازا دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ «ئەتلەسو زەربەفت» سۆزىنى قويۇپ «پېقىرلىق ئېتىگىن» تۇتۇشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. لېكىن «پېقىرلىق» يولى ئاسان ئەمەس. بۇنىڭدا روھىي زەخمەتلەردىن، ئازابلاردىن، ئىشقى ئاپەتلەردىن غالىب كېلىش كېرەك. بۇ ھەقتە نەۋائىي مۇنداق يازىدۇ:

فەقر دەشتى نې قاتتىق يولدۇركى سالىك ھەرنېچە،
قىلسا دىققەت بىرلە ھەق ئەمرىن ئەدا تەقسىرى بار.

ئەمدى پېقىرلىقتىن كېيىنكى تەلەپ «سەبر». بۇ تەلەپتە بەندە ئاشىقى دۇنيا مۇشەققەتلىرىگە چىداش بىلەن بىر قاتاردا «ھەرنى ھەقدىن يۈزلەنسە، تەھەممۇل پىشە قىلغاي ۋە ھەر بالا كەلسە سەبر قىلغاي». ئەلشىر نەۋائىي سەبردە ئېتىقاد مەنزىلىنى كۆرىدۇ. پاك بەندىنىڭ دەردى ئەلۋەتتە تەڭرىگە يېتىدۇ:

چۈن بولدى سەبۇر تەڭرى دادىغە يېتەر،
سابىر كىشى ئاقىبەت مۇرادىغا يېتەر.

سەبر بەندىنى قانچە رەنجىتىپ، قانچە قىينىمىسۇن ئۇ يەنىلا «زەفەر سارى بىشارەت» دۇر. نەۋائىي يازىدۇ:

نەفس ئۆيىگە سەبر ئىلە ئىمارەت ئاتىلا،
بىسەبرلىغىن ئانىڭ شەرارەت ئاتىلا.
شو سەبر سارى ئاتا ئىشارەت ئاتىلا.
سەبرنى زەفەر سارى بىشارەت ئاتىلا.

ۋ. سولۇۋيېف «قۇرئاندا سەبر قەلب پاكلىقى ۋە ئەخلاقىي ئەركىنى مۆتىدىل ساقلاش مەنىسىدە پۈتۈلگەن» دەيدۇ. سەبر تەلەپى تەسەۋۋۇپتىمۇ روھ ئۇلۇغۋارلىقى، قەلب پاكلىقى ۋە ئەخلاق ھۆرلۈكىنى مۇھاپىزەت قىلىش

ۋاستىسىدۇر.

سەبر تەلپى «تەۋەككۇل» تەلپىگە يول ئاچىدۇ. بۇنىڭدا ئاشىق ئۆزىنىڭ تەلپىنىمۇ، كەلگۈسىنىمۇ پۈتۈنلەي مەشۇقىغا ئەزەلگە تاپشۇرىدۇ. ئۇ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن بولىدىغان تەشۋىشنىمۇ، قايغۇنىمۇ ئەستىن چىقىرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇلۇغ پاسىبانى بار. سوراقلاردىن ساقلىنىش، شۈبھىگە ئورۇن بەرمەسلىك، شەپقەت تىلىمەسلىك، ھەدىيە ئالماسلىق - بۇلار ئاشۇ تەلەپنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدۇر.

ھەر يولغەكى كۆڭلۈڭگە ھەۋەس بولغۇسىدۇر،
تەڭرىگە تەۋەككۇل ساڭا بەس بولغۇسىدۇر.

ئايرىم ئالىملار تەۋەككۇلنى تەسەۋۋۇپنىڭ رېئاكسىئون تەرەپلىرىدىن بىرى ھېسابلاپ، ئۇنى مېھنەتكەش ئاممىنىڭ سىنىپىي تۇيغۇلىرىنى گاللاشتۇرۇپ، مەزلۇملارنى ئىنتايىن ئېغىر ئىجتىمائىي شارائىتلارغا كۆنۈپ ياشاشقا، ئىدىيىۋى پاسسىپلىققا ئۈندەيدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىشتى. بىزنىڭچە بۇ ھۆكۈم توغرا ئەمەس. ھەقىقىي تەۋەككۇلچىلەر ئۈچۈن مەردلىك، ئىمان ۋە ئىتىقات مۇستەھكەملىكى بەكمۇ مۇھىم بولغان. ئۇلار يارانقۇچىنىڭ ئۆزىنى بىردىنبىر نىجاتچى ۋە غەمخور دەپ تەن ئېلىشقان. شۇ سەۋەبتىن تەۋەككۇل يولىغا كىرگەن كىشىلەر كىملىكىدىن قەتئىينەزەر ئىنسان قىياپىتىدىكى خۇداچاقلارغا بويسۇنمىغان. نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ «بىر تاۋاق ئاش ئۈچۈن» ئىمانىنى ساتقانلارنى قاتتىق خارلىغان. نەۋائىينىڭ قىتئەلىرىنىڭ بىرىدىكى مۇنۇ پىكىرلەر بۇ سۆزىمىزنىڭ روشەن دەلىلى:

تەۋەككۇلنى ئۇلكىم ئاللىندە قويۇپ خاتىرىغە،
تۇشەر شاھ ئاللىندە قوللۇق ھەۋاسى.
نەسىبى ئانىڭ بىر ئاياق ئاش ئېرۇر بەس،
ئەگەر گەنجى قارۇن ئېرۇر موددەئاسى،
بىرەۋكىم، بولۇر بىر ئاياق ئاش ئۈچۈن قۇل،
يۈزىگە كېرەكدۇر قازاننىڭ قاراسى.

ئاخىرقى تەلەپ «رىزا» دىن ئىبارەت. رىزا - ئاسايىشلىق، ھەرقانداق كۆلپەت ۋە خۇشاللىقنى ئۆزىنى تۇتقان ھالدا، خاتىرجەم قارشى ئېلىش ئىرادىسىنى تەربىيىلەشتۇر.

قەدىمكى جۇڭگو پەيلاسوپلىرى باشقىلارغا سوغۇققانلىق بىلەن قارا، ئۆزگىلەرنى سوغۇققانلىق بىلەن ئاڭلا، مۇھاكىمە بولغاندا سوغۇققان بول، دەپ تەلەپ قىلىشقانىكەن. بۇنداق تەلەپ ئىسلامدىمۇ بار. سوغۇققانلىق قىزىققانلىقنىڭ تەتۈرى سانىلىدىغان بولسا، ئۇ - يۈزەكىلىك، ئۆزىنى تۇتالماسلىق ۋە چىدامسىزلىقنىڭ كۆشەندىسىدۇر. رىزا تەلپىدىكى سوغۇققانلىق، دانىشمەنلىك، ئىچكى ھۆرلۈك، چىدام ئوخشاش خىسلەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئاندىن ئۆز كارامىتىنى كۆرستەلەيدۇ. يۇقىرىقى تەلەپلەر تۈگىگەندىن كېيىن ئەمدى مەرىپەت باسقۇچى كېلىدۇ. مەرىپەت ئىلمىمۇ ھەقىقەتنى قوللاش ۋە ئىگىلەش، ئىنسان بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىقنى مۇكەممەل بىلىش دانالىقىدىن ئىبارەت. ئىلاھىي مەرىپەت ئاشىقنى مەلۇم دىن ياكى مۇشاھىدىلەردىن مۇتلەق يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ.

باقمە ئەي زاھىد، ھەقارەت بىرلە ئەشيا سارىكىم،
بولماغان ئانىڭ سىغاتى مەزھەرى يوق ھېچ زات.

نەۋائىينىڭ بۇ بېيىتىدە مەرىپەت «داۋانى» دىن ئۆتكەن كىشىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. چۈنكى بىلىمدە ئاشۇ يۈكسەكلىككە چىققان ئادەم ھېچقاچان زاھىدقا ئوخشاش «ئەشيا سارى» «ھاقارەت بىرلە» باقمايدۇ. بەلكى ھەممە جاي ۋە ھەممە نەرسىدە ھەق سۈپەتلىرىنىڭ ئەكسىنى كۆرىدۇ. بۇنداق كىشى بولسا دانىشمەن دېيىلىدۇ. دانىشمەنىنىڭ مەقسىتى ئۆز ئەقلى ۋە ئېتىقادىنى ئاللاغا بېغىشلاشتۇر. دانىشمەن ئىلمۇ ئىلاھىدا تەنھا، تەنھالىقتا ھەممىدىن بىلىمداندۇر. ئۇنىڭ ئەقىل نەزىرى ئۆتكۈر ۋە كەڭ. ئۇ ھېچكىم كۆرمىگەننى كۆرۈپ، ئالەمنىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنى چوڭقۇر ئىدراك قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ چۈشەنچىلىرىنى ئۆزگىلەر بىلىشكە ۋە ئۆزلەشتۈرۈشكە قادىر ئەمەس. ئەھمەد يەسسەۋى يازىدۇ:

ئارىف ئاشىق جان مۇلكىدە ئەلەم تارتسە،
ئۈن سەككىز مىڭ قاموغ ئالەم غۇلغۇل بولۇر.
كۆڭۈل قۇشى شەۋق قاناتىن تۇتۇپ ئۇچسا،
جۇملە ۋۇجۇد يادىن سايرار - بۇلبۇل بولۇر.

ھە، دانىشمەنىنىڭ ئەلىمىمۇ، زوقىمۇ «جان مۇلكىدىن» كېچىش. «جەھانۇ جاننى ئۇنىڭ سەدىقىسى» قىلىپ بولسىمۇ، «يۈز تۈمەن جانۇ جەھەندىن ياخشى جانان» ئىشقىنى خالايىقتىن پىنھان تۇتۇشتىن ئىبارەت. ئەلشىر نەۋائىي دانىشمەن تىلىدىن ھەتتا مۇنداق دەيدۇ:

ئىچىمدە سىررى ھەقىقەتنى ياشۇراي دەرئىسەڭ،
ئۆلۈشتىن، ئۇل گۆھەرى بىباھانى پىنھان تۇت.

دانالىق ئېتىقادى بويىچە ئېيتقاندا «بىلگەن سۆزلىمەيدۇ. سۆزلىگەن بىلمەيدۇ». دانىشمەن - مەرىپەت ئالىمىدىكى بىر دېڭىزكى، ئۇ ئۆز تەبىئىتىگە خىلاپ ھالدا بىرەر گەپ ئىزھار قىلمايدۇ. دېمەك، ئۇ ئاچىلىققىمۇ، توقلۇققىمۇ، بايلىق ۋە كەمبەغەللىككىمۇ، ماختاش ۋە

ھاقارەتلەرگىمۇ ئوخشاشلا پەرۋا قىلماي يۈرۈۋېرىدۇ. شۇڭا دانىشمەنلىك بۇنداق قارارلارغا كېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس:

ئۆز تىلىم چۈن ئىستەمەس رازىمنى ئىخغا
ئەيلەمەك،
ئۆزگە تىلدىن نى تەئەججۇپ بولغاي ئىخشا
ئەيلەمەك. . .
كۆز ماڭا بەس، تىلنى ئىستەرەمكىم خوب
ئەمەس،
راز ئىخشا ئەيلەمەك، بەسدۇر تەماشا
ئەيلەمەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن دانىشمەنگە ھەقتىن قانچە «گەنج فەير يەتسە»، «ئىشى دەم ئۇرمەيىن ئەنى ياشۇرماق». ئەلشىر نەۋائىي بىر قىتئەسىدە بۇ پىكىر ئىسپاتىغا شۇنداق قىياسى دەلىل كەلتۈرىدۇ:

قۇياش ئەكسى تۈشۈپ دەريا ئىچىدە،
نى مۇمكىندۇر ئانىڭ سۈۋىن تاشۇرماق.

دەر ھەقىقەت، «ئۇنتقا سالسا ئۇتدىن يانماس»، بىلىش ئازابلىرىدىن زادى تانماس مەرىپەتپەرۋەر كىشى - بۇ دانىشمەندۇر. دانىشمەن ئەسلىدە تىنماس ۋە تاشماس بىر ئېقىنلىق دەريا.

شەرىئەتتىن تەرىقەتكە ئۆتۈش، مەرىپەت باسقۇچىغا كۆتۈرۈلۈشكە قارىغاندا نىسبەتەن يەڭگىل. بىراق «تەرىقەتنى ھەقىقەتكە ئۇلاپ»، «بۇ دۇنيادىن دۇردۇ گۆھەر» ئېلىش ھەممە ئاشىقلارغا نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. «جاندىن كەچكەن خاس قۇللار» لا ھەقىقەت باسقۇچىغا ئېرىشىشنى بىلگەن. ئەھمەد يەسسەۋى ئېيتىدۇ:

ھەقىقەتنىڭ دەرياسىدىن گۆھەر ئالغان،
غەۋۋاس يەڭلىغ ئول دەريادىن چىقماس بولۇر.

بۇ يەردە گەپ فەنالىق ھەققىدە بولۇۋاتىدۇ. فەنا - تەسەۋۋۇپتىكى ئەڭ مۇرەككەپ ۋە ئەڭ ئىنچىكە مەسىلىلەرنىڭ بىرى. مىرزا پەتەلى ئاخۇندوف جەلالىددىن رۇمى ھەققىدىكى ماقالىسىدە «نەھىندى پەيلاسوپلىرى، نە ئىسلام ئالىملىرى فەنا چۈشەنچىسىنىڭ مېغىزىنى چاقالمىغان» لىقى ھەققىدە يازىدۇ. ئۆزلۈكتىن كېچىپ پۈتۈن بارلىقتا قوشۇلۇپ كېتىش غايىسى دەسلەپ بۇددا تەرىپىدىن تەشۋىق قىلىنغان دېگەن قاراشلارنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى مەلۇم. بىراق ئى. بېرتىلىس فەنا بىلەن بۇتپەرەسلىك تەلىماتى ئوتتۇرىسىدا ئومۇمىي يېقىنلىقنىڭ يوقلۇقىغا خېلى بۇرۇنلا ئىشەنچ بىلدۈرگەن.

فەنا يولى - بەندىنىڭ خۇدا تەرەپكە قىلغان سەپىرىنىڭ ئاخىرقى چېكىدۇر. بۇ ھالەت كۆپىنچە ئۆزىنى يوق قىلىش بولۇپ، ئۆلۈمگە بولغان تەبىئىي يېقىنلىشىشتۇر. ئاكادېمىك ۋاھىد زاھىدوف سوپىلارنى «ئۆلۈمدىن پىسسىمىستىك، مىستىك نەتىجە چىقىرىپ ھاياتتىن تېزرەك ۋاز كېچىشكە» دەۋەت قىلغۇچىلار دەيدۇ. ئەگەر ئومۇمىي ھۆكۈم بىلەنلا بىر تەرەپ بولىدىغان بولسا ئۇ چاغدا سوپىلار ئۆلۈمدىن ئوپتىمىستىك (ئۈمىدۋار) نەتىجە چىقارغۇچىلار دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەلشىر نەۋائىي يازىدۇ:

دېدىڭ: «فەنا نېدۇرۇر؟» مۇختەسەرەيىن
«ئۆلمەك»
كى شەرھىن تىلەسەڭ، يۈز رىسالە بولغۇسىدۇر.

فەنا دېيىلگەندە «ئۆلمەك» دېگەن بىرلا جاۋاب بىلەن چېگرالانماستىن، «يۈزلەپ رىسالە» بولىدىغان باشقا شەرھلەر بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللىنىش كېرەك.

ھاتەم دەپ ئاتىلىدىغان بىر سوپى، كىمكى تەسەۋۋۇپ تەرىقىتىگە كىرمەكچى بولىدىكەن، ئۇ مۇنداق تۆت تۈرلۈك ئۆلۈمنى تەن ئېلىشى زۆرۈر، دېگەنىكەن. بىرىنچى، ئاق ئۆلۈم (مەۋتى ئەبيەز). بۇ - ئاچلىق؛ ئىككىنچى، قارا ئۆلۈم (مەۋتى ئەسۋەد). بۇ - كىشىلەرنىڭ تۆھمەت ۋە بوھتانلىرىغا چىدام؛ ئۈچىنچى، قىزىل ئۆلۈم (مەۋتى ئەھمەر). بۇ - نەپسىنى يېڭىش؛ تۆتىنچى، يېشىل ئۆلۈم (مەۋتى ئەخزەر). بۇ - جۇلدۇردىن جەندە تىكىش. دېمەك، تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا ئۆلۈم ئوبرازلاشتۇرۇلغان ۋە ئەسلى مەزمۇنىدىن تاشقىرى يەنە بىرنەچچە مەنىلەر دائىرىسىدە مۇھاكىمە قىلىنغان. جەلالىددىن رۇمى غەزەللىرىدىن بىرىدە، «ئۆلۈمگە يۈزۈڭنى بۇرا، پەردىنى چاك ئەت. لېكىن لەھەتكە يوللىغۇچى ئۆلۈمنى ئەمەس، يېڭى روھ تۇغدۇرغۇچى ئۆلۈمنى تاللا» دەپ يازىدۇ. ئەلشىر نەۋائىيمۇ «ياد ئەتمەك ئۆلۈم يورۇقلۇق ئاھەڭگى ئىمىش» ياكى «كىم روھنى ئۆلمەك سۆزى رەۋشەن ئەيلەر» دېگەن قۇرلىرىدا رۇمى دەۋەت قىلغان «ئۆلۈم» نى، يەنى فەنانى نەزەردە تۇتقان.

ھەمزە فەنسۇرى «ئەسرارەل - ئارىپىن» ئەسرىدە «فەنا»، يەنى ئۆلۈم سۆزى خۇدادىن باشقا ھەممە نەرسىنى رەت قىلىشنى بىلدۈرىدۇ، دەپ يازىدۇ. «ئەگەر ئادەم ئۆلۈمدە ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆلۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇنى فانىي بولدى دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا خۇدادىن باشقا ھەممە نەرسە تېخى يوقىتىلمىغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ تېخى فەنا ھېسابلانمايدۇ. قاچانكى خۇدادىن باشقا ھەممە نەرسە رەت قىلىنسا شۇبھىسىزكى ئادەم ئۆزىنىڭ كىمگە

چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ، بىرلىككە ئېرىشىپ فەنالىشىدۇ». ھەمزە فەنسۇرىنىڭ بۇ پىكىرلىرىدە دىققەتكە سازاۋەر بىر مەنتىقە بار. بۇ-فەنا ۋاستىسىدە جىسمەن ئۆلۇشتىن ئۇستۇن كېلىش تۇيغۇسى. بۇ ئىنسان روھىنىڭ باقىيلىقىغا بولغان ئىشەنچتۇر. نەۋائىينىڭ شېئىرىي تەلقىنلىرىدە «فەنا» - دۇنياپەرەسلىك ۋە ھەسەتخورلۇق كۇشەندىسى، غەم-ئەندىشىلەردىن خالاس بولۇش چارىسى، شۇنداقلا دىل ۋە ۋىجدان مەنزىلى.

دېمە، نې سۇدئېرۇر ئۆلماق فەنا ھەرىمىغە خاس،
يەنە نې سۇدكېرەك ئۆزلۈكۈڭدىن ئەتسە خەلاس.
ئەۋامدىن، دېمەكىم، ئۆزنى قوتقاراي، ئەر ئېسەڭ،
ئۆزۈڭدىن ئۆزنى قۇتۇلماققا جەھد قىلغىل خاس.
كۆڭۈل ئەلىل ئىسە فارىغ ئەمەس خەۋاتىردىن،
جەراھەت ئۆزرە يىغلىماقدۇرۇر چىبىنگە خاس.
ئەجەب ئەمەستۇر، ئەگەر تاپتى گەۋھەرى مەقسۇد،
بىراۋكى بولدى فەنا ئەشكى بەھرىدە غەۋۋاس.
ئاۋۇچ قاقارمەن ئۆز ئەھۋالىمە تەھەييۇردىن،
رەمىدە كۆڭلۈم ئېرۇر بۇ ئۇسۇل ئىلە رەققاس.
دېسەڭ بۇ يولدا ئۆلەي، نەفسىنى بۇرۇن ئۆلتۈر،
كى ئىشق شەرئىدە گويا بۇ نەۋئى كەلدى قىساس.

بۇ غەزەلنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتمۇبېيىت شەرھلەپ كۆرەيلى:

1 - بېيىت: فەنا ھەرىمى ياكى ئۆيىگە كىرىشتىن مەقسەت نېمىدۇ دېمە، ئۆزلۈكۈڭدىن خالاس بولۇشتىن باشقا يەنە نېمە كېرەك ساڭا.

2 - بېيىت: ئاۋامدىن ئۆزنى قۇتقۇزاي دەپ ئويلىما، ئەر بولساڭ ئۆزۈڭدىن ئۆزنى قۇتقۇزۇشقا قەتئىي بەل باغلا.

3 - بېيىت: كۆڭۈل ئىللەتلىك بولسا ئەندىشىدىن بوغۇلىدۇ، چۈنكى جاراھەت ئۈستىگە چىۋىن يىغىلىدۇ.

4 - بېيىت: كىمكى فىراقتىن يىغلاپ فەنا بەھرىنىڭ غەۋۋاسى بولسا، ئۇنىڭ مەقسەت گۆھىرىنى قولىغا ئېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

5 - بېيىت: ئۆز ئەھۋالىمدىن ھەيران بولۇپ چاۋاك چالۇرمەن، ھۈركىگەن كۆڭلۈم بۇ ئۇسۇل بىلەن رەققاس بولىدۇ.

6 - بېيىت: ئاشىقلىق يولىدا ئۆلەي دېسەڭ ئاۋۋال نەپسىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىل، ئىشق قانۇنىدىكى ئىنتىقام ئەنە شۇ شەكىلدە بولىدۇ.

دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ فەنا مەنزىلىدە قانچىلىغان قىيىن مەسىلىلەرنىڭ تۈگۈنى يېشىلىدىكەن. ئەسلىدە فەنا ھەرىمىگە يەتكەن ئادەمدە نە ئۆزلۈكتىن، نە ئاۋامنىڭ غەيرىي دەۋەتلىرىدىن، نە كۆڭۈل ئىللەتلىرىدىن، نە نەپسى ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلۇش توغرىسىدا تەشۋىش چېكىشكە زادى ھاجەت قالمايدۇ. ئۇنىڭدا مەقسەت گۆھىرىمۇ بىللە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ئەھۋالىغا بولغان ھەيرانلىقىمۇ شۇنچە ئاشىدۇ. لېكىن شائىر فەنانىڭ يالغۇز «ئۆلۈش» تىنلا ئىبارەت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھەممە دىققىتىنى ئۇنىڭغا قارىتىدۇ. مەشھۇر ئالىم ئى. س. بىراگىنىسكى جەلالىددىن رۇمى شېئىرىيىتىدە فەنا چۈشەنچىسىنىڭ «پەۋقۇلئاددە جاسارەت بىلەن مۇھاكىمە قىلىنغان» لىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «فەنا چۈشەنچىسىنى تەكەببۇرلۇققا قارشى بولغان ساددىلىق ۋە كەمتەرلىك مەنىسىدە خاراكتېرلەش مۇمكىن. بۇ بولسا ماھىيەتتە ھەربىر ئالاھىدە ئىنسان شەخسىنىڭ ئۇلۇغلىنىشىدۇر. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ مۇرەككەپ كامالەت يولىنى بېسىپ ئۆتۈپ، خۇداغا ئوخشىشىدۇر».

ئاياسىز، جان چېكىپ، ھەرلەھزە
ئىزلەرسىز ئىلاھىنى،
ئانى ئىزلەشكە ھاجەت يوق، ئىلاھى - سىز،
ئىلاھى - سىز!

فەناغا دائىر چۈشەنچىلەرنىڭ بىرى مانا شۇ. ئەھمەد يەسسەۋى ۋە ئەلشىر نەۋائىيلار فەنا چۈشەنچىسىنى ئەنە شۇنداق يۈكسەكلىكتە شەرھلىگەن. تەسەۋۋۇپتىكى بىر قاتار مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى چۈشىنىشتە «فەنا» مۇھىم بىر ئاچقۇچتۇر. مانا، ئەلشىر نەۋائىي بىر بېيىتىدە يازىدۇ:

گەر فەنا دەشتىغە كىرگوڭدۇر سۇۋخۇد كۆز
ياشى بەس،
لېكىن ئەۋۋەل زادسىزلىق زاتىنى ئامادە
ئەت.

بىرىنچى مىسرادىكى پىكىر خېلىلا چۈشىنىشلىك. ئەمما «زادسىزلىق زاتىنى ئامادە ئەت» دېيىلگەندە نېمە توغرىسىدا ئويلىنىش كېرەك؟ توغرا، ئۇنى «ئۆزلۈكتىن كېچىش ماھىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ھازىرلان» دېگەن مەنىدىمۇ چۈشىنىش مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭدا باشقا بىر بېشارەتمۇ بار.

«پەيلاسوپلار ئېيتىدۇلەركى، - دېيىلىدۇ «مەتلەئول - ئېتىقاد» ناملىق كىتابتا، - تەڭرى ئۆز زاتىنى تەرك ئەتكەندۇر. شۇنداقلا ئۆز زاتىنى تەرك ئەتمەك ئۇنىڭغا بۈيۈك لەززەتتۇر. بىراق بۇ لەززەتتىن باشقا بىرنەرسىمۇ بولۇپ، ئۇ - زەۋق ئىرور. فەرق شۇندادۇركى، زەۋق دائىمىي، لەززەت بولسا ئۆتكۈنچىدۇر»

(مۇھەممەد پۈزۇلى. ئەسەرلەر. 5 ـ توم. باكۇ، 1985 ـ يىل). مەلۇم بولۇۋاتىدۇكى، نەۋائىي «زادسىزلىق»دا بىرىنچىدىن، تەڭرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلگە ۋە نەمۇنە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن؛ ئىككىنچىدىن، بۇ ئىشتىن تۇغۇلىدىغان زەۋقنىڭ دائىملىقلىقىغا بىشارەت بەرگەن.

فەنا توغرىسىدا گەپ بولغاندا ئىلاھىي جازىبىنىڭ رولىنىمۇ ئۇنتۇماسلىق لازىم. جازىبە ئىككى تۈرلۈكتۇر: بىرى ـ مۇقەددەسلىك. ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالار يېتىشكەن؛ ئىككىنچىسى ـ تەدرىجىيلىك. بۇنىڭدا ئىلاھىي گۈزەللىكنى ئىدراك قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان تالىپ، ھەربىر نەرسىدە مۇقەددەس روھنىڭ پارلاق يورۇقلۇق شەكلىدە چاقنىشى ئۈچۈن ئەزىيەت چېكىدۇ. شۇنداق جازىبە نەتىجىسىدە ئىنسان تەڭرىدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن نەزىرىنى تامامەن پاكلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جازىبە ئادەمنى «سۈرەتتىن مەنىگە» كۆچۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان خىيالىي شەكىللەر بىلەن مەۋھۇم كۆرۈنۈشلەرنى ئارىدىن كۆتۈرۈپ، ئۇنى ھەقىقىي پەللىگە يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەق تەجەللىسى ئاگاھ كۆڭۈلگە نۇرانە شولا چۈشۈرىدۇ. ئەھمەد يەسسەۋى يازىدۇ:

تەجەللىنى مەقامىدۇر ئەجەب مەقام،
ئول مەقامدە ئاشىق قۇللار جەۋلان قىلۇر.
قاي كۆڭۈلگە تەجەللىسى پەرتەۋ سالسا،
بىخود بولۇپ ئۆزنى بىلمەي ئەفغان قىلۇر.

تەجەللىي (جىلۋە، جۇلا) چۈشەنچىسىنىڭمۇ باسقۇچلارغا بۆلۈنىدىغانلىقى ئىلمىي ئەدەبىياتلاردىن بىزگە ياخشى مەلۇم. ئۇنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ـ تەجەللى ئەفئالدا. بۇنىڭدا ئاشىق ئۆزىنىڭ ھەممە ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەق ھەرىكەتلىرى باغرىغا سىڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ ۋە زاتى مۇتلەقنىڭ ئىنتىلىشلىرىدىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرمەيدۇ؛ ئىككىنچى باسقۇچى ـ تەجەللى سىفات. بۇنىڭدا ئاشىق نەرسىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ھەق سۈپەتلىرى ئىچىگە چۆمۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىدراك قىلىدۇ. ئۇ، بۇ چاغدا ئىلاھىي سۈپەتلەردىن باشقا سۈپەتلەرنى بايقىمايدۇ ۋە پۈتۈن بارلىقنىڭ ھەممىسىنى دوستقا دەخىلدار، دەپ ھېسابلايدۇ؛ ئۈچىنچىسى ـ تەجەللى زات. ئۇنىڭدا جىمىكى مەۋجۇدات بىردىنبىر ۋۇجۇدقا سىڭىپ غايىب بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ۋۇجۇدىي مۇتلەق بىلەن بىرلىشىش، يەنى تەۋھىد، ۋۇجۇدنىڭ ۋۇجۇد بىلەن قوشۇلۇشى ئەمەس، بەلكى ئىنسان روھنىڭ ئىلاھىي روھقا قوشۇلۇپ كېتىشىدۇر. تەسەۋۋۇپقا دائىر ئەدەبىياتلاردا تەۋھىد چۈشەنچىسى ناھايىتى ئەتراپلىق شەرھلەنگەن. تەۋھىدىي ئىمانى، تەۋھىدىي ئىلمى، تەۋھىدىي ھالى، تەۋھىدىي ئىلاھى ـ مانا بۇلار تەۋھىدنىڭ دەرىجىلىرىدۇر.

ئەھمەد يەسسەۋى ھېكمەتلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا «مەن خۇدامەن» دېگەن چۈشەنچىنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلمىگەن نادان موللىلار مەنسۇر ھەللاجنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورىغاندا تاغ، داللار «ئەنەل ـ ھەق» دەپ ئەكس سادا بەرگەنمىش. «خۇشتۇرۇر جانۇ جەھان جانان بىلە» دېگەن ئېتىقادقا سادىق ئاشىقلار ئۈچۈن ئۆلۈمدىن كېيىن يەنە ئۆلۈم يوق. شۇ مەنىدە يۇنۇس ئەمرەنىڭ مانا بۇ پىكىرلىرى ئېتىبارغا لايىقتۇر:

مىڭ يىل تۇپراقتا ياتورمەن، ھېچ
قويماسمەن ئەنەل ـ ھەقنى،
نە زامان كېرەك بولسا، ئىشق نەفەسىن
ئېلىپ كېلىمەن.
ئىشەن ماڭا كەل يېنىمغا، دوست ئېتىنى
ئېيتىپ چاقىر،
كېپەن تونىنى پارە قىلىپ، تۇپرىقىمدىن تىك
كېلىمەن.

ئىبىن ئەرەبىنىڭ تەكىتلىشىچە، تەسەۋۋۇپ باتىنەنمۇ، زاھىرەنمۇ بىر خىل ئىلاھىي ئەخلاقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەلىمات «نەپس مەنزىل»لەرنىڭ سىرلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. تەسەۋۋۇپ پەقەت ئىنسانىي، گۈزەل ۋە ھۆر ھاياتنىكى تىرىكلىكنى ياقلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئەخلاقنىڭ ھۆسنى دەپ تەرىپلىنىشىدۇ. تەسەۋۋۇپ ئەھلى ـ ساخاۋەت، ھىممەت، قانائەت، دىيانەت ۋە ئىشارەت ئەھلىدۇر. بۇلار ئىنسان خۇلقىدىكى ھەممە ئاجىزلىق ۋە يامانلىقلار بىلەن كۈرەشكۈچىلەردۇر. «بارغىن، سەن كۆڭۈل ئۆيۈڭنى زىننەتلە، مەشۇقىڭنىڭ كىرىپ كېلىشى ئۈچۈن جاي تەييارلا. قاچانكى سەن چىقساڭ، شۇ چاغدا ئۇ كىرىدۇ ۋە ئۆز گۈزەللىكىنى ساڭا سەنسىز زاھىر قىلىدۇ» دەيدۇ مەھمۇد شەبۇستەرى. بۇ غايىۋى دەۋەت تەسەۋۋۇپ بىلەن بارچە شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئىچىدىن نۇرلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

(ئاپتورنىڭ «شېئىرىيەت ۋە تەسەۋۋۇپ» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى)

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت پولات**








ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ياخشىمۇسىلەر؟

سىرداش دوستۇقلار «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 20 ياشقا تولغانلىقى اسۇتى بىلەن سىلەرگە ئوتلۇق سالام يوللايدۇ.

بۇ 20 يىل جەريانىدا «دۇنيا ئەدەبىياتى» ئۆزىنىڭ رەڭدار سەھىپىلىرى ن چەت ئەلنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش جەھەتتە «جاھاننامە»لىك ئوينىدى. شۇ نەتىجىلىرى ئاساسىدا، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1998 - «شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەت باھالانغان ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى ەۋۋەر ژۇرنال» دېگەن شەرەپلىك نامغا، 1999 - يىلى «تۇنجى نۆۋەتلىك جاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. بۇ شان - شەرەپ ئەلۋەتتە يالغۇز رىر بۆلۈمىمىز ۋە ئەدەبىي تەرجىمانلىرىمىزغىلا مەنسۇپ بولۇپ قالماي، يەنە نى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ كېلىۋاتقان كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزگىمۇ مەنسۇپ.

بىز بۇ يىلدىن باشلاپ ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىلىرىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ھەم ۇرمەنلەرنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە ەندىكىدەك سەھىپىلەرنى قوشتۇق:

1. مەلۇم بىر يازغۇچى، ئېقىم ھەمدە دۆلەت ياكى رايوننىڭ ئەدەبىياتى تلىق تونۇشتۇرۇلىدىغان مەخسۇس سەھىپە؛

2. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات روجېكى؛

3. ئوقۇرمەنلەر كۆڭلى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، «دۇنيا ئەدەبىياتى» سىلەرنىڭ ژۇرنىلىڭلار، ئۇ ەردىن ئايرىلالمايدۇ ھەم سىلەرنىڭ ۋاقتى - ۋاقتىدا قىممەتلىك پىكىرلەرنى پ تۇرۇشۇڭلارغا، شۇنداقلا داۋاملىق مۇشتىرى بولۇشۇڭلارغا موھتاج.


















际标准刊号 ISSN1004—1745 国内统一刊号 CN65—1012/1 邮发代号 58—83 零售价: 4.40元